شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت،
خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆز ئارا تەرجىمە- نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى

دىلبەر ھامۇت

# يامغۇرلۇق كېچە

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى



## ئاپتور ھەققىدە

دىلبەر ھامۇت 1966 ـ يىلى
قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1987 ـ
يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇ ـ
تىنى پۈتكۈزگەن. ھازىر قەشقەر شە ـ
ھەرلىك 10 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىش ـ
لەۋاتىدۇ.

ئۇنىڭ ھەرقايسى گېزىت، ژۇر-
ناللاردا 100 پارچىدىن ئارتۇق
شېئىر، 50 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايە ـ
لىرى ئېلان قىلىنغان. «رەھمەت سا ـ
ڭا ئاي» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى،
«يۈرەك ئىزدەش» ناملىق پوۋېست –
ھېكايىلەر توپلىمى نەشردىن چىققان.

شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت، خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆزئارا تەرجىمە ـ نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى

44-2

دىلبەر ھامۇت

# يامغۇرلۇق كېچە

(رومان)

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

图书在版编目（CIP）数据

雨夜：维吾尔文/地丽白尔·哈木提著．—乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2013.12
(新疆民族文学原创和民汉互译作品工程)
ISBN 978—7—5515—2429—2

Ⅰ．①雨… Ⅱ．①地… Ⅲ．①长篇小说—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ．①Ⅰ 247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2013）第 295727 号

责任编辑：卡丽拜努尔·卡德尔·阿尔斯朗
责任校对：依巴达提·亚森
封面设计：王 洋
木拉丁·阿比提

雨夜（维吾尔文）

作者 地丽白尔·哈木提
出版 新疆青少年出版社
地址 乌鲁木齐市北京北路 29 号
邮编 830012
发行 新疆新华书店
印刷 新疆新华印刷厂
开本 880mm×1230mm 1/32
印张 9
字数 156 千字
版次 2013 年 12 月第 1 版
印次 2013 年 12 月第 1 次印刷
印数 1—12270
定价 23.00 元

NIEDERSÄCHS.
STAATS. U. UNI.-
BIBLIOTHEK
GÖTTINGEN

# كىرىش سۆز

شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە گۈللەندۈرۈش، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەر ئىجادىيىتىگە مەدەت ۋە ئىلھام بېرىش، ھەر مىللەت يازغۇچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تەرجىمە ۋە ئالاقىنى كۈچەيتىش، ئىدىيەۋىلىكى، ئىلمىيلىكى، بەدىئىيلىكى ۋە ھۇزۇرلۇقلۇقى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن نادىر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ يوروقلۇققا چىقىرىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىش ۋە مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى 2011 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا «شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت، خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆزئارا تەرجىمە ـ نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى»نى يولغا قويۇپ، ھەر يىلى ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەدەبىي ئەسەرلىرى ۋە تەرجىمە ئەسەرلىرىنى كەڭ كۆلەمدە توپلىدى ھەم «ياخشىسىنىڭ ياخشىسىنى تاللاش»تىن ئىبارەت باھالاش ئۆلچىمى بويىچە نۇقتىلىق يۆلىدى ۋە ئۇلارنى نەشر قىلىشقا ماددىي ياردەم بەردى.

يېڭى دەۋر، يېڭى باسقۇچتا، شىنجاڭدىكى ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇش، كەڭ ئېچىۋېتىش، زور تەرەققىي

قىلدۇرۇش قىزغىن ئەمەلىيىتى بەدىئىي ئىجادىيەت ئۈچۈن پۇتمەس ـ تۈگىمەس مەنبە بولدى. شىنجاڭدىكى كەڭ يازغۇچى، سەنئەتكارلار زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە دەۋر روھى ئەۋج ئالدۇرۇلغان، ئىدىيەۋى مەزمۇنى چوڭقۇر، بەدىئىي جەلپكارلىقى كۈچلۈك، مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە شىنجاڭچە ئالاھىدىلىك گەۋدىلەندۈرۈلگەن، ھەر مىللەت ئاممىسى ياقتۇرىدىغان مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تىرىشىپ ياراتتى.

«شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت، خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆزئارا تەرجىمە ـ نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى»نىڭ يولغا قويۇلۇشى «بىر گەۋدە كۆپ مەنبەلىك» زامانىۋى مەدەنىيەتنى يېتىلدۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، «نادىر ئەسەرلەرنى يارىتىش، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش، ئاساسىي قاتلامغا مۇلازىمەت قىلىش» خىزمەت نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيىتىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇش، رايون ئالاھىدىلىكىگە ئىگە مەدەنىيەتنى تارقىتىش، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، ۋەتەنپەرۋەرلىك يادرو قىلىنغان مىللىي روھ ۋە ئىسلاھات ـ يېڭىلىق يارىتىش يادرو قىلىنغان دەۋر روھىنى جانلاندۇرۇش، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىجىل ـ ئىناق ئۆتۈپ، بىر نىيەتتە ئىناق تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، گۈزەل يۇرت ـ ماكانىنى ئورتاق قۇرۇپ چىقىشتا مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

«شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە

ئاز سانلىق مىللەت، خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆزئارا تەرجىمە ـ نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى» مەجمۇئەسى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت يازغۇچىلىرى ئىجاد قىلغان دەۋر ئۆزگىرىشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، شىنجاڭچە روھ گەۋدىلەندۈرۈلگەن، مىللىي مەدەنىيەت ئەۋج ئالدۇرۇلغان، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ قاينام ـ تاشقىنلىق رېئال تۇرمۇشى نامايان قىلىنغان نادىر ئەسەرلەر بولۇپ، ئۇلار ھېكايە، شېئىر، نەسر، ئوبزور، ئەدەبىي ئاخبارات، باللار ئەدەبىياتى قاتارلىق تۈرلۈك ئەدەبىي ژانىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەر يىلى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ باھالىشىدىن ئۆتكەن بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئىجادىي ۋە تەرجىمە ئەسەرلەر ياردەم مەبلىغى بىلەن نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، جامائەت پاراۋانلىقى خاراكتېرىدىكى مەدەنىيەت خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى سۈپىتىدە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ئالىي، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە ۋە ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت ئورۇنلىرىغا تەقدىم قىلىندى ھەمدە شىنخۇا كىتابخانىسى ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەتكە تارقىتىلىپ، ھەر مىللەت يازغۇچىلىرى، ئوقۇرمەنلىرى ۋە ئاساسىي قاتلام ئاممىسىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

«شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت، خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆزئارا تەرجىمە ـ نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى»نىڭ يولغا قويۇلۇشى شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت باغچىسىنى تېخىمۇ كۆركەم تۈسكە كىرگۈزۈپ، شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ۋە ئۇزاق ئەمىنلىكىنى

ئىلگىرى سۈرىدىغان كۈچلۈك مەنىۋى كۈچكە ئايلانغۇسى. بۇنىڭدىن كېيىنكى يۇلەش ۋە تۈزۈش ـ تاللاش خىزمىتىدە بىز ئاشكارا، ئادىل، لىللا بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۇزاق ئۈنۈملۈك خىزمەت مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈپ، سۈپەت ئۆتكىلىنى يەنىمۇ چىڭ تۇتۇپ، دۆلەت ئىچىدە مەشھۇر بولغان بىرىنچى قاتاردىكى داڭلىق ئەدەبىيات ماركىسىنى يارىتىش، ئىدىيەۋىلىكى، ئىلمىيلىكى، بەدىئىيلىكى، ھۆزۈرلۈقلۇقى يۇقىرى بولغان بىر تۈركۈم نادىر ئىجادىي ئەسەر ۋە تەرجىمە ئەسەرلەرنى يارىتىشقا كۈچ سەرپ قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ كۆپ تەرەپلىك، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ خىل مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى ئۈزۈكسىز قاندۇرىمىز، دەۋرنى كۈيلەپ، خەلقنى مەدھىيەلەپ، قەھرىمانلارغا ئابىدە تىكلەپ، ھەر مىللەت ئاممىسى جۇشقۇن يۇقىرى ئۆرلەۋاتقان گۈزەل داستاننى بىرلىكتە يېزىپ چىقىپ، مەدەنىيەتنىڭ سېھرىي كۈچىنى ئاشۇرۇش، شىنجاڭنىڭ ئوبرازىنى تىكلەش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشىمىز.

«شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت، خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆزئارا تەرجىمە ـ نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى» رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى

2013 ـ يىلى 10 ـ ئاي

# مۇندەرىجە


بىرىنچى قىسىم مۇقەددىمە ............................ 1
ئىككىنچى قىسىم ئانامنىڭ خاتىرىسى ............ 19
ئۈچىنچى قىسىم دادامنىڭ خاتىرىسى ............ 157
تۆتىنچى قىسىم خاتىمە ............................ 278

## بىرىنچى قىسىم

# مۇقەددىمە

بالىلىق دەۋرىم يېزىدا ئۆتكەن بولسىمۇ، ئائىلىمىز كۆپ جەھەتتىن باشقا ئائىلىلەردىن پەرقلىنىپ تۇراتتى. كۆنبويى چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ئاپتاپقا قاقلىنىدىغان ياكى سەگىدەيدىغان ئانامنىڭ ئاجايىپ چىرايلىق سىيماسى، دادامنىڭ ھەمىشە مۇڭغا چۆككەندەك كۆرۈنىدىغان غەمكىن كۆزلىرى... شەھەرلىكلەرنىڭ قەدىمىي ۋە زامانىۋى مەدەنىيىتى سىڭگەن ياسىداق ئۆيلىرىگە ئوخشاش ئۆيىمىز، ئازادە، پاكىز ھويلا - ئارانلىرىمىز، تەشتەك - تەشتەكلەردە پورەكلەپ ئېچىلىپ كەتكەن سەبدەرگۇل، رەيھانگۇل، تاجىگۇللەرنىڭ خۇش پۇراقلىرى، پېشايۋانىنىڭ ئۇدۇلىدىكى باراڭدا ساڭگىلاپ تۇرغان راسا ئوخشىغان ساپاق - ساپاق ئۈزۈملەر... بالىلىق قەلبىمگە چوڭقۇر ئورناپ كەتكەن، مەڭگۈ ئەستىن چىقمايدىغان شېرىن خاتىرىلەر ئىدى.

سىر - ھەيۋىسى كىشىنى ئەيمەندۈرسىمۇ، ئائىلىدىكىلەرگە، بولۇپمۇ كىچىكلەرگە تولىمۇ كۆيۈنىدىغان سۆيۈملۈك بوۋام؛ رايىش، ئەزەلدىن ئاچچىقلىنىشنى بىلمەيدىغاندەك تەسىر بېرىدىغان

مېھرىبان مومام، يۈرىكى يىغلاپ تۇرسىمۇ، چىرايىدىن كۈلكە كەتمەيدىغان، ئانام ئۇچۇن ئىسسىق باغرىنى كەڭ ئاچقان دىلكەش ھامىلىرىم، بىر ـ بىرىدىن سۆلەتلىك، مەغرۇر تاغىلىرىم... ئۇلارنىڭ يات ـ يات ماشىنىلىرىنى ھەيدەپ كېلىپ، ئانامنى ئۇنىمىغىنىغا قويماي ماشىنىسىنىڭ ئالدى ئورۇندۇقىدا، بىزنى كەينىگە ئولتۇرغۇزۇپ، شەھەر كوچىلىرىنى سائەتلەپ ئايلاندۇرۇشلىرى، كۆرۈش تۇگۇل، ئاڭلاپمۇ باقمىغان ئېسىل تاماقخانىلاردا مېھمان قىلىشلىرى... ساددا، كەمبەغەل يېزا باللىرى ئالدىدا ئۆزىمىزنى كۆز ـ كۆز قىلىشتىكى ئەڭ چوڭ دەسمايىمىز ئىدى.

كۇنبويى تالادىن كىرمەي ئوينايدىغان، بەڭباشلىقى، كەپسىزلىكى بىلەن داڭ چىقارغان ئاكىلىرىمنىڭ قانداق خىيالدا ئىكەنلىكى ماڭا قاراڭغۇ. ئەمما، ئائىلىمىزدىكى شۇ باياشاتچىلىقنىڭ كەينىدە زادىلا تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان تولىمۇ كۆڭۈلسىز، ئازابلىق كەيپىيات ھۆكۈم سۈرەتتى. يېشىمنىڭ كىچىك بولۇشىغا قارىماي، بەزىدە ئىچىم تىتىلداپ، شۇنچىلىك پەرىشان بولاتتىمكى... بەزى ئىشلارنىڭ سەۋەبىنى پەقەتلا چۈشەنمەيتتىم ھەم چۈشەنگۈدەك ياشتىمۇ ئەمەس ئىدىم...

ماڭا ئانام بۇ دۇنياغا چەكسىز پەپىلەشلەر، ئەركىلىتىشلەر ئۈچۈنلا يارالغاندەك، بىراق دادام بولسا جەبىر ـ جاپا ئىچىدە ياشاش ئۈچۈنلا تۆرەلگەندەك ئىدى. ئانامنى چوڭ ـ كىچىك ھەممىلا ئادەم ياخشى كۆرەتتى، ئاسرايتتى. ئۇ بوۋامنىڭ ئارزۇلۇق قىزى بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ ياكى قىزلارنىڭ ئەڭ كىچىكى بولغانلىقى

ئۇچۇنمۇ ۋە ياكى تەقدىرنىڭ رەھىمسىز چاقچىقى تۈپەيلى، كىچىك تۇرۇپلا كىسەل چىرمىۋالغانلىقى ئۈچۈنمۇ، ھەممىلا ئادەم ئۇنىڭ غېمىنى يەيتتى، ھەممىلا ئادەم ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلاتتى، كۆڭۈل بۆلەتتى، بوۋاقلاردەك پەپىلەيتتى. دادامغۇ ئانامنى جېنىدىن ئەزىز كۆرەتتى، ئۇنى بېقىش ئۈچۈن يېشى توشمايلا پېنسىيەگە چىقىۋالغانىدى. ئەتىدىن كەچكىچە ئۆي، ئائىلە، بالا، ئايال دەپ چېپىپ يۈرگىنىگە، چارچاپ كەتكىنىگە قارىماي، ئانامنى زادىلا خاپا قىلمايتتى. كۆڭلىگە ئازار بەرمەيتتى.

ئانام ناھايىتى چىرايلىق، ئەمما مىجەزى ئىتتىك ئايال ئىدى. بىزگە ئانىمىزنى خاپا قىلماسلىقنى، چارچىتىپ قويماسلىقنى ھەر ۋاقىت جېكىلەپ تۇرىدىغان چوڭ ئانامنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئانام ئىككى ئاكامنى تۇغقاندا تېنى بەكلا ساغلام ئىكەن. بىر كۈنى كۆز تەگكەندەك ئىش بوپتۇ. ئانىمىز پەشتاقتىن چۈشۈۋېتىپ، ئۆزىچىلا كەينىگە ئۇچۇپ كېتىپتۇ. نە كۆزى تورلاشقاننى، نە بېشى قايغاننى بىلمەيدىكەن.

ھېلىمۇ ياخشى شۇ كۈنى دادام ئۆيدە ئىكەن، گۈلدۈر ـ غالاپنى ئاڭلىغان دادام كارىدورغا چىقىپ ئانامنىڭ يەردە ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى كۆتۈرگىنىچە دوختۇرخانىغا قاراپ چېپىپتۇ. ئانامنىڭ ئارقا مېڭىسى ئوبدانلا زەخىم يېگەنىكەن. دوختۇرنىڭ ئېيتىشىچە، ئانامنىڭ ھايات قېلىشى بىر مۆجىزە ئىكەن. پۇلنىڭ سۇدەك خەجلىنىشى، تاغاملارنىڭ ئۇيان ـ بۇيان قاتراپ يۈرۈپ تاپقان قىممەت باھالىق دورا ـ ئوكۇللىرى، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كۆڭۈل قويۇپ داۋالىشى

نەتىجىسىدە، ئانام ئاستا ـ ئاستا ساقىيىشقا باشلاپتۇ. بىراق، ئانامنىڭ مىجەزى بىراقلا ئۆزگىرىپ ساقىيىپتۇ. ئانام بەزىدە ھېچكىمگە تۇتۇق بەرمەي سارائلاردەك ۋارقىراپ ـ جارقىراپ ئۆيىنى بېشىغا كىيەتتى، بەزىدە قوللىرىنى شىلتىپ، كۆزلىرىنى ئالايتىپ ھېچكىم چۈشەنمەيدىغان بىرنېمىلەرنى دەپ شىكايەت قىلىپ يىغلايتتى. بەزىدە شۇنچىلىك جىمىغۇرلىشىپ كېتەتتىكى، بىر نۇقتىغا قاراپ سائەت ـ سائەتلەپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. بوۋام ـ مومام، تاغاملارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم قىلىشى بىلەن ئانامنىڭ سالامەتلىكىنى دەپ سەھراغا كۆچۈپ باردۇق. سەھرادىكى ساپ ھاۋا، يارقىن قۇياش نۇرى، ياپيېشىل دەرەخزارلىق، سۈپسۈزۈك سۇلار... ئانامغا كۈچ ـ قۇۋۋەت، ئاراملىق بېغىشلايتتى.

ئانام ھېلى ئوڭدەك، ھېلى سارائدەك يۈرۈپ، ھەممەيلەننى ساراسىمە، غەمگە سېلىپ، كۆزلىرىنى ياشلاپ ياشاۋاتقان كۈنلەردە ئويلىمىغان ئىش يۈز بېرىپتۇ: مەن قورسىقىدا قاپتىمەن. دادامنىڭ بېشى ساڭگىلاپ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئەمما، دوختۇرلار مۇشۇ ھامىلىدارلىق تۈپەيلى، ئانامنىڭ كېسىلى ياخشىلىنىپ قېلىش مۇمكىنچىلىكىنىڭ بارلىقىنى ئېيتقاچقا، مەن پۈتۈن ئائىلىدىكىلەرنىڭ ئۈمىد يۇلتۇزىغا ئايلىنىپتىمەن... ئانامنىڭ مېنى تۇغۇش ئۈچۈن قانچىلىك جاپا چەككەنلىكى، ئائىلىدىكىلەرنىڭ ئانامنى تىنچ ـ ئامان تۇغدۇرۇش ئۈچۈن قانچىلىك بەدەل تۆلىگەنلىكىنى تەسۋىرلەش تولىمۇ قىيىن... ھەرھالدا ئانام بارا ـ بارا ئەسلىگە كېلىشكە باشلاپتۇ. مومام ئانا ـ

بالا ئىككىمىزنى بارلىق مېھىر - مۇھەببىتى بىلەن پەرۋىش قىپتۇ...

پۈتۈن جىسمى ساداقەتتىن، مېھىر - ۋاپا، كۆيۈمچانلىق بىلەن يۇغۇرۇلغان دادام ئائىلىسى ئۈچۈن كۆپ جاپا چېكەتتى. ھويلا - ئارانلارنى تازىلاش، كىر - قات يۇيۇش، تاماق ئېتىش، دورا قاينىتىش، مېھمان كۈتۈش، ئىشقىلىپ ھەممە ئىش دادامنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەندى. قاچانلا قارىسىڭىز دادامنى ئانامنىڭ گەجگىلىرىنى ئۇۋۇلاپ، پۇت - قوللىرىنى تۇتۇۋاتقان ھالەتتە كۆرەتتىڭىز. نورمال ئەھۋالدا تاماق ئېتىپ، بىزگە مېھرىبانلىق قىلىپ ھالى قالمايدىغان، بوۋام - مومام، ھامما - تاغىلىرىمغا بەكمۇ كۆڭۈل بۆلىدىغان، كېسىلى توغرىسىدا پەقەت ئېغىز ئاچمايدىغان، كېسىلى قوزغالغاندا بولسا قورقۇتۇپ ھالىمىزنى قويمايدىغان ئانام گويا ئائىلىمىزدە ئەمەس، باشقا بىر دۇنيادا ياشاۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. بۇنداق چاغلاردا ئانام بەزىدە زادىلا گەپ قىلمايتتى، چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇۋېلىپ، يىراقلارغا نەزەر سالغىنىچە ئۆزىنىڭ خىيالىي ئالىمىگە سەپەر قىلاتتى. ئەركىلەشلىرىمىزمۇ، يىغلاپ خەقىشلىك قىلىشلىرىمىزمۇ، ھەتتا ۋارقىراپ - جارقىراشلىرىمىزمۇ ئۇنىڭ دىققىتىنى قوزغىيالمايتتى. ئۇنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىش تولىمۇ تەس ئىدى. دادام ئۇنىڭغا كىتاب ئوقۇپ بەرگەن، قوللىرىنى سىلاپ ياكى مۈرىلىرىنى يېنىك تۇتۇپ ئاللىنېمىلەرنى دەپ تەسەللى بەرگەن ۋاقىتلاردىمۇ، ئانام ئەنە شۇنداق ئىپادىسىز تۇراتتى. بەزىدە دادامغا شۇنداق سوغۇق، پەرۋاسىز ھالەتتە نەزەر تاشلايتتىكى، دادامنىڭ يۈرىكى

ھەسرەتتىن توختاپ قىلىشقا تاسلا قالاتتى... دادام ئۈمىدسىزلەنگەن، روھى سۇنغان ھالدا بېشىنى ئېگەتتى.

بەزىدە شۇنداق قاباھەتلىك كۈنلەرمۇ بولاتتىكى، بۇ كۈنلەرنىڭ بالىلىق قەلبىمگە سالغان قايغۇلۇق ئىزناسى سەۋەبلىك ھازىرغىچە كۆز ياشلىرىم يامغۇردەك توختاۋسىز تۆكۈلۈپ، يۈرىكىم چىدىغۇسىز ئاغرىپ كېتەتتى. مۇشۇ مىنۇتتىمۇ ئۆزۈمنى چەكسىز كەتكەن يارغا غۇلاپ كېتىۋاتقاندەك، ھەمراھسىز، ياردەمچىسىز، باشپاناھسىز قالغاندەك، پۈتكۈل دۇنيادا ماڭا كۆڭۈل بۆلىدىغان، دەردۇھالىمغا يېتىدىغان بىرمۇ يېقىن ئادەم يوقتەك، ھەتتا مەڭگۈ بولمايدىغاندەك ئۆزۈمنى ئاجايىپ يېگانە ۋە غېرىب، تايانچىسىز، يار ــ يۆلەكسىز ھالەتتە سېزەتتىم...

گۈزەل ئايدىڭ كېچىدە، ساپ ھاۋادىن قانغۇچە ھۇزۇرلانغاچ گۈللەرنى پۇراپ ئولتۇرغان ئانام تۇيۇقسىزلا چاچلىرىنى يۇلۇپ، ۋارقىراپ ــ جارقىراپ پۈتۈن مەھەللىنى بېشىغا كىيەتتى. چىرايىنى قايغۇ ــ ھەسرەت قاپلاپ، كۆزلىرى قورقۇنچلۇق تۈس ئالاتتى. قولىغا چىققاننى چېقىپ، ئالدىغا ئۇچرىغاننى تېپىپ ھەممىنى ئۇكتەي ــ توكتەي قىلىۋېتەتتى. چاچلىرىنى تۇتام ــ تۇتام يۇلاتتى، دادامنىڭ پەپىلەشلىرى، يېلىنىپ ــ يالۋۇرۇشلىرىمۇ كار قىلمايتتى. ئىككى ئاكام، دادام ئۈچى بىرلىشىپ، قول ــ پۇتىغا ئېسىلىپ، مەھكەم چىرمىۋالغاندىن كېيىن ئۆيگە سۆرەشتۈرۈپ ئەكىرەتتى. دادام تەرلەپ ــ پىشىپ يۈرۈپ ئانامغا دورىسىنى مەجبۇرىي ئىچكۈزەتتى. بۇنداق ئەھۋاللاردا زىيادە كۈچلىنىپ كېتىدىغان ئانام دورىسىنى ئىچمەسلىك

ئۇچۇن مىلىڭ تۇرلۇك زۇلۇملارنى سالاتتى. چىنىلەر چېقىلىپ، دورىلار تۆكۈلۈپ كۆرپە ـ گىلەملەر رەسۋا بولۇپ كېتەتتى. ئانام تىپىرچەكلەپ، ۋارقىراپ، يىغلاپ، گىلەرنىدۇر تىللاپ بىرھازا ئەسەبىيلەشكەندىن كېيىن ھېچنېمىنى تۇيماي ئۇيقۇغا كېتەتتى. ئەتىسى ھارغىن، تولىمۇ روھسىز ھالدا ئويغىناتتى. داۋامغا پۇت ـ قولىدا ماغدۇر قالمىغانلىقىنى، كۆڭلى ئېلىشىپ، بېشى قېيىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ قاقشايتتى. يىلدا بىرنەچچە قېتىم تەكرارلىنىدىغان بۇ كۆرۈنۈش بالىلىق قەلبىمىزدىكى بارلىق گۈزەللىكلەرنى، خۇشاللىقلارنى تامامەن بىتچىت قىلىۋەتكەن، بىزنى مەڭگۈلۈك قايغۇغا مۇپتىلا قىلغانىدى... ئانامنىڭ مەرمەردەك سۇپسۇزۇك بويۇنلىرىغا، پۇتكۈل ئەتراپقا يېيىلغان، چۇۋۇلغان، قاپقارا چاچلىرىغا، بوۋاقلاردەك خاتىرجەم ئۇخلاۋاتقان تۇرقىغا قاراپ، ھېچكىممۇ ئۇنى ئەقلىدىن ئازغان ئايال دەپ ئويلىمايتتى. بۇنداق چاغلاردا ھېرىپ ھالىدىن كېتەيلا دېگەن، چىرايىنى چەكسىز ئۈمىدسىزلىك قاپلىغان دادام ئەرلەرگىلا خاس بولغان غايەت زور چىدام بىلەن: «دورا ـ ئوكۇللار ئۇنۇمىنى كۆرسەتسىلا، ئاناڭلار پات ئارىدا ياخشىلىنىپ كېتىدۇ» دەپ بىزنى بەزلەيتتى. دادامنىڭ تەسەللىسى، كۆڭلىمىزنى ياساشلىرى، تولۇق ئىشەنچ بىلەن قىلغان سۆزلىرى بىزگە مەدەت بولۇپ ئاستا ـ ئاستا غەمدىن خالاس بولۇپ بالىلىقىمىزغا قايتاتتۇق...

بىر كۈنى توختىماي يامغۇر ياغدى. ئەتىسى، ئۆگۈنى يەنە ياغدى. ئىشىك ئالدىدىكى ئۆستەڭنىڭ سۈيى ئۇلغايغان ھەم لېيىپ كەتكەنىدى. يوللار ئېگىز ـ پەس،

ياتقاق بولۇپ، تەرەپ ـ تەرەپتە سەللەر ئاقاتتى. ھاۋا سوغۇق قىش كۈنلىرى ھەم يامغۇر ياغقان كۈنلەردە ئاسانلا ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالىدىغان، ھەتتا زادىلا ئۆرە تۇرالمايدىغان ئانامنىڭ ئەھۋالى بۈگۈن باشقىچىلا يامان كۆرۈنەتتى. چىرايى تاتىرىپ كەتكەن، ئاۋازىمۇ ھالسىز ۋە تىترەپ چىقاتتى. ئۆينىڭ تېلېفونى ھېلىدىن ـ ھېلىغا ئەنسىز جىرىڭلاپ تۇراتتى. دادام ئەلەمگە تولغان كۆزلىرىنى ئانامغا تىكىپ، ئاغرىنغان ھالدا:

— تۈنۈگۈنلا دوختۇرخانىغا بارىدىغان ئىشتى، جاھىللىق قىلىپ ئۇنىمىدىڭ. ئۆزۈڭمۇ يەتكۈچە قىينالدىڭ، مېنى، بالىلارنى ئويلاپ قويساڭ بولمامدۇ؟ نېمىشقا گەپكە كىرمەيدىغانسەن؟ مېنىڭ گېپىم ئۆتمىگەندىكىن، ئىنىڭنى چاقىرتىشقا مەجبۇر بولدۇم. ئادەمنى گۇناھكار قىلىپ... — دېدى.

دادامنىڭ يىغلىۋېتىشكە تاسلا قالغان ئەپتىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتۇق. قانداقتۇر بىر شۇملۇقنىڭ شەپىسىنى سەزگەندەك بولاتتىم. ئانام بۇ سۆزلەرگە قىلچە ئىنكاس قايتۇرمىدى. ئۇنىڭچە كىچىك تاغام جىددىيلەشكەن، قاپاقلىرى ساڭگىلىغان ھالدا بىر دوختۇر ئاغىنىسىنى باشلاپ كىردى. ئۆينى بىر خىل بۇرۇقتۇملۇق قاپلاپ تۇراتتى. ئاجايىپ مۇدھىش، ئاجايىپ قورقۇنچلۇق بىر ۋەھىمە تەرەپ ـ تەرەپتىن سىقىدىلىپ كىرىپ، بۇلۇڭ ـ بۇلۇڭلارغا تارقىماقتا ئىدى. ئۆي دورا، ئىسپىرت پۇرىقىغا تولدى. دوختۇر بىرھازا ھەپىلەشكەندىن كېيىن تاغامغا:

— بىرەر قۇر تەكشۈرۈپ كۆردۈم. يۈرەك ھەرىكىتى

نورمال ئەمەس، كېسىلى خېلى ئېغىر دەك قىلىدۇ، تېزدىن دوختۇرخانىغا يۆتكەيلى...— دېدى.

دوختۇر پەس ئاۋازدا سۆزلىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ گېپىنىڭ تېگىگە يېتىپ بولغانىدۇق. تاغامىنىڭمۇ، دادامنىڭمۇ چىرايى سارغىيىپ كەتتى. شۇ ئارىلىقتا مەن تاغامنىڭ ئالاھىدە بىر نەزەر بىلەن دادامغا قاراپ ئاچچىق كۈلگەنلىكىنى، دادامنىڭ بۇ سەۋەبتىن تېخىمۇ جىددىيلىشىپ، ئۆزىنى قويىدىغانغا جاي تاپالماي قالغانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. گۇناھسىز ئىكەنلىكىگە قارىماي، ھەمىشە ئازار يەپلا يۈرىدىغان دادامغا بەكلا ئىچىم ئاغرىدى. ئانامنى ئېلىپ ماڭغاندا ئۇنىڭ بىز بىلەن خوشلاشقۇدەك، گەپ قىلغۇدەك ھالىمۇ قالمىغانىدى. پەقەت بىزگە تەلمۈرگەن، ئۇنىسىز تىكىلگەن نۇرسىز كۆزلىرىدىن قىيالماسلىق، پۇشايمان، تارتىنىش، ھەسرەت ئارىلىشىپ كەتكەن ئاداققى نۇرنى كۆرگەندەك بولدۇم... شۇنداق قىلىپ، بىز ئۈچ بالا كۆزلىرىمىزنى ياشلىغان ھالدا ئۆيدە قالدۇق. شۇ كۈنى يامغۇر توختىماي ياغدى، خۇددى ئاسمان تېشىلىپ كەتكەندەكلا... كېيىن بىردىنلا چاقماق چېقىپ، بوران چىقتى. بۇ بورانلىق يامغۇر ئۆيدە قالغان ئۈچىمىزنى ھارغۇچە قورقۇتۇپ، ھېچ ھالىمىزنى قويمىدى. دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ئاجىز شاخلىرىنىڭ غاراسلاپ سۇنۇشلىرى، ئىشىك ـ دېرىزىلەرنىڭ جالاقلاپ تىترەشلىرى، ئۇدۇل تامنى بويلاپ چۇشۇۋاتقان يامغۇر تامچىسى بىز ئۈچۈن مەڭگۇ ئەستىن چىقمايدىغان قاباھەتلىك چۈشكە ئايلاندى...

ئانامنىڭ يامغۇر يېغىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە

تارتىدىغان ئازابلىرى، قول ـ پۇتلىرىنىڭ چىدىغۇسىز ئاغرىشى، بوغۇملىرىنىڭ، پەيلىرىنىڭ تارتىشىپ قېلىشى... قىسقىسى، بارلىق كۆلپەتلىرى شۇ يامغۇرلۇق كېچىدە ئاخىرلاشتى. ئۇنىڭ نازۇك جىسمى مەڭگۈلۈك خاتىرجەملىككە ئېرىشتى...

ئۇ چاغدا مەن ئەمدىلا بەش ياشقا كىرگەنىدىم. بوۋام ـ مومامنىڭ تۇغقانلارنىڭ ۋە بىر بۆلۈكىدا گۇناھكارلارچە بېشىنى ساڭگىلىتىپ تۇرغان دادامنىڭ يۈرەكنى تىترەتكۈدەك يىغا ـ زار، نالە ـ پەريادلىرىنى ئاڭلىغان، ئۆزۈممۇ يىغلىغاندەك قىلغان. لېكىن، ھېچ نەرسىنى ھازىرقىدەك تولۇقى بىلەن ھېس قىلمىغانىدىم. خېلى كۈنلەرگىچە ئانامنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىگە پەقەتلا ئىشەنگۈم كەلمىگەن، ئانام قانداقتۇر ئالدىراش ئىشلار بىلەن سىرتلاردا يۈرگەندەك، ھامان بىر كۈنى قايتىپ كېلىدىغاندەك، ھەتتا گۈلدەك چىرايى، ئىللىق كۆلۈمسىرەشلىرى، سەل ـ پەل غەلىتە قىياپەتلىرى ۋە ھەرىكەتلىرى بىلەن قوش قاناتلىق دەرۋازىمىز تۈۋىدە بىزنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، بىزنى ھېلىلا باغرىغا باسىدىغاندەك، بەزىدە كىچىك باللاردەك ۋىلىقلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ، بەزىدە سەۋەبسىزلا، مەقسەتسىزلا يىغلاپ تۇرۇپ، بەزىدە ھەممە نەرسىگە يات ۋە پەرۋاسىز ھالەتتە نەزەر تاشلاپ، بىغەملەرچە ياشايدىغاندەك، بىزدىن زادىلا ئايرىلمايدىغاندەك تۇيغۇدا بولغانىدىم...

ئانامنىڭ پۇلدار، مېھىر ـ مۇھەببەتنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان قېرىنداشلىرى ئالدىدا ئەسلىدىمۇ تەڭقىسلىقتا قالغاندەك، ئۆزىنى بىردىنبىر ئەيىبكاردەك سېزىدىغان دادام ئانام ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن تېخىمۇ

غېرىبسىنىپ قالدى. چوڭلاردىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان، مۇمكىنقەدەر كۆرۈشمەسلىكنىڭ، ئۇچرىشىپ قالماسلىقنىڭ قازىنىنى ئاسىدىغان بولۇۋالدى. ئۇ ئانام ئۇچۇن كۆيۈپ ـ پىشىپ خىزمەت قىلغان، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ياشىغان، ياشلىقىنى، جاسارىتىنى، ساداقىتىنى، ۋۇجۇدىدىكى بارلىق مۇھەببىتىنى ئانامغىلا ئاتا قىلغان ئەمەسمىدى؟ ئۇنىڭ گۇناھى زادى نېمە؟ نېمىشقا ھە دېسىلا ئۆزىنى ئەيىبلەيدۇ؟ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قول ئىلكىدە يوقلۇقى، بىزگە ۋاپادارلىق يەتكۈزەلەيدىغان كۆيۈملۈك تۇغقانلىرى بولمىغىنى ئۇچۇنمۇ؟... ئۇزاق يىللاردىن بۇيان ساناقسىز نېمە ئۇچۇنلەرگە جاۋاب تاپالماي بىئارام بولۇپ ياشىدىم. پەرزەنتلىرىنىڭ ياخشى كۈن كۆرۈشىنى كېچە ـ كۈندۈز تىلەيدىغان، شۇنىڭدىن باشقىنى ئويلىمايدىغان، ئەمما ئانامنىڭ دەردىدە ئىچ ئاغرىقى تارتقان بوۋام ـ مومام تەقدىرگە ئاخىر بويسۇندى. زورمۇزور تاماق يەيدىغان، كۈلىدىغان، تالا ـ تۈزلەرگە چىقىدىغان، تاغىلىرىمنىڭ ماشىنىسىدا شەھەر كوچىلىرىنى ئايلىنىدىغان بولدى. ئۇلار ھەتتا مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن دادامنى ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي ئۆيلەپ قويىدى. «ئەتە توي بولىدۇ» دېگەن كۈنىنىڭ ئالدىنقى ئاخشىمى ھاۋا تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ، يامغۇر يېغىپ كەتتى... يامغۇرلۇق كېچىدىن ئەزرائىلدىن قورققاندەك قورقۇپ تۇرسامۇ، نېمىشقىدۇر ئانامنىڭ كېسەلدىن سارغايغان، ئەمما سەنئەت بۇيۇمىغا ئوخشاش سىيماسى كۆز ئالدىمغا كېلىۋالدى. ئىچىمنى بىرنەرسە كولاپ يەۋاتقاندەك تىت ـ تىت بولۇپ كېتىۋاتاتتىم. ئاخىر چىداپ بولالماي سىرتقا چىقتىم. نېمىنى كۆردۈم؟ دادام

پېشايۋاندىكى ئانام ئولتۇرىدىغان سۇپىدا ياستۇقنى قۇچاقلاپ يۆكۈنۈپ ئولتۇرغىنىچە بوغۇلۇپ - بوغۇلۇپ يىغلاۋاتاتتى. يۈرىكىم شۇنچىلىك ئېچىشتىكى... شۇ تاپتا قارىغاي كەبى تەسىر بېرىدىغان دادام شۇ كېچە ماڭا بەكمۇ بىچارە، بەكمۇ ئاجىز كۆرۈندى... ئۇنىڭ پۈتكۈل تۇرقىدىن خاپىلىق، پۇشايمان، ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ھەسرەت - نادامەت تۆكۈلۈپ تۇراتتى...

مەن بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن خۇددى چوڭلاردەك دادامنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردۇم، ئاندىن ئۇنىڭ بېشىنى كىچىككىنە قۇچىقىمغا ئالدىم، ئاندىن ئىككىمىز قانغۇچە، ھاردۇقىمىز چىققۇچە يىغلىدۇق. كۆڭۈلسىز ھەم زېرىكىشلىك يامغۇر ئانام ھەمىشە سەگىدەيدىغان ياكى ئاپتاپسىنىدىغان يەرلەرگە رەھىمسىزلىك بىلەن قۇيۇلاتتى. ئانام ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئىسكەتىدىن قالغان ھويلا، غازاڭ تاشلىغان دەرەخلەر، سولاشقان گۈللەر، توپا باسقان پېشايۋاننىڭ بۇلۇڭىغا قويۇلغان ساندۇق... ھەممە - ھەممە نەرسىنىڭ پەركايى ئۇچقانىدى. شۇنداقتىمۇ يامغۇر ئانام ئۇچۇن ھېچنېمىسىنى ئايىمىغان، ئانام ئۇچۇنلا ياشىغان، ئانام ئۇچۇن بارلىقىنى ئاتا قىلغانىدى. يامغۇر مېھرىبان، دەردمەن كىشىلەرنىڭ يۈرىكىدىن ئۇرغۇپ چىققان ھەسرەتلىك ياشلاردەك توختىماي تامچىلايتتى...

بوۋام - مومام ئۆلۈپ كەتتى، دادامىمۇ ئۆلۈپ كەتتى، تاغا - ھاممىلىرىمنىڭ قەددى پۈكۈلدى، قەدىمى قىسقاردى. بىزمۇ چوڭ بولدۇق، ئارقا - ئارقىدىن ئوقۇشقا ئۇزىتىلدۇق. خۇشلۇق، خاپىلىق، ھاياجان، كۆز يېشى گىرەلىشىپ كەتكەن تۇرمۇش قاينىمىدا بىر -

بىرلەپ قاتارغا قېتىلدۇق. ئىلگىرىكى ھەممە تۇغقانلارنىڭ شاپائىتىدىن تەڭ بەھرىمەن بولىدىغان، ھەممە نېمىنىڭ ياخشىسىنى يەيدىغان، نەدە كۆڭلى سۇ ئىچسە شۇ يەرنى قونالغۇ قىلىدىغان بەختىياش، ئەركە چاغلىرىمىز كەلمەسكە كەتتى...

ئىستىقبال قايغۇسى، تەقدىرنىڭ شامىلى، ياشلىق ئىستەكلىرى ۋە بەختىياشلىقلىرى بىزنى تەرەپ - تەرەپكە ئەۋەتتى. نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئېرىشتۇق، نۇرغۇن نەرسىلەرنى يوقاتتۇق. يېقى، قىزىقارلىق، ھەتتا ئاجايىپ - غارايىپ كەچمىشلەرنى كۆردۇق، ئاڭلىدۇق. ئەمما، ئانامنىڭ دولقۇنلىنىپ تۇرغان چاچلىرى، كېسەلچان جىسمىنى ھەش - پەش دېگۈچە يۇتۇپ كەتكەن شەپقەتسىز يامغۇرلۇق كېچە، ئانام ئۈچۈن مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىدىغان دادامنىڭ ھەمىشە مىسكىنلىك، غەمكىنلىك تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان چوڭ - چوڭ قارا كۆزلىرى، ئەلەملىك قاراشلىرى، كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك چارىسىز ئېگىلگەن بېشى، كېچە - كۈندۈز دورا پۇرىقى ئۆكسۈمەيدىغان ئۆيىمىز پەقەتلا ئېسىمدىن كەتمىدى.

ئوقۇش پۈتكۈزۈپ ئۇرۇمچىدە قالدىم، خىزمەتكىمۇ ئورۇنلاشتىم. توي قىلىپ بالىلىقمۇ بولدۇم. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئون نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى. قارىماققا تۇرمۇشۇم خاتىرجەم، خىزمىتىم كۆڭۈللۈك، ئالدىراش ئىدى. پەرزەنتلىرىم بەكمۇ ساغلام، ئوماق چوڭ بولۇۋاتاتتى. ئەمما، خۇشال، بەختلىك تۇرمۇشۇمغا قارا سايە تاشلىغاندەك، بالىلىق قەلبىمگە مەڭگۈلۈك ئورناپ كەتكەن ئاشۇ قاباھەتلىك كەچمىشلەر بارغانسېرى

چوڭقۇرلاپ، بارغانسېرى زورىيىپ بارماقتا ئىدى. يۇرتقا باردىم، كەلدىم. تۇغقانلارنىڭ ھەممىسى مېنى: «چىرايىڭ ئاناڭغا، جىمىغۇرلۇقۇڭ داداڭغا ئوخشايدۇ» دېيىشەتتى. پەرزەنتلىك بولغاندىن كېيىن ئاتا ـ ئانامنى تولىمۇ سېغىنىپ كېتىۋاتاتتىم. ئانامنىڭ ھەربىر سۆز ـ ھەرىكىتى، يۇرۇش ـ تۇرۇشى، كۆز بېقىشى، كۈلۈمسىرەشلىرى... دادامنىڭ غەمكىن چىرايى... ماڭا باشتىن ـ ئاخىر ھەمراھ بولۇپ كەلدى. ئاتا ـ ئانام مېنىڭ نە خۇشاللىقىمغا، نە قايغۇلىرىمغا شېرىك بولماي بالدۇر كېتىشۋالغانىدى... بەزىدە كۈلەي دەپمۇ كۈلەلمەيتتىم، بەزىدە يىغلاي دەپمۇ يىغلىيالمايتتىم. خۇددى ئۆمۈچۈك تورىغا چۈشۈپ قالغان بىچارە پەرۋانىدەك، ئۆزۈمنى ھەر يان ئۇرۇپ، توۋ ئەتراپىمدىن، ئەتراپىمدىكى ھەممە نەرسىدىن ئاتا ـ ئانامنىڭ تونۇش ھىدىنى، سىيماسىنى، ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنى ئىزدەيتتىم. ئۆرتىنەتتىم، تولغىناتتىم، ئۆز ـ ئۆزۈمگە سوئال قوياتتىم. نۇرغۇن نەرسىلەرنى باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلاتتىم. ئەمما، كۆڭلۈمدىكىدەك جاۋابقا ئېرىشەلمەيتتىم... «ئەجەبا، ئاتا ـ ئانىدىن بالدۇرلا ئايرىلغان كىشىنىڭ ھەسرىتى ۋاقىت ئۆتكەنسېرى چوڭقۇرلاپ بارامدىكىنە؟...»

قانداقلا بولسۇن، بۇ دۇنيادا ھايات ياشاشنىڭ ئۆزىلا غەنىيمەت، تېپىلغۇسىز بايلىق ئىكەن. گاھىدا سەۋەبسىز بىر قىزغىنلىق بىلەن كۈلۈپ ـ يايراپ ياشاپ، گاھىدا يۇرىكى ئېزىلگەن، ھېرىپ ـ چارچىغان، غەم ـ قايغۇغا پاتقان ئادەمدەك پۇچىلىنىپ ياشاۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۆگەي ئانامدىن تېلېفون كەلدى.

ئۆيىمىزنىڭ ئورنى پويىز ئىستانسىسى يول قۇرۇلۇشىغا توغرا كەلگەچكە، ئۇ يۇرتقا دەرھال كېلىشىمنى ئېيتتى. ئۇ يەنە ئالاھىدە ئەسكەرتىپ:

— ئۆي بەك كونىراپ كەتكەچكە، ئىككى يىل ئىلگىرى بىنادىن ئۆي سېتىۋالغانىدىم، زۆرۈر نەرسىلەرنىلا يۆتكەپ كېتىپ، باشقا بىساتلار قالغان، شۇڭا ئۆزىڭىز مۇھىم دەپ قارىغان نەرسىلەرنى ئەكەتسىڭىز، قالغانلىرىنى بىر تەرەپ قىلىۋەتسەك، مەنمۇ خاتىرجەم بولغان بولسام، — دېدى.

ئىدارىدىن رۇخسەت سوراپ يۇرتقا باردىم. مېنى نەۋرە ئىنىم ۋە ئۇنىڭ ئايالى كۈتۈۋالدى. ئۇزاق ئۆتمۈشتىكى كونا خاتىرىلەرنى ئەسلىتىدىغان، ئەينى چاغدىكى باياشاتلىق، ھەشەم – دەرىمى بىلەن ماڭا گويا خان ئوردىسىدەكلا تەسىر بېرىدىغان بوۋام – مومامنىڭ ئۆيى ئاللىقاچان كونىراپ ئىسكەتنى يوقاتقان، تام – تورۇسلاردىكى نەقىشلەر بۇزۇلغان، بالىلىق ئەسلىمىلىرىمگە شېرىك بولىدىغان، مېنى سۆيۈندۈرىدىغان چىرايلىق، ھەشەمەتلىك تۇرقىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى...

ئۆيگە ئاساسەن نەۋرە تۇغقانلار يىغىلغان، تاغا – ھاممىلىرىم ياشىنىپ قالغاچقا، ئۆز ئۆيلىرىدە مېنىڭ سالامىغا بېرىشىمنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشقانىدى. ئۆينىڭ ھەممە يېرىدىن بىر خىل غېرىبلىق، مىسكىنلىك، غەم – قايغۇ تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئەينى يىللاردىكى چەكسىز ئىللىق ئائىلىنىڭ مېھىرلىك خانىلىرىدا ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىغىچە بىزگە يار – يۆلەك بولغان، يېتىملىك كۆڭلىمىزنى، روھىمىزنى سۇندۇرمىغان، بالا

دەردىدە بىر كۆزى قان، بىر كۆزى ياش ھالدا ئالەمدىن ئۆتكەن بوۋام ـ مومام ياشىغاندى...

نىمشقىدۇر ئۆي ئىچى زۇلمەتكە تولغاندەك، يۈرىكىم پىچاقتا تىلغاندەك ئېچىشىپ كەتتى. كۆزلىرىم لىققىدە ياشقا تولدى، بوغۇزۇمدا ئاچچىق يىغا...

پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن ياشلىقنىڭ پۇتمەس ـ تۈگىمەس ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان نەۋرە تۇغقانلىرىمنىڭ ئالاھىدە قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈشلىرى، جۇشقۇن، سەمىمىي سۆھبەتلىرى، كۈلكە ـ چاقچاقلىرى، بەس ـ بەستە سوئال سوراشلىرى بولمىغان بولسا چوڭقۇر ئازابتىن ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويارمىدىمكىن دەيمەن. شۇنداق قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە مېھمان بولۇنۇۋاتقان بولسامۇ، ھېچنېمىدىن لەززەت، خۇشاللىق، تەسەللى تاپالمايۋاتاتتىم. تاغا ـ ھامملىرىمنى يوقلىدىم. يىغلاپ كۆرۈشتۇق، قۇچاقلاشتۇق. ئۇزاققىچە مۇڭداشتۇق. بىر ـ بىرىمىزگە تەسەللى بېرىشتۇق.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ دادامنىڭ ئۆيىگە يېنىپ چىقتىم. زەي پۇراپ تۇرغان ئائىلىمىزدە بىر غېرىبلىق، جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. ئەمما، بۇ ئادەمگە شادلىق، خاتىرجەملىك، بەخت ئاتا قىلىدىغان جىمجىتلىق بولماستىن، يۈرەكنى سىقىپ قان ـ تومۇرنى بوغىدىغان، كۆڭۈلنى تولىمۇ غەش قىلىدىغان رەھىمسىز جىمجىتلىق ئىدى. كۆڭلۈم چەكسىز يېرىم بولغان ھالدا ئۆنى ـ بۇنى كۆرۈۋېتىپ، تەبىئىي ھالدا قازناق ئۆيگە كىرىپ قالدىم.

ئۆي ئىچى بەكمۇ قاراڭغۇ، سوغۇق، يەنە تېخى گۆپۈلدەپ چاشقان مايىقى پۇراپ تۇراتتى. چىراغنى ياقتىم. ئۆينىڭ ھەممىلا يېرىنى ئۆمۈچۈك تورلىرى

قاپلاپ كەتكەن، لىملار ساڭگىلىغان، ئىشىك ـ دېرىزىلەردە ئاللىقانداق ھاشاراتلار ئۆمىلىشىپ مېڭىپ يۈرەتتى. كۆڭلۈم ئېلىشىپ قۇسقۇم كېلىۋاتقان بولسىمۇ، چىقىپ كەتكۈم كەلمەي دېرىزىلەرنى يوغان ئېچىۋەتتىم. بىردىنلا ئەتىيازنىڭ ئىللىق، مەيىن شامىلى يۈزۈمگە ئۇرۇلدى. ساپ ھاۋادىن قېنىپ نەپەسلەنگەندىن كېيىن كەينىمگە قايرىلدىم. كۆزلىرىم بۇرۇنلا ئەستىن كۆتۈرۈلگەن، ئەرزىمەس نەرسىلەر قاتارىدا بۇلۇڭغا تاشلاپ قويۇلغان كىتاب جازىسىغا چۈشتى. سىرلىرى چۇشۇپ ماكچىيىپ قالغان كۆكۈچ رەڭلىك كىتاب جازىسىدىكى يىرتىلغان، تىتىلغان، چۈرىلىرى چاشقانغا يەم بولغان قەغەز دۆۋىسى، توغرىسىنى ئېيتقاندا، توپ ـ توپ ۋەيرانە كىتابلار دىققىتىمنى ئۆزىگە تارتتى. بۇ بالىلىق دەۋرىمدە ئوقۇپ ـ ئوقۇپ قانمايدىغان بايلىقلىرىم ئىدى. گەرچە ھازىر ئۇنىڭغا ئاچچىق زەينىڭ، نەم توپىنىڭ، بىخسىغان ھاۋانىڭ پۇرىقى سىڭىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ مەن ئۈچۈن يەنىلا قەدىرلىك ئىدى. كىتابلار دۆۋىسى ئارىسىدا قانچىلىك ئولتۇردۇمكىنتاڭ، گەجگىلىرىم قېتىپ، كۆزلىرىم تورلاشقان، باشلىرىم ھارغىنلىقتىن چىڭقىلغان بىرمەھەلدە ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئەمما، بۇ ئۆيدىن ئايرىلغۇم كەلمىدى. قانداقتۇر ئاجايىپ يېقىملىق، مۇلايىم، شېرىن بىر ئاۋاز چاقىرىۋاتقاندەك، بۇ ئاۋاز بىر قارىسا ياۋاش، جىمىغۇر، يەنە كېلىپ كۆزلىرىدىن غەمكىنلىك، مىسكىنلىك تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان دادامنىڭ مېھرىبانلىققا تولغان ئاۋازىغىمۇ، كېسەلچان ئانامنىڭ يۇمشاق، ھالسىز ئاۋازىغىمۇ

ئوخشايتتى. بۇ ئاۋاز ئۆينىڭ قەيىرىدىلا تۇرماي مېنى تۆت ئەتراپىمدىن قورشاپ، ماڭا تەسەللى، ئۈمىد، خۇشاللىق ئاتا قىلماقچى بولغاندەكلا قىلاتتى. بىر دۆۋە ئەسكى ـ تۈسكى نەرسىلەر ئارىسىدا ئولتۇرىمەن. تامنىڭ لايلىرى چۈشۈپ، ئۆگزى قىيسىيىپ، هازىرلا ئۆرۈلۈپ كېتەي دەپ قالغان بۇ كەپىدە نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى ئەتىۋارلاپ كىيىلگەن، هازىر بولسا كوچىدىكى دىۋانىلەرمۇ نەزەر ـ كۆزىنى سالمايدىغان كونا كىيىم ـ كېچەكلەر سېلىنغان ساندۇق، ئاياغ ساندۇقى، ئۇشتاق ـ چۈششەك ئائىلە سايمانلىرى ساندۇقى، هۆججەت ساندۇقلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئېچىپ كۆردۈم. مانا مۆجىزە دېگەن، قولۇمغا ئىككى خاتىرە چىقتى. مەن گويا ئوتىنى تۇتقاندەك خاتىرىلەرنى ئېهتىيات بىلەن قولۇمغا ئالدىم. ئۇنىڭ چاڭ ـ توزانلىرىنى ئالدىراش قېقىشتۇرۇپ ۋاراقلاشقا باشلىدىم. بىرى دادامنىڭ، بىرى ئانامنىڭ ئىكەن. خۇشاللىقتىن يۈرىكىم يېرىلغۇدەك بولدى.

ئۇلار كۈندىلىك خاتىرە تۇتقانىكەن ـ دە، نېمىدېگەن رومانتىك... بۇرۇنلىرىم ئېچىشىپ، نەچچە رەت چۈشكۈرۈپ كەتتىم. غەلىتە پۇراقلار دىماقلىرىمنى ئېچىشتۇرۇپ، كۆڭلۈمنى ئېلەشتۈرۈۋاتقان بولسىمۇ، بۇ خارابىلىككە ئايلانغان ئۆيدىن ئايرىلسام، هەممە نەرسە كۆز ئالدىمدىن بىراقلا غايىپ بولىدىغاندەك، ئانام بىلەن دادامنىڭ سىرلىق هاياتىدىن، ئەگرى ـ توقاي مۇرەككەپ كەچۈرمىشىدىن مەڭگۈ خەۋەرسىز قالىدىغاندەك تۇيغۇدا ئىدىم. ئورنۇمدىن قىمىرلىمىدىم، كۆزلىرىم قۇرلار ئارىسىغا شۇڭغۇدى.

ئىككىنچى قىسىم

# ئانامنىڭ خاتىرىسى

گۈزەل ياز كېچىسى. بۈگۈنمۇ ئۇخلىيالمايدىغانلىقىمغا كۆزۈم يەتتى. ھېرىپ كەتكىنىمگە قارىماي تۆۋەنگە چۈشتۈم، مەھەللىدە مۈگدىشىپ ئولتۇرغان قوشنا ــ قولۇم ئاياللار، چىراغ يورۇقىدا بىليارت، قارتا، شاھمات ئويناۋاتقان ئەرلەر، چۇرقىرىشىپ، يۈگۈرۈشۈپ يۈرگەن ئۇششاق بالىلار...

ئىشتىن چۈشۈپلا ئۆيگە بېكىنىۋالىدىغان ئادەم پەقەت مەنلا ئوخشايمەن. نېمە ئۈچۈن شۇنچىلا كۆيۈپ ــ پىشىپ، ھېرىپ ــ چارچاپ، پۇت ــ قولۇم يەرگە تەگمەي ياشاۋاتقانلىقىمنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، بىلىشنىمۇ خالىمايدۇ. تەنتەك ئادەملەردەك يۈگۈرۈپلا يۈرىمەن. نە قىلغان ئىشىمنىڭ، نە ئۇخلىغان ئۇيقۇمنىڭ مەسلىھەتى يوق. قىلىۋاتقان ئىشىم نېمە؟ خىزمەت قىلىش، بالا بېقىش، ئۆي تۇتۇش... ئانىلىرىمىزنى پەرىشتە دېسەك ئارتۇق كەتمىگۈدەك. تۇرمۇش كەچۈرۈش تولىمۇ قىيىن بولغان شۇ يىللاردا، بىر يەسلى قۇرغۇدەك بالىلارنى تۇغۇپ، چوڭ قىلىپمۇ بەرداشلىق بەرگەنىكەن. مەن بولسام ياشلىق دەۋرىمنى ئۆي، ئىدارە، يەسلى ئارىلىقىدا ماشىنىدەك قاتناپ يۈرۈپ، بىلىپ ــ بىلمەيلا

ئۆتكۈزۈۋاتىمەن. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ھايات ماڭا ھەر خىل سوئاللارنى قويۇپ، مېنى سالماق بولۇشقا، ھەربىر قەدەمنى دەڭسەپ، ئويلاپ بېسىشقا دەۋەت قىلماقتا. «بۇ دۇنياغا كېلىپ نېمىلەرگە ئېرىشتىم؟» دېگەن سوئالغا مىڭ قېتىملاپ، ئون مىڭ قېتىملاپ جاۋاب ئىزدىگەندىمەن. ئارزۇيۇمدىكى، خىيالىمدىكى تۇرمۇشنىڭ ئۆزى تۈگۈل، سايىسىدىمۇ ياشاپ باقمىدىم. بۇ دۇنيادىكى تۇرلۇك ـ تۈمەن مەئىشەتلەر ئىچىدە مېنىڭ ئېرىشكەنلىرىم يوقاتقانلىرىمدىن خېلىلا ئاز ئىدى. كۆڭلۈم سۇ ئىچمىدىغان، مېنى رازى قىلىدىغان ئىشلار يوق دېيەرلىك ئىدى. ياشلىقىم تۈگەۋاتقان، تالانتىم كۆمۈلۈپ قېلىۋاتقان، ئەقىدىلىرىم خورلىنىۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردە بەكمۇ سەزگۈرلىشىپ كەتكەنىدىم. بىپايان كېچە ئاسمىنىدا ئۈزۈپ يۈرگەن پارچە ـ پارچە بۇلۇتلارنىڭ، ھېلىلا جىمىرلاپ، چاقناپ تۇرغان يارقىن يۇلتۇزلارنىڭ لىپلا قىلىپ كۆز ئالدىمدىن غايىب بولغانلىقىنى كۆرگىنىمدە، ئىنسان ھاياتىنىڭمۇ ئاشۇ يوقالغان بۇلۇت ۋە يۇلتۇزلارغا ئوخشاش ھەش ـ پەش دېگۈچە ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى، ئۆزى سۆيگەن ۋە نەپرەتلەنگەن بارلىق نەرسىلەردىن ئەبەدىي ئايرىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ كېتىمەن. ئويلىغانسېرى غەم باسىدۇ، قورقۇنچ باسىدۇ. بەزىدە سۇرلۇك، مۇزدەك سوغۇق قەبرىستانلىق، دەھشەتلىك، قورقۇنچلۇق ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن پۈتۈن ئەزايىم لاغىلداپ تىترەپ كېتىدۇ... بۇ ھەقىقەتنى ھېس قىلغانسىكەنمەن، شۇنىڭغا لايىق ياشىغۇم، تەبىئەتنىڭ شېرىن ئاۋازلىرىنى كۆپرەك ئاڭلىغۇم، قۇشلارنىڭ يېقىملىق پىچىرلاشلىرىدىن

يەتكۈچە ھۇزۇرلانغۇم، گۈللەرنىڭ ئادەمنى مەست قىلىدىغان خۇش پۇرىقىدىن قانغۇچە لەززەتلەنگۈم، كۆپكۆك دېڭىز بويلىرىنى ساياھەت قىلغۇم، ئىنسان قەدىمى يەتمىگەن ئورمانلىقلارنى ئايلىنىپ باققۇم كېلىدۇ. لېكىن، ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىم بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى پەرق شۇنچىلىك زوركى...

ئۆزۈمچىلا روھسىزلىنىدىغان، ئۈمىدسىزلىنىدىغان بولۇپ قالدىم. نېمىگىدۇر ئالدىرايدىغان، نېمىگىدۇر بىتاقەت بولىدىغان، ئاسانلا سىقىلىدىغان، ئاسانلا چېچىلىدىغان بولۇپ كېتىۋاتاتتىم.

كېچە ئاجايىپ چىرايلىق، ھەر خىل چىراغلارنىڭ رەڭگارەڭ جۇلاسى، ئاي يورۇقىدا ياپپېشىل مايسىلاردەك كۆرۈنۈپ تۇرغان كەڭرى چىملىقلار، كۈندۈزنىڭ جىددىيچىلىكى، شاۋقۇن ـ سۈرەنلىرىدىن خالىي، پاكىز، ئازادە مۇھىت...

شەھەردىن بىرقەدەر يىراقتا سېلىنغان ئائىلىلىكلەر ئولتۇراق رايون بىناسىنىڭ گۈزەل ۋە ھەيۋەتلىك مەنزىرىسى يۈرىكىمدە يېڭى ھەم چۈشىنىپ بولمايدىغان غەلىتە بىر ھەسرەت پەيدا قىلماقتا. ئىختىيارسىز قۇيۇلۇۋاتقان يىغانلىق ياشلىرىمنى كونترول قىلىشقا كۈچۈم يەتمىدى. ھېلىمۇ ياخشى، ئىككى قاسىنىقى دەرەخزارلىق تاشيول مېنى ئۆز قوينىغا ئالغان، كۆز ياشلىرىم مەڭزىمگە ئېقىۋاتامدۇ ياكى يارىلانغان يۈرىكىمگىمۇ بىلمەيمەن. نەلەرگە، نېمە ئىزدەپ، نېمىشقا كېتىۋاتقانلىقىمنى بىلىشكە قادىر ئەمەسمەن...

قايسىبىر كىتابتىن «ئەگەر ئەر كىشى بىۋاپا، ناچار خوتۇنغا ئۆيلىنىپ قالسا، ئۇنىڭ ھەربىر كۈنى پۈتۈنلەي

بەختسىزلىك ئىچىدە ئۆتىدۇ. ئۆمۈر بويى بەختسىزلىك تۇيغۇسىدىن قۇتۇلۇپ چىقالمايدۇ. ئايال كىشى بىۋاپا، ناچار ئەرگە تېگىپ قالسا، ئۇنىڭ كەلگۈسىنى تەسەۋۋۇر قىلىشى تەس» دېگەن سۆزلەرنى ئوقۇغانىدىم. ئەمدى ئۆز بېشىمغا كەلدى. كەلگۈسىم ئەمەس، ھازىرقى كۈنۈمنىڭ ئۆزىلا ھەممىنى ئىسپاتلاپ بېرىۋاتامدۇ؟... قۇلىقىمدا دادامنىڭ سالماق تەلەپپۇزدا، ئەمما ئاغرىتىپ تۇرۇپ قىلغان نەسىھەتلىرى جاراڭلىدى:

— قىزىم، سېنىڭ مىجەزىڭ ماڭا ئوخشايدۇ. ئۇۋالچىلىقتا چىدىمايدىغانلىقىڭنى بىلىمەن. لېكىن، بۇ گېپىمنى ئېسىڭدە تۇت، ئائىلىدە بەزىدە ئەردىن، بەزىدە ئايالدىن سەۋەنلىك ئۆتۈپ تۇرىدۇ. بەزىدە ئايالنىڭ، بەزىدە ئەرنىڭ يامان ئادەتلىرى ئاشكارىلىنىپ، قارشى تەرەپتە زور بېسىم پەيدا قىلىدۇ. ئەر كىشىنى توغرا يولغا باشلاش — ئايال بولغۇچىنىڭ بۇرچى، ۋەزىپىسى. لاياقەتلىك ئانا، مېھرىبان ئايال بولىمەن دەيدىكەنسەن، ئاناڭدەك كۆتۈرۈشلۈك، سەۋر ـ تاقەتلىك ئايال بولغىنىڭ ياخشى...

— دادا، سىلىمۇ ئانامنى خاپا قىلىپ باققانمۇ؟...

— مەن ياشلىقىمدا ئاناڭغا يەتكۈچە خاپا قىلغان، بەزىدە مەستچىلىكتە قاتتىق ئۇرۇپ، ھەپتىلەپ ياتقۇزۇۋەتكەن چاغلىرىم بولغان. ئاناڭلار ئاجرىشىمەن دېيىش تۇگۇل، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يامانلاپمۇ كەتمىگەن... شۇ قىلىقىم ئۈچۈن ھازىرغىچە پۇشايمان قىلىمەن.

دادامنىڭ دەۋاتقىنى ئانامنىڭ كونا جاراھىتىنى،

يارىسىنى قوزغايدىغان كۆڭۈلسىز خاتىرىلەر بولسىمۇ، ئانام ئاغرىنماقتا يوق، تولىمۇ كەڭ قورساقلىق بىلەن دادامنىڭ سۆزىنى تەستىقلىدى:

ــ بۇ كىشىگە تەگكەندە يېشىم بەك كىچىك ئىدى، تاماق ئېتىشتىن تارتىپ، بالىنى بۆشۈككە بۆلەشكىچە داداڭدىن ئۆگەنگەنىدىم. ئوشۇقچە تاياق يېگەن چاغلىرىمدىمۇ داداڭدىن قورقۇپ «كېتىمەن» دېيىشكە پېتىنالمىغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە مېنى قويۇۋېتىپ باشقا خوتۇن ئېلىۋالامدىكىن دەپ ئەنسىرىگەن... ئۇ چاغدا داداڭ بەكمۇ قامەتلىك، كېلىشكەن ئىدى، پۈتۈن تۇرقىدىن ئەركەكلىكى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى... بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق قىز ـ چوكانلار ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرەتتى.

ھەممىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق. دادامغا قايىللىق نەزىرىم بىلەن تىكىلىپ چەكسىز سۆيۈنۈش بىلەن:

ــ مۇشۇ يېشىدىمۇ دادامنىڭ ھەممە يېرىدىن ھەقىقىي ئەرلەرگە خاس بولغان جاسارەت، شىجائەت تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. سەن بەك تەلەيلىك جۇمۇ ئانا، سېنى بىردەم كۆرمىسە دادامنىڭ ئىچى پۇشۇپ، قاپىقى تۈرۈلۈپ قالىدۇ. سەن يېنىدا بولمىساڭ بىزگە قارىغۇسى، گەپ قىلغۇسىمۇ كەلمەيدۇ ... ــ دېدىم.

ــ ئۇنچىۋالا ئەمەس، لېكىن داداڭ ئائىلىسىگە، پەرزەنتلىرىگە كۆيۈنىدىغان، ئۇلارنىڭ ياخشى كۈن كەچۈرۈشى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر تەر ئاققۇزغان ئادەم... مەن ھەقىقىي ئايال بولۇشنى، ھەقىقىي ئانا بولۇشنى داداڭنىڭ بىزگە سىڭدۈرگەن ئەجرىدىن، ئاتا قىلغان

ھىممەتلىرىدىن ئۆگەنگەنمەن... ئانام ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرغۆپ تۇرغان پەخىرلىنىش تۇيغۇسى بىلەن دادامغا مۆھەببەتلىك ۋە رازىمەنلىك بىلەن قارىدى...

سۈتتەك ئايدىڭ كېچىدە كەڭرى ئاسفالت يولدا كېتىۋاتقان بولساممۇ، روھىي دۇنيايىمنى ئورىۋالغىنى پۈتۈنلەي مۇدھىش قاراڭغۇلۇق... بىرەر ئادەمنىڭ يار ـ يۆلەك بولۇشىغا، تەسەللىي بېرىشىگە شۇنچىلىك موھتاج بولۇۋاتىمەنكى، ئەگەر مۇنۇ دەل ـ دەرەخلەردە ئاز ـ تولا ھېسسىيات بولغان بولسا، ئۇنى پۈتۈن ئىشقىم بىلەن قۇچاقلىۋالغان، ئىچىمگە تۇشۇپ كەتكەن ئاچچىق، ئەلەملىك ھېسسىياتلىرىمنى بىر يوللا قالدۇرماي تۆكۈپ تاشلىغان بولماسمىدىم؟..! ھېسسىياتى تەگسىز بۇلاقتەك قايناپ تۇرىدىغان ئايال بولۇش سۈپىتىم بىلەن شۇ تاپتا بىر ئادەمگە، توغرىسى مۇزلاشقا باشلىغان ۋۇجۇدۇمنى ئىللىتالايدىغان بىر ئەرگە ئاجايىپ موھتاج بولۇۋاتىمەن... لېكىن، بۇ كېچىدە ماڭا كۆڭۈل بۆلىدىغان، مېنى چۈشىنىدىغان، ئازابىمنى ھېس قىلالايدىغان كىم بار؟...

چىملىقلاردىن ئاڭلىنىۋاتقان، دۇتارغا تەڭكەش قىلىپ ئېيتىلىۋاتقان خەلق ناخشىلىرىنى يىراقتىن تەلمۈرۈپ تىڭشاۋاتىمەن. ئادەمئاتىنىڭ يېتىم قوۋۇرغىسىدىن يارىتىلىپ، خۇددى يېتىم قوۋۇرغىسىدەكلا كۆن كەچۈرۈۋاتقان بىتەلەي ئايال يالغۇز مەنلا ئەمەس. يېتىم قوۋۇرغىدىن يارىتىلغان ھاۋائانىنىڭ قانچىلىغان قىزلىرى نەپسىنىڭ، پۇلنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ، ئۆزىنى ئۆزى نابۇت قىلىۋاتىدۇ؛ قانچىلىغان قىزلىرى ئەرلەرنىڭ شەھۋانىيلىقى، نامەردلىكىنىڭ قۇربانى بولۇۋاتىدۇ؛

قانچىلىغان قىزلار ھاۋائانىنىڭ ئىچى زەھەر، قارا كۆڭۈل، ئەقلىدىن ئازغان ئوغۇللىرىنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈۋاتىدۇ؛ قانچىلىغان قىزلار جېنىدىن جۇدا، بەختىدىن مەھرۇم قېلىۋاتىدۇ. لېكىن، بۇ رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلىش — مېنىڭ مۇھەببەتكە، بەختكە، ئائىلە ئىللىقلىقىغا بولغان تەشنالىقىمنى سۇسلاشتۇرۇش ئورنىغا تېخىمۇ ئۇلغايتماقتا... سولاشقان، چارچىغان، چاڭقىغان ھالەتتە ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. قايتماي نېمە ئىلاجىم بولسۇن؟...

ئەينەكنىڭ ئالدىدا تۇرىمەن. بەدەن گۈزەللىكىنى نامايان قىلىدىغان، ئەرلەرنى جەلپ قىلىش ئۈچۈنلا تىكىلگەندەك شۇنچىلىك نەپىس، شۇنچىلىك ياراشقان ئىچ كۆڭلەك، ئېرىمنىڭ خىزمەتداش، دوست — بۇرادەر، تونۇش — بىلىش، تۇغقانلىرىنىڭ: «ئارتىسقىلا ئوخشايدىغان چىرايلىق خوتۇن ئېلىۋاپسەن، ھەقىقەتەن تەلەيلىك ئىكەنسەن» دەپ تەرىپلەشلىرىگە يارىشا قىزىلى قىزىل، ئېقى ئاق سۈپسۈزۈك يۈزلەردىن تۆكۈلۈپ تۇرغان جۇشقۇنلۇق، ئىشق — مۇھەببەت، شائىرانە ھېسسىيات... دائىم سۇرمە سۇرتۈلگەندەك قاپقارا تۇرىدىغان، ھەرقانداق ئەرنىڭ قەلب تارىنى چېكەلەيدىغان ئوتلۇق، سېھىرلىك كۆزلەر، قانداقتۇر بىر ئىچكى ھاياجان، ئىنتىزارلىق، تەلپۈنۈش تۈپەيلى بوش تىترەۋاتقان، سەل ئالدىغا سوزۇلغان نېپىز، قىپقىزىل لەۋلەر... ھۇجرىنى قاپلىغان سۇس ئەتىر ھىدى، غۇۋا چىراغ نۇرى، ئاقۇچ پەردىلەر...

لەۋلىرىم قۇرۇپ، ۋۇجۇدۇم لەرزىگە كېلىۋاتاتتى. ئېھتىيات بىلەن دېرىزە ئالدىغا كەلدىم. ئوچۇق دېرىزىدىن ئىزغىرىن شامال كىرىپ تۇراتتى. تۇتاش

كەتكەن چىملىقلاردا ئولتۇرۇشۇپ ھېچنېمىدىن بىخەۋەر قارتا، شاھمات ئويناۋاتقان، مۇزىكا تىڭشاۋاتقان، گىتار، تەمبۇر، دۇتار چېلىۋاتقان، ناخشا ئېيتىۋاتقان بىغەم، پەرۋاسىز ئەرلەر...

«ئەكبەر، ھەي ئەكبەر، نېمىشقا ھاراقنى ئۆلگۈدەك ئىچىدىغانسەن؟ نېمىشقا شەيتىنى بار خوتۇنلارنىڭ ھەممىسى سېنى ئىزدەيدىغاندۇ؟ كېچىنى سېنى كۈتۈش بىلەن ئۆتكۈزىدىغان ئايالىڭنىڭ ھالىغا قاچانمۇ يېتەرسەن؟ شۇ يىرگىنچلىك تاماشىنىڭ ئورنىغا ماڭا ھەمراھ بولۇپ، ئۆيدە ئولتۇرساڭ بولماسمىدى؟ نېمىشقا مېنى قىينايدىغانسەن؟...» ۋۇجۇدۇم لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتاتتى، سەۋر ـ قاچىلىرىم يېرىلىپ كېتىشكە، خۇدۇمنى يوقىتىپ قويۇشقا ئازلا قېلىۋاتاتتىم. مېنىڭ جېنىمنى، تېنىمنى، قەلبىمدىكى بار ـ يوقۇمنى سىرتتىكى دۇنياغا سۆرەۋاتقان ئۇياتسىز تۇيغۇ...

بۇ ئاخشام نېمىدېگەن گۈزەل، ئاينىڭ نۇرى يارقىن ھەم سېھىرلىك ـ ھە. بايا ئۇزاقىراق ئايلىنىپ كەتكەچكە، ئىككى ئەر كەينىمگە كىرىۋالغانىدى. خېلى كېلىشكەن، يامان ئەمەس كىشىلەردەك قىلىغان. «چىراغنى ئۆچۈرۈۋەتسىلا پەرىشتىمۇ، ئادەممۇ، ئالۋاستىمۇ ئوخشاش بىرنەرسە.» بۇ سۆزنى نەدىن، قاچان ئاڭلىۋالغاندىمەن؟... ھامان بىر كۈنى بۇگۈنكىدەك ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىمنى بىلگەن بولسام... ماڭا ھېلىغىچە سۆز تاشلايدىغانلار ئازمىتى؟... نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم؟ ئىنساب بىلەن گەپ قىلاي، ئىنساب بىلەن ئىش قىلاي. مەن دېگەن ئېرى بار ئايال. مېنى

هەقلەپ، نىكاھلاپ، ھالاللاپ ئالغان ئەرنىڭ ئايالى. بىھۆدە، ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلىشقا ھەققىم يوق...

زادىلا ئۇخلىيالمايۋاتىمەن. پۈتۈن ئالەم گۈزەللىككە، شۇنچىلىك ھاياتىي كۈچكە تولغان... ھۆجراممۇ شۇنداق... نىپىز ئىچ كۆڭلەك ئىچىدىكى يالقۇنجاپ كۆيۈۋاتقان ۋۇجۇد... بۇگۈنكى ئۇتلۇق تەلپۈنۈشنى، سىغىنىشنى، مىنۇتسىرى كۈچىيىۋاتقان ھاۋايى ئىستەك، ھاياجاننى قوبۇل قىلىدىغان، ئۇنىڭدىن ھوزۇرلىنىدىغان، بىرلىكتە ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرىدىغان ئەر قېنى؟...

بىرلا ئادەمگە، بىرلا ئەرگە ساقلىغان سۆيگۈ ئەقىدىلىرى، پاكىز لەۋ، پاكىز تەن... بۇ كېچە پۈتۈنلەي مېنىڭ ئالقىنىمدا. نېمە قىلسام بولۇۋېرىدۇ. لېكىن، نېمە قىلىمەن؟ نېمىمۇ قىلالايمەن؟... بىراق، ئەسەبىي ئىستەكلىرىمنى باسىدىغان، ھەسرەتلىك كەچمىشلىرىمنى ئۇنتۇلدۇرىدىغان، يالغۇزلۇقۇمغا شېرىك بولىدىغان، شېرىن خىياللىرىمنى رېئاللىققا ئايلاندۇرىدىغان نېمە بار؟ يوق، ھېچ نەرسە يوق...

مەن ئېرى بار ئايال. لېكىن، ئۆزۈمنى ئۆزۈم ئالداشتىن، ھېس - تۇيغۇلىرىمنى ئۆز قولۇم بىلەن بىر - بىرلەپ بوغۇپ ئۆلتۈرۈشتىن، يالغۇز ئۆي تۇتۇش، يالغۇز تاماق يېيىش، ئەڭ يامىنى، يالغۇز ئۇخلاشتىن جاق تويدۇم، ئاللىقاچان زېرىكتىم. مەن ئاجايىپ قۇدرەتلىك ئادەمئاتىمىزنىڭ يېتىم قوۋۇرغىسىدىن يارىتىلغان ھاۋائانىمىزنىڭ ئەۋلادى. يېتىم قوۋۇرغا قانداقمۇ ئەر كىشىنىڭ قاۋۇل بەستىدىن ئورۇن

ئېلىشنى، ئۇنىڭ ھۇجەيرە ـ ھۇجەيرىلىرىدىن بەھرە ئېلىشنى، تومۇرىدا ئېقىۋاتقان ھەربىر تامچە قاندىن كۈچ ـ قۇۋۋەت تېپىشنى ئارزۇ قىلمىسۇن؟...!

※ ※ ※

ئانام ھەقىقىي بەختكە ئېرىشكەن ئايال. دادا بولۇش، ئەر بولۇش تەس ئىش بولمىسىمۇ، دادامنىڭ يۈرىكى مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈنلا سوقتى. شۇنىڭ بىلەن دادام ئانامنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ ئارزۇلۇق ئادىمىگە ئايلاندى. دادام ئانا بولۇشنى، ھەقىقىي ئانا، ھەقىقىي ئايال بولۇشنى ئانامغا ئۆزى ئۆگەتتى. ئۆزىنىڭ يۈكسەك شىجائىتى، كۈچ ـ قۇۋۋىتى ئارقىلىق ئانامغا تولۇقى بىلەن ھېس قىلدۇردى. ئۇ ئۆمۈرلۈك ساداقىتى، ئەرلەرگە خاس كەڭ قورساقلىق، ئىلتىپاتلىرى ئارقىلىق ئانامنىڭ ئانىلىق، ئايالىلىق قەدىر ـ قىممىتىنى تونۇتتى. شۇڭا، ئاتىمىش ياشتىن ئاشقان ئانامنىڭ چېھرىدىن خاتىرجەملىك، بەخت جىلۋىسى تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. ھېلىھەم روھى كۆتۈرەڭگۈ، ھەرىكىتى چاققان، ئىنكاسى تېز، جىسمانىي جەھەتتە، ئائىلىدىكى قىز ـ كېلىنلەردىن ساغلام. مۇھىمى، ئۇ تولىمۇ بەختلىك. ئۇنداقتا مەنچۇ؟

ئەمەلىيەتتە، بۇ سوئالنى ئۆزۈمگە قويۇشۇم تامامەن ئارتۇقچە ئىش ئىدى. بىرەرى مەندىن بىلىپ ـ بىلمەي:

ـــ سىلەر بەختلىكمۇ؟ ـــ دەپ سورىغۇدەك بولسا مەن قىلچە ياسالمىلىق قىلماي، قىلچە يوشۇرماي تەبىئىي ھالدىلا:

— ياق، مەن ئازراقمۇ بەختلىك ئەمەس!— دەپ جاۋاب بېرىمەن.

ئۇنداقتا، مەن بەختسىزمۇ؟

ئەگەر «بەخت» ئاتالغۇسى ئۆزى ياخشى كۆرۈپ توي قىلغان، كېلىشكەن، ئايمۇئاي كىرىپ تۇرىدىغان مۇقىم كىرىمى، تۇرالغۇسى ۋە ساغلام چوڭ بولۇۋاتقان پەرزەنتلىرى، يەنە تېخى ماددىي — مەنىۋى جەھەتتىن يار — يۆلەك بولالايدىغان ئاتا — ئانىسى بىلەن ئۆلچىنىدىغان بولسا، سۆزسىزكى، مەن بەختلىك. بەختلىك كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىغا تىزىلىمەن. ئېرىم مەرتىۋە، پۇل، ياشلىق، قەددى — قامەت، چىراي جەھەتتە ئاساسەن تەلەپكە لايىق. ھەممىدىن مۇھىمى، مېنى مۇھەببەت ئالىمىگە باشلاپ كىرگەن، ئۇيقۇدا ياتقان سەزگۈلىرىمنى ئويغاتقان، ياشلىقنىڭ ئادەمنى ئەس — ھوشىدىن ئايرىۋېتىدىغان بەخباش دەقىقىلىرىدە ئاتەش نەپەسلىرى بىلەن ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سېلىپ جىسمىمغا، روھىمغا ئىشق — مۇھەببەت گۈلخانىنى ياققان ئەر... بىر — بىرىمىزگە قانماي، بىر تەن، روھ بولۇپ يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن، ۋىسالغا ئېرىشىش ئارزۇسىدا ئوت بولۇپ يانغان، ئۇنتۇلغۇسىز، مىسلىسىز گۈزەل كېچىلەردىن قانچىنى كۈتۈۋالدۇق، قانچىنى ئۇزاتتۇق؟...

يەنە قاچاندىن تارتىپ، بىر — بىرىمىزنى خورلاشقا، قىيناشقا باشلىدۇق؟ قاچاندىن باشلاپ ئۇنىڭدىن بىزار بولۇشقا باشلىدىم؟ ھېچنېمىگە قارىماي ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ كېتىشنى ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم؟... ئۇنىڭ مېنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى، ھېچبولمىغاندا ياخشى

كۆرۈش، قەدىرلەش ئۇسۇلىنىڭ مەن ئارزۇ قىلغاندىكىدىن نەچچە ھەسسە قاتمال، نەچچە ھەسسە يىراقتا ئىكەنلىكىنى، ئىككىمىزنىڭ تامامەن ئىككى دۇنياغا مەنسۇپ ئادەملەر ئىكەنلىكىمىزنى قاچاندىن باشلاپ ھېس قىلدىم؟... ئۇنىڭغا مېنىڭ پاك قەلبىم، رومانتىك ھېسسىياتىم، ئۇنىڭ ئۇچۇن شامدەك ئېرىپ كېتىدىغان ۋۇجۇدۇم كېرەك ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ نەزىرىدە پەقەت بىر ئايال، قوچاقلاشقا، سۆيۈشكە، جىسمانىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا بولىدىغان ئاددىيلا بىر ئايال ئىكەنلىكىمنى، تېخىمۇ توغرىسى، ئاش ئېتەلەيدىغان، كىر يۇيالايدىغان، ئۆي تۇتالايدىغان، تۇغالايدىغان، بالا باقالايدىغان، لاياقەتلىك، يارامىلىق ماشىنا ئىكەنلىكىمنى، ئۇنىڭ مەندىن ئارتۇقچە نەرسىلەرنى تەلەپ قىلمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا لازىمى نىشانسىز، مەقسەتسىز، ھاياتى ئۇچۇن ئۆمۈر بويى قول ئورنىدا خىزمەت قىلىدىغان، ئۇنىڭدىن ھېچنېمە تەلەپ قىلمايدىغان پىداكار روھىم ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغانلىقىمنى قاچان چۈشىنىپ يەتتىم؟ قاچاندىن باشلاپ پۈتۈن ئەتراپىمنى چۈشكۈنلۈك قاپلىدى؟ قاچاندىن باشلاپ ئۆزۈم خامۇش، خىيالىم سەرسان، ئويلىرىم قالايمىقان، ئەتكەن تاماقلىرىم تەمسىز، رەڭسىز بولۇشقا باشلىدى؟...

ئانام دائىم: «كىچىك بالىنى چەكسىز كۆيۈم، ھالال نىيەت بىلەن بېقىش كېرەك» دەيدىغان. گۆدەك چاغلىرىمدا قۇلىقىمغا سىڭىپ كەتكەن «پالانىنىڭ ئايالى قىز تۇغۇپتىكەن، ئېرى قارىماپتۇ، شۇڭا بالا ئاز كۈندىلا ئۆلۈپ قاپتۇ»، «پۈستانى ئايال بالىلىرىنىڭ

كۆپلۈكىدىن، بىقىپ بولالمىغانلىقىدىن قاقشاپتىكەن.
چوڭ ئوغلى سەۋەبسىزلا ئۆلۈپ كېتىپتۇ» دېگەندەك باش ـ
ئاخىرى يوق سۆزلەرنىڭ تەسىرىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر
بالىلىرىمنى مىننەتسىز، ئازارسىز چوڭ قىلىشقا، ئەڭ
پاك، ئەڭ نازۇك تۇيغۇلىرىم بىلەن تەربىيەلەشكە بەل
باغلىغانىدىم. لېكىن، نىيىتىم ئىشقا ئاشمىدى. يەيمەن،
خەجلەيمەن، كىيىمەن، غەلۋە قىلىمەن دەپلا
تۇغۇلغاندەك، نە چارچىغىنىمنى بىلمەيدىغان، نە ھالىمغا
يەتمەيدىغان ئىككى بالا... خىزمەتنىڭ ئالدىراشلىقى،
ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلەر ئارىسىدىكى بارماي
قۇتۇلغىلى بولمايدىغان، ئەمما زادىلا تۈگىمەيدىغان
غەيرىي، رەسمىي قائىدە ـ يوسۇنلار، ئۆيگە كەلگەندىن
كېيىنكى ماڭىلا قاراپ تۇرغان ئىشلار... خۇشاللىقتىن
كۆپرەك خاپىلىقى، ھوزۇرىدىن كۆپرەك جاپاسى بار
ئوغۇللىرىمنىڭ قىيىقاس ـ چۇقانلىرىدىن، ھە دېسىلا
مۇشتلىشىشلىرىدىن، پوملاقلىشىپ ئويناشلىرىدىن،
چامباشچىلاردەك «ھايت ـ ھۇيت» دەپ توۋلاشلىرىدىن
بەكلا بىئارام بولىمەن، ئەندىشىمۇ قىلىمەن، تويۇپمۇ
كېتىمەن. بەزىدە بېشىم بەكلا ئاغرىپ چىدىغۇچىلىكىم
قالمايدۇ.
قازان بېشىدا ئىدىم، ئۆيدىن ئاڭلانغان ئەنسىز
ۋارقىراشتىن چۆچۈپ كېتىپ يۈزلىرىمگە ياغ
چاچرىتىۋالدىم، يۈزلىرىم چىدىغۇسىز ئېچىشىپ
يىغلىۋەتتىم.
ـــ ئانا، ئاكام بۇرنۇمنى قانىتىۋەتتى!ـــ كىچىك
ئوغلۇم ئېرشات يىغلىغان پېتى ماڭا ئېسىلدى. بۇ ئىش
ئاران تۇرغاندا ئوت ئۈستىگە ياغ چاچقاندەك بولدى.

بالىنىڭ قانغا بويالغان ھالىتىنى كۆرۈپ كۆزۈمگە ھېچنېمە كۆرۈنمىدى. بۇرنىنى يۇدۇم، قان توختىدى، بىر كەمدىن كېيىن قولۇمغا نەلەردىن چىقىپ قالغان سۇپۇرگە كۆتىكى بىلەن ئىككىسىنى تازا ئۇردۇم.

— قاچان چوڭ بولۇشىسەن؟ قاچانغىچە مېنى خاتىرجەم قىلىشمايسەن؟... مەن ياشامدىم ياكى ھەرقايسىڭنىڭ دەردىدە ئۆلەمدىم؟...

— بولدى قىل، ئۆزۈڭنى بېسىۋال!... نېمانچە سەپرا بۇ؟!

ئۇ قاچان پەيدا بولدىكىن، قولۇمدىن سۇپۇرگىنى تارتىۋېلىپ، بالىلارغا قاراپ ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن:

— كىرىپ يۈزۈڭلارنى يۇيۇپ چىقىڭلار، — دېدى.

ئۇنى كۆرۈپ ئاچچىقىم تېخىمۇ كۈچەيدى، بالىلارغا دارىتمىلاپ ۋارقىراپ تىللاشقا باشلىدىم. ئۇ بولسا قولاشمىغان ھەرىكەتلەر بىلەن مۈرىلىرىمدىن، قوللىرىمدىن ئىتتىرىپ ھۇجرامغا ئەكىرىپ قويدى، بەكمۇ غەزەپلەنگەندىم. توختىماي ھاسىرايتتىم، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالغۇدەك ھالدا ئەمەس ئىدىم. كۆزلىرىمدىن ئاققان ياش يۈزۈمدىكى كۆيگەن يەرلەرنى تېخىمۇ ئېچىشتۇرۇۋەتتى، كۆيۈككە باھانە قىلىپ قانغۇچە يىغلىۋالدىم...

— توۋا، ماۋۇ خوتۇننىڭ ئەپتىنى، ئۆز بالىسىغا ئەمەس دۈشمەنگە مۇئامىلە قىلغاندەك...

ئۇ ماڭا ئېچىنغاندەك، نەپرەتلەنگەندەك، ھەتتا ھېسداشلىق قىلغاندەك نەزەردە بىرھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن چىقىپ كەتتى. ئۇنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن يۈگۈرۈپ قويتۇم ـ دە، ئىشىكنى جاڭگىدە ياپتىم. بىزنى

قانچىلىك تەستە بېقىۋاتىدۇ؟ قانچىلىك مېھرسىنى بېرىۋاتىدۇ؟ دېيىشنى ئۇقمايدىغان سەبىي بالىلىرىمنىڭ بىر ئاغزىدا مىڭ قېتىملاپ «دادا، دادا» دەپ چۇرقىراشقىنىنى، ئاللىنېمىلەرنى دەپ شىكايەت قىلىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ ساختا كۈيۈمچانلىق بىلەن:

— ئاناڭ ئۇرۇپ يۈزۈڭنى قانىتىۋەتتىمۇ؟ — دەپ ھاماقەتلەرچە سوئال سوراۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاندەك قىلدىم، ئاردىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، ئىشىك ئاستا ئېچىلىپ ئەمدىلا بەش ياشقا كىرگەن ئوغلۇمنىڭ بۇدرۇق قوللىرى يۈزۈمگە ئۇزىتىلدى:

— ئانا، يىغلىما، سەن يىغلىساڭ ئاغرىپ قالىسەن، ئاغرىپ قالساڭ ئۆلۈپ كېتىسەن... سەن ئۆلمە، سەن ئۆلسەڭ بىزنى كىم باقىدۇ؟ ئەمدى سېنى خاپا قىلمايمىز... راست، خاپا قىلمايمىز.

مېنىڭ نەرىم ئانىغا ئوخشايدۇ؟ بۇ ئائىلىدە ماڭا موھتاج بولىدىغان ئادەمنىڭمۇ بارلىقىنى ھەر ۋاقىت ئېسىمگە سېلىپ تۇرىدىغان بىغۇبار بالىلىرىم... ئاداۋەتنى، رەنجىشنى، ئۆچ ئېلىشنى بىلمەيدىغان يۈرەك پارىلىرىم... ئۇلارنى تىل ـ ھاقارەت دۈۋىسىگە كۆمۈۋەتكۈدەك، پاك قەلبىگە شۇنچىۋالا ئازار بەرگۈدەك ئۇلار نېمە گۇناھ قىلغانىدى؟ ئۇلارنى ئاق سۈتۈم بىلەن باقىقان ئەمەسمىدىم؟ ئۇلارنىڭ گۇناھى شۇكى، توي قىلىپمۇ، باللىق بولۇپمۇ ئەسكى ئادەتلەرنى تاشلىمىغان بىر دادىنىڭ ئۆيىدە تۇغۇلۇپ قالدى. جاپاكەش، مېھنەتكەش، ئەقىدىسى خورلانغان، قەدىرسىز، چىچىلغاق ئانىنىڭ بالىسى بولۇپ قالدى...

ئانام بالىلىرىمغا: «ئاناڭلارنىڭ جاپاسى كۆپ، خاپا

قىلماڭلار، خاپا قىلساڭلار ئاغرىپ قالىدۇ...» دەپ نەسىھەت قىلىدۇ. دادام ئۆتكۈر، ئەمما نارازىلىققا تولغان كۆزلىرىنى ماڭا مىختەك تىكىپ:

— بالىلارنى ئۇرما، تىللىما، بەك سىلكىپ كېتىۋاتىسەنغۇ؟ باقالمىساڭ بىز باقايلى... بىزگە بالا بېقىش ئېغىر كەلمەيدۇ...

— داداڭ راست دەيدۇ، بالام، باقالمىساڭلار ئۆزۈم بىر قوللۇق باقاي. لېكىن، ئاچچىقىڭنى بالىدىن چىقارما، بالىدا نېمە گۇناھ؟ ئىش ئۇقسا بالا بولامتى؟

ئانا، سېنىڭ بەختىڭگە، تۇرمۇشۇڭغا ھەۋەس قىلىمەن، شۇنداقلا ھەسەتمۇ قىلىپ قالىمەن. چۈنكى، يېنىڭدا ئۆينىڭ، تالانىڭ ئىشلىرىنى تالىشىپ يۈرۈپ قىلىدىغان، يۈكۈڭنى ھەر قەدەمدە بىر يەڭگىللىتىپ ماڭىدىغان، ساڭا قىلچىلىك ئېغىرچىلىقى چۈشمەيدىغان دادام بار. ئەمما، بىزنىڭ ئائىلىنىڭ غوجايىنى ھېلىغىچە بالىلىقىنى، بەڭباشلىقىنى تاشلىمىدى. ئائىلەمدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدىغان، ئەمما مېنى روھىي، جىسمانىي جەھەتتىن كېرەكتىن چىقىراي دەپ قالغان ئۇششاق ـ چۈششەك ئۆي ئىشلىرىنىڭ بارچىسى ماڭا تەئەللۇق. ئۆيمۇ مېنىڭ، بالىمۇ مېنىڭ. بارلىق ئاۋارىچىلىك، تۈگىمەس باش ئاغرىقلىرىنى ھەل قىلىشمۇ ماڭا يۈكلەنگەن. ئانا، سېنى دورىيالمىدىم. ئېغىر ـ بېسىق، مۇلايىم، پەرىشتىدەك سەۋرچان ئانا بولالمىدىم. بالىلىرىمنى ۋارقىرىماي، ئۇرماي، تىللىماي، ئازار بەرمەي باقالمىدىم. دادام ئېيتقاندەك، ئەرنى ئائىلىگە جەلپ قىلىپ تۇرالايدىغان تېخىمۇ لاياقەتلىك ئايال بولالمىدىم.

— يىغلىما ئوغلۇم، ئاناڭنىڭ كوت ـ كوت، هازازۇل، ئۇرۇشقاق خوتۇنلۇقىنى بىلىسەنغۇ... ئۇنىڭغا ئۆزۈم چۈشەندۈرەي. دەرس ئۆگەنمىسە نېمە بوپتۇ؟ مەنمۇ سەككىز يېشىمدا مەكتەپكە كىرگەن. باشلانغۇچ مەكتەپنى تۈگەتكىچە هېچ نەرسە بىلمەيتتىم. كىتاب كۆرگۈسى كەلمىسە قانغۇچە ئوينىۋالسۇن.

— سىنى دورىسا ئويۇنغىمۇ، باشقا نەرسىگىمۇ ئاسانلا قاندۇ. سېنى شىنجاڭدىن ئىزدىگەن بىلەن، كىم بىلىدۇ، كەلگۈسىدە ئوغلىمىزنى چەت ئەلدىن ئىزدەمدۇق، تېخى.

— ئىشقىلىپ، بالا بىلەن ئېيتىشما، ئويناپ ـ كۈلۈپ چوڭ بولسۇن...

— شۇنداق، ئويناپ ـ كۈلۈپ چوڭ بولسۇن... قىرىق ياشقا كىرگەن دادىسىمۇ ئوينىسۇن، سەككىز ياشقا كىرگەن بالىسىمۇ ئوينىسۇن...

— نېمە بولدى؟ كونا كېسىلىڭ قوزغىلىپ قاپتىغۇ؟

— كونا كېسىلىم قوزغىلىپلا قالماي بارغانسېرى ئەدەپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ ئۆيدە ساراڭ بولۇپ قېلىشىممۇ مۇمكىن. ئۇ ئۆينىڭ چىرىغى، بۇ ئۆينىڭ تۈرۈبىسى بۇزۇق. ئۇ ئۆينىڭ گىلىمى ساڭگىلاپ قالغان، بۇ ئۆينىڭ گەرنىزى... گاز ئوچاقنىڭ بىر تەرىپى بۇزۇلۇپ قالغىنى نېكەم، قاچان ئوڭشىتىمىز؟...

— يەنە بىر تەرىپى بۇزۇلغاندا بىراقلا ئوڭشىتارمىز...

— مانا ئەمەسمۇ؟ بۇ ئۆيدە بۇزۇلغان، چۈۋۈلغان نەرسىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن ئادەمنىڭ ئىچى سىقىلىدۇ. ياخشى شارائىتتا تۇغۇلغاندىن كېيىن ياخشى ياشىساق

بولامدۇ؟ ھامان بىر كۈنى بۇ ئۆيگە ئوت قويۇۋېتىمەن بەربىر ئۆيگە ئوخشىمىغاندىكىن، ئەر كىشى بار ئۆيمۇ مۇشۇنداق ۋەيرانە بولامدۇ؟...

— يائاللا خوتۇن، بولدى قىل، ماڭا ئىچىڭ ئاغرىسۇن، بالىلىرىم بىلەن ئارامخۇدا ئولتۇرۇۋالاي. ھەپتىدىن بىرى ئالدىراش، خىزمەت قىلىپ ھاردىم، چارچىدىم...

— مەن خىزمەت قىلمىدىم، ھارمىدىم، چارچىمىدىم. ئوڭدا يېتىپ تەييار يەۋاتىمەن، بەك راھەت كۆرۈۋاتىمەن...

— سەن دېگەن ئىشچان، قەيسەر خوتۇن ئەمەسمۇ؟ ئىش قىلمىساڭ يۇت - قولۇڭ قىچىشىپ كېتىدۇ. تەگەشمەي، تالاشماي ياشاپ باقايلى. بىزگىمۇ يارىشامدىكىن.

— تەگەشمەيدىغان ئىشنى قىل ئەر كىشى بولغاندىكىن!

بۇ گەپلىرىم ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىدىغاندەك ئەمەس. ئارىدىن نەچچە مىنۇت ئۆتمەيلا بىر ئوبدان خورەككە چۈشتى. پۈتۈنلەي ئىنكاسسىز ھالەتتە قالدىم. ئۇ مېنى زەردىگۆش قىلىش، تىرىكتۇرۇش ئۈچۈنلا بۇ ئۆيدە تۇرۇۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇنىڭغا ئىچ - ئىچىمدىن نەپرەتلىنىپ كېتىۋاتىمەن. چاچلىرى قالايمىقان، ساقال - بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ كەتكەن، كۆزلىرىنىڭ چۆرىسى قارىداپ، كۆكۈچ رەڭگە كىرىپ قالغان، چىرايىدىن ئۇزاق يىل كېسەل تارتقان ئادەمنىڭ ھارغىنلىقى، سولغۇنلۇقى چىقىپ تۇرغان بۇ ئەرنى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەم يېقىندىن بېرى ئامىتى قاچقان قىمارۋاز ئوخشايدۇ دەپ

ئويلاپ قالاتتى. ئۇنىڭ ھېچنېمىدىن غېمى يوق ئىككى پۇتىنى كېرىپ ئولتۇرۇپ ئۇخلاۋاتقان خاتىرجەم ھالىتىگە قاراپ، چىشلىرىم غۇچۇرلاپ چاينىغۇم كەلدى. نېمىشقىدۇر قەلبىمدىكى ئۆچمەنلىك ئوتى ئەۋجىگە چىقىپ تىترەپ كەتتىم. ئۇنىڭ بىرەر بالاغا گىرىپتار بولۇشىنى ئارزۇ قىلىپ كەتتىم. شۇ تاپتا ئۇنى كۆرمەس بولۇپ كېتىشنى خالايتتىم.

ئۇيقۇ بېسىپ كۆزۈمنى ئاچالماي ئۇخلاپ قاپتىمەن.

* * *

ئۆيگە كىرىمەن، تالاغا چىقىمەن. يەنە كىرىمەن، يەنە چىقىمەن. تۇرۇپ – تۇرۇپ ئاشخانا ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن سىرتقا تەلمۈرىمەن. نە دادىسى، نە بالىلىرى يوق. دادىسى: «ھازىرلا كېلىمەن» دەپ تېلېفون ئۇرغىنىغا ئۈچ سائەتچە بولدى. ئوغۇللىرىم بولسا كۆزۈمنى غەلەت قىلىپلا قاچىدۇ. تۈن كېچىگىچە نە ئاچقاننى، نە توققاننى، نە ئۇسسىغاننى بىلمەيدۇ. تاماقنى يەيدۇ، ئۇخلاشقا ياتىدۇ. كۈندۈزى ئۆتۈلگەن دەرسنى تەكرارلاش، تاپشۇرۇق ئىشلەش دېگەنلەر بالىلىرىمنىڭ خىيالىغا كېلىپمۇ قويمايدۇ. ياخشى ئوقۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى، ياخشى ئوقۇمىسا كەلگۈسىنىڭ ياخشى بولمايدىغانلىقى ھەققىدىكى نەسىھەتلىرىم دادىسىنىڭ ئۇلارغا چاپان يېپىشى بىلەن توزغاقتەك توزۇپ كېتىدۇ. ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىمنىڭ كۆپ قىسمى يا ئىرىمنى

كۇتۇش، يا ئوغۇللىرىمنى ئىزدەش بىلەن ئۆتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا تارتىدىغان ئىزتىراپلىرىم، تەشۋىشلىرىم، پىغانلىرىم، ئاغرىنىشلىرىمنى تەسۋىرلەش تولىمۇ قىيىن. دادىسىدەك ھەمدەم خىيال، بەڭباش ئوغۇللىرىمنىڭ كەپسىزلىك قىلىپ، ئويلىمىغان خاپىلىق، جەڭگى ـ جېدەل تېرىپىلا يۈرىدىغانلىقىنى ئېيتمايلا قوياي. ئۆزۈمنىڭ بالىلىق چاغلىرىمنى ئەسلەپ قاتتىق ـ قۇرۇق نانىنى سۇغا چىلاپ يەپ، نەچچە كىلومېتىر يولنى پىيادە بېسىپ ئوقۇغانلىقىمنى ئويلاپ: «بوپتۇلا، ئەركىن ـ ئازادە، خۇشال ـ خۇرام چوڭ بولسۇن» دەپ ئۆزۈمنى بەزلەيمەن. بىراق، كۆنبويى ھەر خىل ئاۋازلارغا قۇلاق سېلىپ يالغۇز ئولتۇرۇش، يىراقتىن كېلىۋاتقان كىشىلەرگە تەلمۈرۈش، ئۆيۈمدىكىلەرنى ئىزدەش... ئىشتىن ھېرىپ ئارانلا قالغان مېنى ھېچ ئارامىمدا قويمايدۇ. ئېرىمگە قايتا تېلېفون ئۇردۇم. يەقەت ئۇلانمىدى. تېلېۋىزورنىڭ ئالدىدا سائەتلەپ ئولتۇردۇم. نېمىلەرنى كۆرگەنلىكىم يادىمدا يوق. بىردىنلا تېرىكىشكە، بىئارام بولۇشقا باشلىدىم. ئىچىمنى ئاچچىق بىرنەرسە كولاپ يەۋاتاتتى. ئانامنىڭ ئۆي تۇتۇشنى، تاماق ئېتىشنى ئۆگەتمىدىغان ئېرى بار. ماڭا تەييار تاماقنى ئىسسىقىدا يەپ بېرىدىغان ئەر نېسىپ بولمىغان. دەرقەمتە ئولتۇرۇپ ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان مەززىلىك تاماقنى يەيدىغان، بىرلىكتە تېلېۋىزور كۆرىدىغان ۋاقىت بارغانسېرى ئازايماقتا ئىدى. بىر بولسا ئاشقان تاماق يەيمەن، بىر بولسا يېرىم كېچىدە قوپۇپ تاماق ئىسسىتىمەن. ساقلاتىسىغۇ مەيلى، مەست بولۇپ كەلسىلا، ھەممە ئىش ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ

كېتەتتى. بەزىدە ھەر ئىككىمىز ساراڭ بولۇپ قالغىلى تاسلا قالىمىز.

دادامنىڭ ئەبەدىي ئۆزگەرمەيدىغان يالقۇنلۇق ھېسسىياتى ھېلىھەم ئانامنىڭ روھىنى، جىسمىنى ياشارتىپ تۇرىدۇ. مەن بولسام ئۆزۈمنى دائىملا تىكەندەك يالغۇز ھېس قىلىمەن، شۇنداق بولغاچقىمىكىن چىرايىم ھېلىدىن ـ ھېلىغا سولىشىپ ماڭىدۇ. ئىپرىمنىڭ سىرتتىكى ئىشلىرى پەقەت تۈگىمەيدۇ. كۈتىدىغان مېھمانلىرى، تاڭ ئاتقۇچە، ھەتتا نەچچە كېچىلەپ ئوينايدىغان ئويۇنلىرى، خوتۇندىن قورقمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، نەدىلىكىنى دەپمۇ قويماسلىق، ھەتتا نەچچە كۈنگىچە تېلېفونىنى ئېتىۋېتىپ شەھەر ئاتلاپ يايراپ كېلىدىغان بىر يۈرۈش بىمەنە تاماشىلىرى بار...

ئادەمنىڭ ھامان كۆڭۈلسىز چاغلىرى بولىدۇ. لېكىن، مەن ھېچقاچان ئۆزۈمنى بوگۈنكىدەك پەرىشان ھېس قىلغان ئەمەسمەن. شۇ تاپتا يۈرەك باغرىم ئۆرتىنىپ، ۋاڭگىدە يېرىلىپ كېتەي دەۋاتىدۇ. ئەكبەرگە — بالىلىرىمنىڭ دادىسىغا بولغان غەزەپ ـ نەپرىتىم، ئۆچمەنلىكىم شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، ئۇنى تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن. «ئائىلە ئىنسان ئۈچۈن ھەم جەننەت، ھەم دوزاخ» دېگۈچىلەر توغرا ئېيتىپتىكەن، مانا مۇشۇ تاپتا ئائىلەم مەن ئۈچۈن دوزاخ بولۇۋاتامدۇ، ئەنە!

ئاخشام ئۇ يەنە كەچ كەلدى. كەچ كەلسىغۇ مەيلى ئىدى، يەنە ئىچىپ مەست كەلدى. مېنىڭ ھاراق ئىچمەسلىك، سالامەتلىكىنى ئاسراش، باشقىلارنىڭ، بولۇپمۇ پەرزەنتلەرنىڭ ئالدىدىكى ئىناۋىتىنى، ئابرۇيىنى

ساقلاش توغرىسىدىكى يىپلىنىشلىرىم، نەسىھەتلىرىم ئۇنىڭ ئالدىدا ئاللىقاچان قىممىتىنى يوقاتقانىدى. بۇ ئەرنىڭ گېپىمنى ئىلىك ئالمىدىغان، مېنى ھۆرمەتلىمەيدىغان چاغلىرى ئەبەدىي كەلمەسلىككە كەتكەنىدى. ئۇ ھەقىقىي بىر غالىب غوجايىنغا، مەن ئۇنىڭ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان ئاددىي قۇلىغا ئايلىنىپ قالغانىدىم. ئاتا ـ ئانامنىڭ دائىم مېنى باستۇرۇپ بېرىشلىرى، ئەكبەردىن ئاجرىشىش ھەققىدىكى ئارزۇيۇمنى قەتئىي رەت قىلىشى، جەمئىيىتىمىزدىكى ئۈچىنچى شەخسلەرنىڭ، تول ئايالالارنىڭ كۆپىيىپ بېرىشى، مېنىڭ ئائىلەمنى ـــ بۇ كىچىككىنە قىممەتلىك دۇنيايىمنى قوغداش ئۈچۈن تۆلەۋاتقان بەدەللىرىم، بېرىۋاتقان قۇربانلىقلىرىمنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ غوجايىنلىق، ئەرلىك، دادىلىق ھوقۇقىنى بالداقمۇبالداق يۇقىرى كۆتۈرۈۋەتكەنىدى. ئۇ كۆتۈرۈلگەنسېرى مېنىڭ ئورنۇم تۆۋەنلەپ باردى. سىزىپ تۇرۇۋاتىمەن، ئارىمىزدىكى زىددىيەت، ئۆچەكىشىش بارغانسېرى كۆچىيىپ كېتىۋاتىدۇ، يوشۇرۇن ھالەتتىن پۈتۈنلەي ئاشكارا ھالەتكە ئۆتۈۋاتىدۇ. بولۇپمۇ ئەكبەر ھاراق ئىچىپ مەست بولغان چاغلىرىدا تېخىمۇ شۇنداق. ئۇنىڭ مەندىن بىزار بولغانلىقى، زېرىككەنلىكى ھەم ماڭا بولغان ئۆچمەنلىكى شۇ دەرىجىدە روشەن ئىپادىلىنىدىغان بولۇپ كەتتى... ئۇنىڭ مەن بىللە ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىدىن ئەسلا رازى ئەمەسلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئاجايىپ شەپقەتسىز، قوپال سۆزلىرى، مۇزدەك، نەشتەردەك قاراشلىرى، مەنسىتمەسلىك، نەپرەت بىلەن تارتقۇچلاشلىرى، ھەتتا تولىمۇ يۈزسىزلىك، كۆڭلى

قارىلىق بىلەن: «مەن ئوغۇل بالىچىلىق، ئەركەكلىك قىلىۋاتىمەن. بىر ئايالنىڭ ھاياتىنى نابۇت قىلماي دەۋاتىمەن، سەن مەندىن خۇش بولساڭ، پەخىرلەنسەڭ بولىدۇ، بولمىسا سەندەك ۋاپاسىز ـ ۋات قانجۇقنى بالىلىرىمنىڭ ـــ گۆھەردەك ئىككى ئوغلۇمنىڭ ئانىسى دېمىسەم بۇرۇنلا تالاق قىلىۋېتەتتىم. ساڭا ئۇچراپ قالغانلىقىم پۈتۈنلەي مېنىڭ بەختسىزلىكىم، شور پېشانىلىكىم... سەن بىلەن چىداپ ئۆي تۇتۇۋاتىمەن، بۇنى بىلەمسەن؟» دېيىشلىرى؛ بىر بولسا مېنىڭ تامدەك تاتارغان چىرايىمغا، ئاچچىق خورلىنىشتىن جاقىلداپ تىترەۋاتقان تۇرقۇمغا قاراپ ئاچچىق كۈلۈشلىرى؛ يەنە بىر بولسا ئۆرە تۇرغۇدەك ھالىمۇ يوق تۇرۇپ، ھېچبىر رازىلىقىمسىز، مەيلىمسىز ئەسەبىي، قوپال ھەرىكەتلەر بىلەن ماڭا چاپلىشىشلىرى، ئەپلەشتۈرەلمىگەن يولسىزلىقلىرى، مېنىڭ قارشىلىقلىرىم، قېيداشلىرىم، سىلكىشلىرىمگە جاۋابەن تېخىمۇ غالجىرلىشىپ خورلاشلىرى، قىيناشلىرى بەكمۇ جېنىمغا پاتىدۇ.

دادام ئانامنى بەكلا ئىززەتلەيدۇ. بىرەر ئىش بولسا، بىرەر ئېغىز گەپ ئاڭلىسا ئاۋۋال ئانامغا ئېيتىشقا، ئۇنىڭ پىكرىنى ئاڭلاشقا ئالدىرايدۇ. ئەكسىچە، مېنىڭ ئېرىم... ئۇ ھەممە گەپنى ھاراق ئىچكەندە قىلىدۇ. مېنىڭ قانچىلىك ئازابلىنىدىغانلىقىمنى، ئۆزىدىن قانچىلىك يىراقلىشىپ كېتىدىغانلىقىمنى، ھەتتا سەسكىنىدىغانلىقىمنى بىلىپ، چۈشىنىپ تۇرۇپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ مەستلىكتە قىلغان تەلۋىلىكلىرىگە، ساراڭلىقلىرىغا، ئۆزىنىمۇ، مېنىمۇ بىر تىيىنغا

ئالغۇسىز قىلىۋېتىدىغان ئەسەبىي ھەرىكەتلىرىگە پەقەت مەنلا چىدايمەن. ئايالى بولغانلىقىم ئۈچۈن، ئىككى بالىنى ئارقىمۇئارقا تۇغۇپ تاشلىغان گۇناھىم ئۈچۈن، ئەڭ مۇھىمى، يوتقان ئىچىدىكى سىرلارنى ياتلارغا ئاشكارىلاش كەچۈرگىسىز ئەخلاقسىزلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنلىكىم ئۈچۈن ھەممىنى يوشۇرىمەن، ھېچكىمگە ھېچنېمە دېيەلمەيمەن، ئىچىمگە سالىمەن...

ھارغان، چارچىغان، ئىچكەن، چەككەن، يەنە تېخى بەدىنىدىن ئاللىقانداق غەلىتە پۇراق تارقىلىۋاتقان ئەر...

— ماڭا چېقىلما، ئۆتۈنۈپ قالاي... بۈگۈن مىجەزىم يوق...

— كىم شۇنداق دەيدۇ؟ ئۇنداق ئاسان ئىش يوق.

يىغلىنىشلىرىم، يالۋۇرۇشلىرىم، كۆز ياشلىرىم، ئىلتىجالىرىم كار قىلمىغان، ئاغزىدىن، تېنىدىن تارقىلىۋاتقان ھاراق، تاماكا، تەر پۇرىقى يەنە كۆڭلۈمنى ئېلىشتۇرۇپ، قۇسقۇمنى كەلتۈرىدۇ. ئاجايىپ خورلىنىمەن، ئاجايىپ مەيۈسلىنىمەن.

— ماڭا چېقىلما، ھايۋان، ئېشەك...

— توغرا دەيسەن، مەن ھايۋان، ئېشەك، يەنىچۇ؟ بىزنىڭ ئالىيجاناب خوتۇن، ئۆزۈڭنى باسقۇنچىلىققا ئۇچراۋاتقاندەك سېزىۋاتقان ئوخشىمامسەن؟ ئۆز ئېرىگە قارشىلىق كۆرسەتكەنىنىڭ مۇكاپاتى بۇ، ھايۋان دېگەن نېمە قىلسا بولۇۋېرىدۇ...

«ئاھ خۇدا، ئايال كىشىنى نېمىشقىمۇ بۇنچىۋالا چىداملىق، بۇنچىۋالا تاقەتلىك قىلىپ ياراتقانسەن ـ ھە!»

— بىز ئاجرىشىپ كېتەيلى، بۇ ئۆيىنىڭ تۇتقۇچىلىكى قالمىدى.

— بىزنىڭ ئۆي بۇزۇلۇپ كېتىدىغان ئۆي ئەمەس، ھەممە گۇناھ مەندە، ئۇرساڭمۇ، تىللىساڭمۇ نىمە قىلساڭ مەيلى، ئەمما ئۇ گەپنى ئاغزىڭغا ئالما...

— مۇشۇمۇ ئۆيمۇ؟ مۇشۇمۇ تۇرمۇشمۇ؟ سەنمۇ ئادەممۇ؟ سەندەك ياشىغۇچە ئۆلۈۋالغان ياخشى...

— مەن ئادەم بولاي، نىمە دىسەڭ شۇنى قىلاي ئەمدى بولدى قىل...

ئۇنىڭ چىك تۇگۈلگەن مۇشتلىرى، ئەلەمگە، خورلۇققا، چارىسىزلىككە پاتقان بىچارە ھالىتى... ئادەمنى ھەممىدىن بەزدۈرىدىغان، ئەقىلدىن ئايرىپ سارالڭ قىلىدىغان بۇ خىل مۇناسىۋەت، بۇ جەڭگى — جىدەل پات — پات تەكرارلىنىپ، ئۆزگەرمەس ھايات قانۇنىيىتىدەك داۋاملىشىپ تۇرىدۇ. مەست بولۇۋالغاندا ئۇ غالىب، مەستلىكى يېشىلگەندە مەن غالىب. يەر بىلەن يەكسان بولغان قەدىر — قىممىتىم، ئازار يېگەن، دەپسەندە قىلىنغان ئىززەت — ھۆرمىتىم، ئەقىدە — ھېسسىياتلىرىم ئۇچۇن كۇندۇزى ئۇنىڭدىن ھەسسىلەپ قىساس ئالىمەن. جېدەل — ماجىرالىرىم، ھازازۇل، بىشەملىكىم شۇنچىلىك ئەۋجىگە چىقىدۇكى، ئۇ سائەتلەپ يالۋۇرۇشقا، راست — يالغان ۋەدىلەرنى بېرىشكە، ئالدىمدا ئىتتەك ياۋاشلاپ تىزلىنىشقا، خورلانغىنىغا چىدىماي يىغلىۋېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. گويا بىر — بىرىمىزنىڭ ھاياتىنى ۋەيران قىلىش ئۇچۇنلا بىر ئۆيگە سولىنىپ قالغان ئەشەددىي، رەھىمسىز رەقىبلەردەك بىر — بىرىمىزنى ئاجايىپ خورلايمىز، ئاجايىپ ئازابلايمىز... بۇنىڭ بەدىلىگە نەچچە كۇنلەپ،

نەچچە ھەپتىلەپ ھوشىمىزغا كېلەلمەي، مەست، گاراڭ، ئەلەڭ ـ سەلەڭ ھالەتتە ياشايمىز.

مەن ياخشى ئايال بولالمىدىممۇ؟ ئۇنىڭغا يۈز كېلەلمەيدىغان يېرىم بارمۇ؟ مەيلى ئاش ـ تاماق ئېتىش، مەيلى ئۆينى پاكىز، ئازادە سەرەمجانلاشتۇرۇش ۋە ياكى بالىلارنى بېقىش، تەربىيەلەشتە بولسۇن، قولۇمدىن كېلىدىغانلا ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىۋاتىمەن، ئەتراپىمدىكىلەر ئىچىدە مېنى ماختىمايدىغانلار يوق. ھەتتا مەھەللىدە ھېچكىم بىلەن ئەپ ئۆتمەيدىغان، ھەممە ئادەمگە نەشتىرىنى، زەھىرىنى سانجىيدىغان شەرۋانىخانمۇ ھازىر مېنى ئۈلگە قىلىپ تىكلەپ، كېلىنلىرىگە زەربە بېرىشنىڭ ياخشى قورالى قىلىۋالدى:

ــ قەدرىيەگە قاراڭلار، داۋاملىق كۈن چىقماستا ئورنىدىن تۇرىدۇ، ئۆيلىرىنى تازىلايدۇ، كۈندە تونۇر بېشىدا ئۆچرەت تۇرۇپ، ئەكبەرنى، بالىلىرىنى ئىسسىق ناندا ناشتا قىلدۇرىدۇ، سىلەرچۇ؟...

ــ قەدرىيە بالىسىغا قۇرۇق ئەمچەكنى تەڭلەپ تۇرمايدۇ. كۈندە ئۈچ ۋاق تاماق ئېتىپ يېگۈزىدۇ. بالا دېگەن قورسىقى تويسا، ۋاقتىدا ئۇخلىسا ئەي بولىدۇ. نەدە بىر خامختىلا نەرسىلەرنى يېگۈزۈپ، خالىغان چاغدا ئۇخلاتسا بالا چوڭ بولامدۇ؟...

ــ ئاۋۇ قەدرىيەنىچۇ، ھەقىقىي خوتۇن، چېۋەر كېلىن دېسە بولىدۇ. ئاش ـ تاماقىمۇ ئۇستا، ئۆزى چاققان، يەنە كېلىپ مىجەزى ئوڭلۇق. قېيىنئانا ـ قېيىنئاتىلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئالالايدۇ... خۇدا قانداق تەلەيلىك ئادەملەرگە مۇشۇنداق كېلىن بېرىدىكىنتاڭ...

مېنى قارىتىپ قويۇپ كېلىنلىرىنى توختىماي

دوقۇسلىتىدىغان، مېنى خىجىلچىلىققا، ئوڭايسىزلىققا پاتقۇزىدىغان بۇ ئايال قوشنام كېلىنلىرى يېنىمدىن ئايرىلىشىغىلا، مېنى دوقۇسلىتىشقا باشلايدۇ:

— سىلىنىڭ بالىلار داۋاملىق بىزنىڭ ئىشىك ئالدىغا كەمپۇت قەغىزى تاشلاپ قويىدۇ. تۈنۈگۈن قاراپ تۇرسام بالاڭنىڭ شۆپۈكىنى ئىشىكىم ئالدىغا چۆرۈۋاتىدۇ.

— سىلىنىڭ چوڭ ئوغۇل ئىشىكىمىزنى قېقىپ قويۇپ قېچىپ كەتتى. نەسىھەت قىلىپ قويسىلا، داۋاملىق چۇشلۇك ئۇيقۇمنى، ئامىزىمنى بۇزۇۋېتىدۇ.

— سىلىنىڭ كىچىك ئوغۇل ئىشىكىم ئالدىغا سىيىپ قويدى...

ھەر كۈنلۈكى قوشنامغا نەچچە رەت ئۆزرە ئېيتىمەن. بالىلىرىمغا زېرىكمەي نەسىھەت قىلىمەن. بەزىدە بولسا ئىچىم شۇنچىلىك تىتىلداپ: «تىوۋا! مۇشۇنداق ھازازۇل قېيىنئانىنىڭ ئۆيىدە كېلىنلەر ياكى كۈيئو ئوغۇل تۇرىدۇ — ھە» دەپ كېتىمەن. بۇ ئۆيدە ھەتتا قىرىق يىلدىن بېرى ھەممىگە سۈكۈت قىلىپ ياشاۋاتقان، ئەمما ئائىلىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ئەزاسى سۈپىتىدە ھېچقانداق ئورۇنغا، ھېچقانداق ئىمتىيازغا ئىگە بولالمىغان بىر ئەر، بىر دادا، ياق، نەۋرىلەرگە بەكمۇ ئامراق چوڭ دادا ياشايدۇ. ئۆزلىرى ۋە باشقىلار ئۆي دەپ ئاتىۋالغان ماكاندا ياشايدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ قەلب چوڭقۇرلۇقىدا، روھىي دۇنياسىدا نېمە بارلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

تولا داۋاملىشىدىغان ئىچىملىك سورۇنى ئەكبەرنىڭ جىسمىنىلا ئەمەس، روھىنىمۇ چىرىتىپ بولدى... ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا گەپىنى كۆپ قىلمىسىمۇ، ھەربىر ئىشىنىڭ، ھەربىر سۆزىنىڭ تورى

بار، نازۇك، كۆڭۈلچەك. ئەستايىدىل يىگىت ماڭىلا
ئەمەس، ئۆزىگىمۇ شۇنداق سوغۇق، شۇنداق بىپەرۋا،
تاشلاندۇق، ئەرزىمەس نەرسىگە مۇئامىلە قىلغاندەك
ياشاشقا ئادەتلەنگەن. ئاخشام ئۇ تاڭ ئېتىشقا يېقىن
قايتىپ كەلدى. كۈندىكىدەك جەڭگى ـ جېدەل قىلمىدى.
بەكلا چارچاپ كەتكەن بولسا كېرەك، كارىۋاتقا چىقىپلا
ئۇيقۇغا كەتتى. ئۆينىڭ ئىچى غەلىتە بىر پۇراققا
تولغانىدى. قارىسام ئاياغ ـ پايپاقلىرى، ئىشتانىنىڭ
پۇچقاقلىرى يىن ئازگىلىغا چۈشۈپ كەتكەندەك، پۈتۈنلەي
پوق ـ سۈيدۈك، ئاياغ ـ پايپاقلارنى سىرتقا چۆرۈپ
تاشلىدىم. شىمىنى سالدۇرۇپ كىر ئالغۇغا تىقىۋەتتىم.
بىر داس سۇنى ئەكىرىپ، ئىسسىق لۆڭگە بىلەن
بەدىنىدىكى مەينەتچىلىكلەرنى پاكىز سۈرتتۈم. ھېرىپ
ھالىم قالمىغانىدى. ئۆزۈمنى ياستۇققا تاشلىدىم. كۆزۈم
ئەمدىلا يۇمۇلغاندەك قىلىۋىدى، بىركەمدە قانداقتۇر
غەلىتە، يېقىمسىز ئاۋازدىن چۆچۈپ كەتتىم. ئۇ
كارىۋاتنىڭ قىرىدا ئولتۇرۇپ ھە دەپ ياندۇرغىلى
تۇرۇپتۇ. ھەرنېمە بولسا يوتقان ـ كۆرپىنى
بۇلغىۋەتمەپتۇ. ئۆينىڭ ئىچىدىكى سېسىق پۇراق ئادەم
چىداپ تۇرغۇسىز ئىدى. تېخى سەللا ئىلگىرى دېرىزىنى
ئېچىۋەتكەنىدىم. ئەمدى ئىشىكنىمۇ ھاڭدەك
ئېچىۋەتتىم. ئۆينىڭ ئىچى مۇزلاپ كەتتى. ئەكبەرنىڭ
قارىدىغان، كۆكەرگەن چىرايىغا، تىنىقىدىن ئۇرۇلۇۋاتقان
سېسىق، قاڭسىق، ئاچچىق پۇراققا پەرۋا قىلمىغاندەك
ئىسسىق سۇ ئېلىپ چىقتىم. ئەپسىز ھەرىكەتلەر بىلەن
يۈز ـ كۆزىنى يۇيۇشىغا، ئېغىز ـ بۇرۇنلىرىنى
چايقىشىغا سۈكۈت ئىچىدە قاراپ تۇردۇم. ئۇنىڭ

مەيدىسىنى چاڭگاللىۋېلىشىدىن، ئېغىر، تەرتىپسىز نەپەس ئېلىشىدىن، چىرايىدىكى ئازابلىق ئىپادىسى، توختىماي ئىنجىقلىشىدىن، ئۇنىڭ ئاشقازان يارىسىنىڭ قوزغىلىپ قالغانلىقىنى بىلدىم. ئەمما، كۆڭلۈمدە ھېسداشلىق قىلىش، غەم قىلىش دېگەندەك تۇيغۇ يوق ئىدى. تۇنجى قېتىم ئىچىم قارىلىق بىلەن: «خوپ بولدى، جان ئۆزۈڭنىڭ بولغاندىكىن خالىغانچە ئىچ، تويغۇچە ئىچ. ئۇنىڭسىزمۇ ھاراقفا، قىمارغا ئاز دەسمايە سېلىۋاتامسەن؟!» دەپ ئۆز ـ ئۆزۈمگە پىچىرلىدىم. ئۇنىڭ دورىلىرىنى ئىچۈرۈپ، ئورنىنى قايتىدىن تۈزەشتۈرۈپ ياتقۇزۇپ قويدۇم. ئۆينىڭ ھاۋاسىنى پۇتۇنلەي بۇزۇۋەتكەن بەتبۇي قۇسۇقلارنى بىر ـ بىرلەپ تازىلىدىم. شۇنداقتىمۇ ئۆينىڭ ھاۋاسى قىلچە پاكىزلانمىغانىدى. بالىلىرىمنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ ئەدىيالنى يوملاپلا بېشىمغا قويدۇم. سەللا نېرىدىكى يازلىق يوتقاننى تارتىپ يېپىنىۋالغۇدەكمۇ ماجالىم قالمىغانىدى.

بەش يېرىم كۈنلۈك خىزمەت جىددىيچىلىكى ھارغۇزۇپ ھالىمنى قويمىغاچقا شەنبە ـ يەكشەنبىنىڭ تېزرەك يېتىپ كېلىشىنى زارىقىپ كۈتىمەن. ئۆز ئىلكىمگە قالغان بۇ بىر يېرىم كۈنلۈك ۋاقىت ماڭا ئاجايىپ قىممەتلىك، ئەزىز بىلىنىدۇ. بۇ بىر يېرىم كۈن ئىچىدە ئاجايىپ قىزىقارلىق، ئۈمىدلىك، جەلپ قىلارلىق، ئەبەدىي ئۇنتۇلماس شېرىن ھايات باشلىنىدىغاندەك، تۇرمۇشۇمدا مۆجىزە، ھېچبولمىغاندا ئاز ـ تولا بۇرۇلۇش ياسىلىدىغاندەك، ئۆزۈمچە تاتلىق ئارزۇلاردا، خىياللاردا بولىمەن. پەقەت بولمىدى دېگەندىمۇ، ئۇزاقتىن بېرى يىغىلىپ قالغان، تاشلىنىپ

قالغان ئائىلە ئىشلىرىنى تۈگىتىۋالسام، تەرتىپلىك، رەتلىك، ئازادە تۇرمۇش كەچۈرسەم دەپ ئويلايمەن. لېكىن، شەنبە ـ يەكشەنبىدە كۆرىدىغان كۈنۈم ھەرگىزمۇ خىزمەت ۋاقتىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ. چۈنكى، كۈنلىرىم نەگە بارغىنىمنى، نەدە تۇرغىنىمنى بىلگىلى بولمايدىغان ئەكبەر تېپىپ بەرگەن تالاي ـ تالاي مەنىسىز ئاۋارىچىلىكلەر، سىقىلىش، نەپرەتلىنىش، سەسكىنىش ئىچىدە ئۆتىدۇ... ئادەتتىكى كۈنلەردىن بەكرەك چارچايمەن ھەم جاپا چېكىمەن... ئالدىنقى كۈنى ئاغرىپ قېلىپ ئورنۇمدىن تۇرالمايلا قالدىم. ئوغۇللىرىم ئەكبەرگە تېلېفون ئۇرسا، ھازىر بارىمەن دەپ كەلمىدى. ئاخىر بولالماي ئۆزۈم تېلېفون قىلىپ:
— پۇتۇن بەدىنىم جاقىلداپ تىترەپ كېتىۋاتىدۇ. مېنى دوختۇرخانىغا ئاپارغىن...— دېسەم، ئۇ قىلچە پەرۋا قىلماي:
— ۋاقتىم يوق، دوستلىرىم بىلەن ئولتۇرغان، ئۆزۈڭ بېرىۋەر،— دەپ تېلېفوننى ئۈزۈۋەتتى. ئاخىر ئۇدۇل قوشنام دوختۇرخانىغا ئاپاردى. ئىككى كۈن جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىدە يېتىپ ئاران دېگەندە ساقىيىپ چىقتىم. شۇ ئىككى كۈن جەريانىدا ئۇنىڭ تېلېفونى پەقەتلا ئۇلانمىدى. بۈگۈنكى ئەپتى بايىقى...
بۇنداق ۋاقىتلاردا ئۆزۈمنى ئۇيانغا ئاتىمەن، بۇيانغا ئاتىمەن. تەنلىرىمگە مىخلار سانجىلىۋاتقاندەك، ئىچ ـ ئىچىمدىن بىئارام بولۇپ ئازابلىنىپ كېتىمەن. تۇرۇپلا نەپىسىم سىقىلىپ، مىڭلىغان قوللار گېلىمدىن بوغۇۋاتقاندەك بىئارام بولۇپ كېتىمەن. ئەكبەر

ئۆزگەردى. ئادەم ھەيران قالغۇدەك، تونۇيالمىغۇدەك ئۆزگەردى. ئۇ ئاشۇ خارابلاشقان، چىرىگەن روھى بىلەن تىپخى مەندىن قۇتۇلۇشنى ئويلايدىكەن. ئۇ ئاخشامقى ئەپتى، باياتىنقى ئەلپازى بىلەن ئۆزىگە ئىشىنىدىكەن، تەمەننا قويىدىكەن. «ئايالىم نىمىلەرنى ئويلاۋاتقاندۇ، ئۇ پەقەت ئامالسىز، مەجبۇرىيەتتىنلا مەن بىلەن ئۆي تۇتۇۋاتقانمىدۇ؟» دېگەنلەر ئەسلا خىيالىغا كىرىپ چىقمايدىكەن. مېنىڭ ھاياتىمنى ۋەيران قىلماي دەپلا بىللە ئۆتۈۋېتىپتىمىش. مېنىڭ ئۇنىڭغا ئۇچراپ قالغانلىقىم ئۇنىڭ بەختسىزلىكى، تەلەيسىزلىكى ئىكەن... نېمىدېگەن قورساق ئەستى گەپلەر...

«ھالىم ئاسماندا، تۇمشۇقۇم پوقتا» دېگەن ماقالنى قايسى دانالار ئېيتىۋىدىكىنتاڭ... ئۇنداقتا، مېنىڭ ئۇنىڭغا ئۇچراپ قالغانلىقىم، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇنىڭ بىلەن مۇنۇ دوزاخقا سولىنىپ قالغانلىقىم، يەنە كېلىپ زادىلا قۇتۇلالمايۋاتقانلىقىم مېنىڭ بەخت ـ تەلىيىم ئىكەن ـ دە! بولدى قىلاي، كۆڭۈللۈك ئىشلارنى خىيال قىلاي، بىر مەست بىلەن گەپ تەگىشىپ نېمە ئۆزۈمنى ئاۋارە قىلىپ يۈرىمەن. ھېلىمۇ بىر ـ بىرىمىزنى ئاز رەنجىتتۇقمۇ؟... ئۇدۇل دېرىزىدىكى نېپىز ئاقۇچ پەردىنىڭ ئاراچلىرىدىن سىغدىلىپ كىرىپ، تامنىڭ ئۇ يەر، بۇ يەرلىرىگە شولىسىنى چېچىۋاتقان ئاي نۇرى ھۇجرىغا خىلىلا سېھرىي كۈچ ئاتا قىلغان. بۇ ئۆينىڭ ھاۋاسى شۇنچىلىك ساپ، شۇنچىلىك ئىللىق ئىدى. يېنىمدا ئوغۇللىرىم ياتىدۇ. ئۇلار ئاسلاندەك تۈگۈلۈپ، يېنىك پۇشۇلداپ ئۇيقۇغا كەتكەن. پۈتكۈل قىياپىتىدىن

بالىلىقنىڭ بىغۇبار ئىزنالىرى، غەمسىز كۆلكىلىرى، غەرەزسىز، تاماسىز ئىنتىلىشلىرى بالقىپ تۇرىدۇ. ئۇلار ھەرقانداق ئىشتىن بىخەۋەر تاتلىق ئۇخلىماقتا. ئۇلار ئائىلىسىگە تەھدىت سېلىۋاتقان كۆڭۈلسىزلىكنىڭ، بەختسىزلىكنىڭ، كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان پاجىئەلەرنىڭ بېشارىتىدىن تامامەن خەۋەرسىز. خەۋەر تاپسىمۇ نېمە قىلىپ بېرەلەيدۇ؟

يېقىندىن بېرى ئۆتكەن ئىشلارنى تولا ئويلايدىغان، كۆنلەپ ـ كۆنلەپ ئۇخلىيالمايدىغان، ھېچ گەپتىن ھېچ گەپ يوقلا كۆزۈمنى پىيالىدەك چوڭ ئېچىپ، يارىلانغان يىلاندەك تولغىنىپ تاڭ ئاتقۇزىۋېتىدىغان بولدۇم. كۈندۈزى خىزمەتنىڭ ھارغىنلىقىدىن، ئىشنىڭ تولىلىقىدىن قاچان كەچ بولار دەپ تەلمۈرۈپ كېتىمەن. ئەمما، كەچ بولۇپ ئۆيگە قايتسامىلا مېنى غەم، خىيال، مۇڭ باسىدۇ. ئىنساننىڭ ئۆزى ئۈچۈن تىنچ، كۆڭۈللۈك، ئارامبەخش ماكان ھازىرلىمىقى، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ شاد ـ خۇرام ياشىمىقى نەقەدەر قىيىنغا توختايدۇ ـ ھە!

مەن بۇ ئەر بىلەن ھەر كۈنى بىر ئۆيدە ياشايمەن. باللارغا يامان تەسىر بەرمەسلىك ئۈچۈن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ تاماق يەيمەن. باللارنىڭ گۇمانلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئەلەم، خورلۇق، ئازاب، ئۆچمەنلىكتىن ۋاقىتسىز قورۇلۇپ كەتكەن سولغۇن چىرايىمغا كۈلكە يۇگۇرتۇشكە، ئۆزۈمنى خۇشال، خاتىرجەم كۆرسىتىشكە تىرىشىمەن. بۇ ئۇرۇنۇشلىرىم بەزىدە ئاقىدۇ، بەزىدە زادىلا ئاقمايدۇ. بۇنداق چاغلاردا ئۇ تەبىئىيكى ئارتىسلىق قىلىدۇ. ئۇ بالىلىرىم ئالدىدا

خۇشخۇي قىياپەتكە كىرىپ ماڭا كۆيۈنىدىغانلىقىنى، غەمخورلۇق قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ:
— ئىش دېگەننى قاچان قىلسا بولىدىغۇ، نېمانچە جېنىڭنى قىينايدىغانسەن، مەن بىلەن، باللار بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرساڭ بولماسمىدى؟ باللىرىم، ئاناڭلارنىڭ جاپاسى كۆپ، تېنى ئاجىز، شۇڭا ئاسان چارچاپ قالىدۇ. ئاسانلا خاپىلاپ تېرىكىدۇ، شۇڭا ئۇنى خاپا قىلماڭلار، گېپىڭلار بولسا ماڭا دەڭلا...
يەنە تېخى تاماق قاچىسىدىكى گۆشتىن بىرنەچچە تال ئېلىپ، ئۇنىمىغىنىمغا قويماي باللارنىڭ كۆزىچىلا قاچامغا سېلىپ قويۇشلىرى، ھېلىلا دەملەپ ئېلىپ كىرگەن چاينى پىيالىگە قۇيۇپ قوش قوللاپ سۇنۇشلىرى، قىلچە ئەھمىيىتى بولمىغان ئىشلار ئۈچۈن مەسلىھەت سوراشلىرى... بەزىدە ئۇنىڭ بۇ ساختا، يالغان قىياپىتى غەزەپ - نەپرىتىمنى كۆچەيتىپ، شۇنچىلىك ئىچىم سىقىلىدۇكى، تاسلا قالىمەن ساراڭ بولۇپ قالغىلى... «بىز نېمشقا بىر - بىرىمىزگە سەممىي بولالمايمىز؟ نېمىشقا بىر - بىرىمىزگە ئويۇن قويىمىز؟ نېمىشقا ھېلى راستتەك، ھېلى يالغاندەك ھايات كەچۈرىمىز؟»
بىزنىڭ بىر جان، بىر تەن بولۇپ يۇغۇرۇلۇپ كېتىدىغان، قىزغىن سۆيۈشىدىغان، شېرىن شىۋىرلىشىدىغان، تاڭ ئاتقۇچە سىردىشىدىغان ئۇنتۇلغۇسىز شېرىن كۈنلىرىمىز ئەكبەر ھاراقتا، ئويۇن - تاماشىغا بېرىلگەن شۇ كۈنىدىن باشلاپ تامامەن ئاخىرلاشقانىدى. مەن ئۇنى ھېچ نەرسىدىن توسۇپ بولالمىدىم. ھازىر تېخىمۇ توسۇپ بولالمايمەن. چۈنكى، ئۇ ماڭا موھتاج بولغان، مېنى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرگەن

چاغلىرىدىمۇ، مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلىمىغانىدى. ئەمدى تېخىمۇ ئاڭلىمايدۇ. ئۇ ھازىر ماڭا موھتاج ئەمەس، يەنە كېلىپ كۈندە كەچتە دېگۈدەك بولۇپ تۇرىدىغان ھاراق سورۇنلىرى ئۇنىڭ روھىنىلا ئەمەس، جىسمىنىمۇ خورىتىپ ناباۋت قىلىپ بولدى. مېنىڭ ھازىر بۇنچە كۆپ ئىشلارغا قىلچە ئامالىم يوق...

كېچىچە ئارام ئالالمىغاچقا روھسىزلا تۇرۇۋېتىمەن. زورۇقۇپ يۇرۇپ ئۆينى ئانچە - مۇنچە يىغىشتۇردۇم. ئاندىن سەپەر تەييارلىقىنى قىلدىم. ئىشلىرىمنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئۇنى ئويغاتتىم. ئۇنىڭ قاپاقلىرى سىيلىنغان، كۆزلىرى قىزارغان، چىرايى تاتارغان، چاچ - ساقاللىرى ئۆسكىلەڭ بولۇپ كەتكەنىدى. مەستلىكتىن يېشىلمىگەنلىكى، مېنىڭ بىمەھەل ئويغاتقىنىمدىن نارازى بولغانلىقى چىقىپلا تۇراتتى. ئۇ كۆزلىرىنى ئالايتتى، ئەمما ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈرمىدى.

— تۈنۈگۈن زۇلپىيە ئاچام مېنى كېلىپ كەت دەپ تېلېفون قىپتىكەن. بىرەر ئايدىن بېرى يۇرتقا قايتىپ باقمىدىم ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ماڭا بىرەر قۇر لازىمەتلىكلەرنى بۇيرۇغانىدى، شۇلارنى ئاپىرىپ بەرگەچ يوقلاپ كېلەي دېگەنىدىم...

ئۇ خۇددى گېپىمنى ئاڭلىمىغاندەك، ئاڭلىسىمۇ جاۋاب بېرىشكە رايى يوقتەك خېلى ئۇزاققىچە كۆزلىرىنى يۇمۇپ ھېچ نەرسە دېمىدى. مېنىڭ بېشىمدا قاراپ تۇرۇۋاتقانلىقىم، ئالدىراۋاتقانلىقىم خىيالىغا كىرىپ چىقمىدى. تىرىكىپ تۇرساممۇ، ئۇنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئۇساللىشىپ كېتىۋاتقان مىجەزىنى چۈشەنگەچكە، ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ مۇلايىملىق بىلەن:

— گەپ قىلمامسەن، ئاچامنى يوقلىغىلى بارامدىم — بارمامدىم؟ — دەپ سورىدىم.

— بارساڭ بارمامسەن؟ تەييارلىقنىمۇ قىلىپ بوپسەنغۇ، — ئۇنىڭ ئاۋازى «غاراڭ - غۇرۇڭ» چىقىپ، چىرايىمۇ تېخىمۇ ئۇساللىشىپ كەتكەنىدى.

— نېمانچە قوپال تېگىسەن، ئاشقازىنىڭ يەنە ئاغرىۋاتامدۇ؟ — ئەتىگەندىلا كۆڭلۈم ئازار يېگەن بولسىمۇ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. ئۇنىڭ بىلەن گەپ تالاشقۇدەك ھالىممۇ يوق ئىدى.

— خوتۇن كىشى تۇرۇپ ئېرىڭنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي نەرسە - كېرەكلىرىڭنى تەييارلاپ بوپسەن. ئۇستاتلىقىنى قارا بۇنىڭ، سەپەرگە جابدۇپ بولۇپ، ماڭىدىغان چاغدا مەندىن رۇخسەت ئالغان بولۇۋېلىۋاتامسەن؟

— تۇۋا، تولا تەتۈرلۈك قىلما. تۈنۈگۈن ساڭا بەش قېتىم تېلېفون ئۇردۇم، ئالمىدىڭ، ئەسلىدە تۈنۈگۈن ماڭايمىكىن دېۋىدىم، مۇمكىن بولمىدى. ئاخشام يېرىم كېچىدە كەلسەڭ، كىمدىن رۇخسەت سورايمەن؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ ئاچامنىڭ مېنى تۇنجى قېتىم چاقىرتىشى، مۇھىم گەپ - سۆزى بولمىسا كېلىپ كەتكىن دېمەيتتى...

— ئوبدان دەپتۇ، سىلەر ئاچا - سىڭىللار بەك ئامراق ئەمەسمۇ؟ بېرىپ ئاچاڭغا قېنىۋېلىپ كەل. ھەرقاچان دەرد تۆكۈپ كېلەرسەن...

ئۇنىڭ قەستەن ئەسكىلىك قىلىۋاتقىنىنى سېزىپ تۇرسامۇ سەپەرگە چىقىش ئالدىدا بولغاچقا، ئۇنىڭ زەھەردەك گەپلىرىگە پەرۋا قىلمىدىم. مۇمكىنقەدەر سىلىق - سىپايە، مۇلايىم بولۇشقا تىرىشتىم.

— بالىلارنى قانداق قىلىسەن؟ — دېدى ئۇ خۇشياقمىغاندەك.
— چوڭ ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرارمەن شۇ...
— قاچان قايتىپ كېلىسەن؟
— ئەته كەچته... بالدۇرراق يولغا چىقارمەن، ئەتىل ۋاقتى بولسىغۇ بالىلارنى ئاپىرىپ بىرەر ھەپته تۇرۇپ كېلەتتىم...
— خوش ئەمىسە... — دەپلا ئەكبەر ئىنزىلەڭگۈلۈك بىلەن يانغا ئۆرۈلۈپ دۇمبىسىنى قىلمۇالدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىگە قاراپ بىردەم تۇرۇپ كەتتىم، ئاندىن ئىغىز ئاچتىم:
— سىنى موتوسىكلىت بىلەن ئاۋۋال بالىلارنى چوڭ ئۆيگە ئاپىرىۋەتسەڭ، ئاندىن مىنى بېكەتكە ئاپىرىپ قويامدىكىن دېگەن.
— مىنىڭ چولام تەگمەيدۇ...
ئۇنىڭ پەرۋاسىزلىقى، قوپاللىقى، يەنە تېخى قىلچە باھانە ـ سەۋەب كۆرسەتمەي، توڭلۇق بىلەن: «چولام تەگمەيدۇ» دېيىشلىرى ئوغامنى قايناتتى. بىردىنلا غەزىپىم تاشتى:
— شۇنداق قىلاي، ئاچام مىنىڭ بولغاندىكىن...
— ھە قانجۇق، نىمە دىمەكچىسەن؟ — ئۇ ئۆرۈلۈپلا چاچراپ تۇردى ـ دە، ماڭا ھۇرپەيدى.
— مەن نىمە دەيتتىم، نىمە دىيەلەيتتىم؟ سىنىڭ قايسى ئىشقا چولاڭ تەگكەن؟ ئۆتكەندە مىجەزىم يوق دەپ تېلىفون قىلسام، دوختۇرخانىغا ئۆزۈڭ بار، چولام تەگمەيدۇ دېدىڭ. سىنىڭ ھەممە ئىشقا چولاڭ تەگمەيدۇ، سەن بەك ئالدىراش، سەن دۇنيانىڭ چوڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ئادەم ئەمەسمۇ...

— ھۇ قانجۇق، ئاغزىڭ يەنە ئېچىلدىمۇ؟ چىقە ئۆيدىن...

خۇددى شۇ سۆزنىلا كۈتۈپ تۇرغانـدەك سىرتقا ئۆزۈمنى ئاتتىم. ئۇنىڭ مېنى تىللىغان، قارغىغان ئاۋازى كارىدورنى بىر ئالدى:

— يولدا ماشىنىغا سوقۇلۇپ ئۆلەرسەن، قانجۇق، سارالڭ...

خورلۇق، ھاقارەت، ئەلەمنىڭ دەستىدىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتتىم. «سەن ئۆلەرسەن ئىلاھىم، بەربىر ئىت ـ ئېشەكتىن بەتتەر ياشىغاندىكىن» دەپ قارغىدىم ئىچىمدە. بىز مانا مۇشۇنداق جېدەللىشىپ، ئۇرۇشۇپ، تىللىشىپ، يۈزىمىزدىن ـ يۈزىمىزگە قارغىشىپ يۈرىمىز. بەزىدە بۇ ئىشلارنى ئايالىقىمغا ئېلىپ، ئۆزۈمنى قاتتىق بېسىۋالىمەن، سۈكۈت قىلىمەن. ئۇرۇنسىز خورلىنىش، بوزەك قىلىنىشلاردىن ۋۇجۇدۇم ياپراقتەك تىترەپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا بەرداشلىق بېرىمەن. بەزىدە سەۋر ـ تاقىتىم توشۇپ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ جاڭجاڭلىشىمەن، قارغايمەن.

ئۇ مەندىن ئاللىقاچان زېرىكتى، بىزار بولدى. مەن بولسام تېخىمۇ شۇنداق. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياشىغان كۈنلىرىمگە بەكمۇ ئۆكۈنىمەن، ئەپسۇسلىنىمەن.

ئۇنىڭ سەھەردىلا سەپەرگە چىقىش ئالدىدا تۇرغان ئادەمگە، يەنە كېلىپ شۇنچە يىل ئاش ـ تامىقىنى ئېتىپ، كىر ـ قېتىنى يۇيۇپ خىزمىتىنى قىلغان، يەتكۈچە دەردىنى تارتىۋاتقان، غېمىنى يەۋاتقان ئايالىغا قىلىۋاتقان مۇئامىلىسى مۇشۇ. ئۇ مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئۇتۇشنى، ھۆرمىتىمنى قىلىشنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ.

نومۇس كۆچىدىن بولسىمۇ سىرتلاردا ئويناپ ـ دانلاپ يۈرگىنىنى يوشۇرۇپمۇ ئولتۇرمايدۇ. ئۆزىنى ئاقلاش، قىلمىۋاتقان ئىشلىرىدىن نومۇس قىلىش ئۇنىڭ ھاياتلىق لۇغىتىگە كىرگۈزۈلمىگەن. قايسى كۈنىلا سەھەرگە يېقىن قايتىپ كىردى، ئاندىن مۈنچىدا ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق يۇيۇندى، ئاندىن ماڭا قاراپمۇ قويماي يېنىمدا ياتتى ـ دە، بەخىرامان ئۇيقۇغا كەتتى... دائىم يۈز بىرىدىغان بۇنداق خورلىنىشتىن يىلاندەك تولغىنىپ ـ تولغىنىپ كەتتىم.

بالىلارنىڭ تايانچى، ئايالىنىڭ يۆلەنچۈكى، ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكى بولۇش سۈپىتى بىلەن نىمىلەرنى قىلىشى كېرەكلىكىنى ئەكبەر خېلى بۇرۇنلا ئۇنتۇغان. ئۆزى بىلەن بىللە ياشاۋاتقان ئايالىنىڭ كۆڭلىنى ياساش، ئۇنىڭغا ئىللىقلىق، مېھرىبانلىق، شەپقەت ئاتا قىلىش ئورنىغا ھە دېسىلا ئازار بېرىش، كەمسىتىش، كۈنبويى زەھەرلىك يىلاندەك چېقىپ ياشاش ئۇنىڭ ھايات مىزانلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇ تېخى بايىلا مېنىڭ ئۆلۈمۈمنى تىلىدى. بۈگۈن ئۆينى تاشلاپلا چىقىپ كەتكىنىم بىلەن ئەتە يەنە قايتىپ كېلىمەن. يەنە تېخى شۇ دوزاختەك ئۆيگە كىرىمەن. ئىككى بالىنىڭ ئانىسى بولغان ئايالنىڭ ئۆلۈمىنى تىلىگەن ئادەم بىلەن بىر ئائىلىدە ياشايمەن، بىللە سىرتلارغا چىقىمەن، بىللە توي ـ تۆكۈن، ئولتۇرۇشلارغا بارىمەن. خاپىلىقلىرىمنى چاندۇرماستىن كېلىشكەن، سومباتلىق ئېرىم بارلىقىنى، «بەختىم»نى كۆز ـ كۆز قىلىمەن. ئۇنىڭغا ماسلىشىپ بەزىدە تېخى «ئامراقلىق»نىمۇ ئىپادىلەيمەن. بەزىدە خالاپ، بەزىدە مەجبۇرىي ھالدا بىر ياستۇقتا باش قويىمەن... كۈندۈزى جەڭگى ـ جېدەل، ئازار بېرىش،

تالىشىشلار ياكى كۈنلەپ ـ ھەپتىلەپ ماي تارتىشىشلار، قىيىداشلار، قىرىچە ـ يىپىنچە تېگىشىشلەر داۋام قىلغاچقا، كىچىدىكى تۇرمۇشتىن لەززەت، ھۇزۇر ئېلىش دېگەنلەر بىزدىن تامامەن يىراقلىشىپ كەتكەنىدى. بەزىدە بىر ـ بىرىمىزنى مەيدىمىزدىن ئىتتىرىۋەتكۈدەك بولۇپ كېتىمىز. ئۇنىڭ ئاشۇ مىنۇتلاردىمۇ ھاياجان، مېھىر ـ مۇھەببەت، ۋاپادارلىق تاپقىلى بولمايدىغان كۆزلىرىدىن «سەن ھەرقانچە يوغان گەپ قىلساڭمۇ بەرىبىر ئايال كىشى... ئەھۋالىڭ، كۆرىدىغان كۈنۈڭ، ئاقىۋىتىڭ مانا مۇشۇ...» دېگەن بىر خىل رەھىمسىزلىكنى كۆرىمەن. بۇنداق چاغلاردا جىسمىملا ئەمەس، روھىممۇ ئاجايىپ خورلىنىدۇ. دەپسەندە قىلىنىدۇ... ئۇ ئىشلارنى ئويلىسام يىنىمدا يېتىپ بەھۇزۇر ئۇيقۇغا كەتكەن، تېخى بايىلا پاك، نازۇك ھېسسىياتلىرىمنى بىر تىيىنغا ئالغۇسىز قىلىۋەتكەن بۇ ئەرنى بوغۇپ ـ بوغۇۋەتكۈم، كۈچۈم يەتسە قىيما ـ چىيما قىلىپ تاشلىۋەتكۈم كېلىدۇ...

※ ※ ※

ئۆيدىن چىقماستىلا سەپىرىم خەيرلىك بولمايدىغاندەك ھېسسىياتتا يۈرىكىم ئاجايىپ بىر كۆڭۈلسىزلىكتە سىقىلىشقا باشلىدىم. ئاپتوبۇسقا چىقىپلا يېنىك تىندىم. ئاپتوبۇس ئازادە، ئورۇندۇقلىرىمۇ پاكىز، ئادەممۇ ئاز ئىدى. ئورنۇم خېلىلا ئالدىدا ئىدى. «بوپتۇلا، ھېچكىممۇ مېنى ئاۋارە قىلمىسۇن، مەنمۇ باشقىلار بىلەن پاراڭلىشىمەن دەپ زورۇقۇپ يۈرمەي، ئۆز خىيالىمغا ھەمراھ بولاي.»

ھاۋا ئوچۇق، ئاپتوبۇس گويا ئايىغى چىقماس چەكسىزلىكتەك كۆرۈنىدىغان قۇم - شېغىللىقنى بويلاپ ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىمەكتە. ئەتراپىمىزدىكى كاتتا قۇرۇلۇشلار، ھەشەمەتلىك بىنالار، ئىمارەتلەر ئاللىقاچان ئارقىمىزدا قالغانىدى. ياز كۈنلىرى قەيەرلەردىندۇر ئېقىپ كېلىدىغان كەلكۈن، دەريا سۇلىرىنى ئەسلىتىدىغان چوڭ - كىچىك ئېرىقچىلار يولنىڭ سول تەرىپىدىكى چاك - چاك يېرىلىپ كەتكەن سېغىزلىقلار، ئانچە - مۇنچە كۆزگە تاشلىنىپ قالىدىغان غېرىبانە، گۈل - گىياھسىز، تاشلاندۇق قەبرىلەر... ھەر ئېھتىمالغا قارشى يېڭىلا پۈتكەن يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولنى ئاسراشنى مەقسەت قىلىپ، ئالايىتەن ياساپ قويۇلغان سۇسىز ئېقىندىكى كۆۋرۈكلەر، قاغجىرىغان، چاڭقىغان تۇپراقتىن ئۇن - تىنسىز كۆتۈرۈلۈۋاتقان تىنچىق، بورۇقتۇم ھاۋا بىلەن كۆز يەتكۈسىز بىپايان سايلىق ئەسلىدىلا سەپەر خالىمايدىغان مەندەك ئايالغا ھارغىنلىق، مەنىسىزلىك، زېرىكىشتىن باشقا ھېچقانداق ئۆزگىچە، يېڭىلىق تۇيغۇ ئاتا قىلالمىغانىدى...

«شۇ تاپتا ئاچام نېمە قىلىۋاتقاندۇ؟ كۈنلىرى قانداقراق ئۆتۈۋاتقاندۇ؟ خۇشالمىدۇ؟ ئالدىراش ئىشلەۋاتامدىغاندۇ ياكى جىمجىت ئولتۇرۇپ كىتاب كۆرۈۋاتامدىغاندۇ؟ ئاچام مۇشۇ قاقاس، قاقىرام، قۇرغاق توپا پۇراپ تۇرىدىغان يوللارنى بېسىپ ئايدا نەچچە رەت، بەزىدە ھەپتىدە بىر قېتىم شەھەرگە كېلىپ - كېتىپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئەجەبا، ئۇ مۇشۇ ئايىغى چىقماس قاقاسلىقتىن، كىشىنىڭ نەپسىنى بوغۇپ، قان -

تومۇرلىرىنى سىقىمدىغان، تىنچىق، دىمىق، بۇرۇقتۇم ئۇزۇندىن ــ ئۇزۇنغا سوزۇلغان يوللارنى زېرىكىش، بىزارلىق، مەنىسىز ھېس قىلمامدىغاندۇ؟»

زۇلپىيە ئاچام ئائىلىمىزدىكى بەش قىزنىڭ ئەڭ چوڭى بولسىمۇ، ئۇ ھەممىمىزدىن تېتىك، جۇشقۇن، روھلۇق ئىدى. ئۇنىڭ تۇرمۇشقا بولغان قىزغىنلىقى، ئاجايىپ رومانتىك ۋە ھېسسىياتقا بايلىقى، سۆزسىز ھەقىقەتەنمۇ تەسىر بېرىدىغان مەردانە، كەسكىن سۆزلىرى، گۈزەل ھۆسن ــ جامالى بىلەن قوشۇلۇپ، ئۇنى پەردازسىزمۇ تەڭداشسىز گۈزەللەردىن قىلىپ كۆرسىتەتتى. بىز قالغان ئاچا ــ سىڭىللار زۇلپىيە ئاچامغا پەقەتلا ئوخشىمايتتۇق. ئاچامدەك چىرايلىق ئەمەس، ئاچامدەك بەختلىكمۇ ئەمەس ئىدۇق. ئاچام پۈتۈنلەي خاتىرجەم، غەمسىز، پەرۋاسىز ھالەتتە ياشايتتى. ئەتراپىدىكى ئادەملەر ئارىسىدىن ئۆز قەلبىدىكى شاھزادىنى ئىزدەپ، خىيالىي كۈچىنىڭ ئىلھامىدا، خىيالىي قۇچاقنىڭ پەپىلىشىدە، خىيالىي سۆيۈشلەرنىڭ لەززىتىدە مەستخۇش بولۇپ ياشىدى. ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلار، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشنى خالايدىغانلار كۆپ بولدى، ھەتتا يېشى قىرىقتىن ئاشقاندىمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن كېلىدىغان لايىقلار توختاپ قالمىدى. بىز ئاچامغا ھەۋەس قىلاتتۇق، ھەسەتمۇ قىلاتتۇق. ئاچامدەك ئەركىن ــ ئازادە، خۇشال ــ خۇرام ياشاشقا ئىنتىلەتتۇق. ئاچامنى دوراپ باققۇمىز كېلەتتى، ئەمما ھەرگىز دوراپ بولالمايتتۇق، دوراپمۇ قاملاشتۇرالمايتتۇق. چۈنكى، ئاچام دادام ــ ئانامنىڭ ئائىلە، نىكاھ مەسىلىسىدىكى كەسكىن قارارىغا قارشى

چىققان، ئۆزى خالىغان يولدا دادىل كېتىۋاتقان بىردىنبىر قېرىندىشىمىز ئىدى. دادام ـ ئانىلار ئاچامغا نەسىھەت قىلىپمۇ، يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇپمۇ، ھەتتا بېسىم ئىشلىتىپمۇ، قايتا نىكاھلىق بولۇشقا قايىل قىلالمىدى. ئاخىر ئۇنىڭ مەيلىگە قويۇۋېتىشكە مەجبۇر بولدى.

بىز ئاچا ـ سىڭىللار توي قىلغان دەسلەپكى يىللاردا ئەرلىرىمىزنىڭ ئەڭ ئەزىز، ئەڭ ئامراق ئادىمىگە ئايلانغان بولساق، كېيىنچە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى خالىغانچە يايلايدىغان يايلىقىغا، نېمىلا تېرىسا بولۇۋېرىدىغان، نېمىلا تېرىسا ئۈنۈۋېرىدىغان مۇنبەت ئېتىزىغا، بارا ـ بارا، ھەتتا خالىسا كىيىپ، خالىمىسا تاشلايدىغان يامغۇرلۇق چاپىنىغا ئايلىنىپ قالغانىدۇق. ھېلى خۇشال، ھېلى خاپا، ھېلى كۆڭۈللۈك، ھېلى كۆڭۈلسىز ئۆتكەن تۇرمۇش قايىنىمى بىزنى گاھ چۆكۈرۈپ، گاھ لەيلىتىپ، گاھ ئەركىلىتىپ، گاھ سىرغىتىپ تاشلىغانىدى... ئاياللارنى بەزىدە ياشارتىپ، روھىنى ھاۋايى مۇئەللەقتە ئەركىن پەرۋاز قىلدۇرىدىغان، تاتلىق ئەللەيلىتىدىغان، بەزىدە بولسا تاقەت قىلغۇسىز، چىدىغۇسىز، ياشىغۇسىز ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويىدىغان غەلىتە ئائىلىۋى تۇرمۇش مۇھىتى بىزنى چارچاتقان، كۆڭلىمىزنى خۇددى كۈزدە تۆكۈلگەن غازاڭدەك ئېچىنىش، ھەسرەت، ئەلەم، بىچارىلىككە تولدۇرغانىدى... قايسىبىر يازغۇچى ئۆز ئەسىرىدە: «ئىنسان ھاياتى دان ئېزىدەۋاتقان قۇشقا ئوخشايدۇ، ئىنسان قەھرىتان قىش، تومۇز ئىسسىق بولۇشىغا قارىماي دان ئىزدەپ ئۇچۇپ يۈرىدۇ.» دېگەنىكەن. مەن ھەقىقەتەن ئۆزۈمنى ساپ ھايات، ساپ ھېسسىيات ئىزدەۋاتقان،

ئەمما مىسلىسىز تەشنالىق ۋە ئۇسسۇزلۇق دەستىدىن چاڭقىغان سەيياھتەك ھېس قىلاتتىم.

بۇ ئۇزاق، زېرىكىشلىك، مەنىسىز سەپەر داۋاملاشماقتا، مەدەت تىلىگەندەك ئەتراپىمغا قارىدىم. ئاپتوبۇسقا چىقىپلا نە سالىمىمنى ئىلىك ئالمىغان، نە سوئاللىرىمغا تۈزۈكرەك جاۋاب بەرمىگەن سىمىز ھەمراھىم پۈتۈن ئىبغىرلىقىنى ئورۇندۇق بىلەن ماڭا تاشلاپ بىغەملىك بىلەن ئۇخلىماقتا. يولۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۈيقۇغا كەتكەن، بەزىلەر پاراڭلاشماقتا، بەزىلەر ئۆز خىيالىغا ھەمراھ. شوپۇر بىلەن بىلەت ساتقۇچى ئالدىنقاندىكى بىر سودا ئۈستىدە تالاش - تارتىشقا چۈشكەن. ئەر كىشى دېگەنمۇ شۇنداق تولا گەپ قىلىدىكەن. ماشىنىغا چىققاندىن بېرى ئاغزى بېسىقماي سۆزلىشىۋاتىدۇ. ئاۋازى يېقىملىق بولسىچۇ كاشكى. ھەممىلا نەرسىگە، ھەممىلا ئىشقا ئىچىم تىتىلداپ تۇراتتى. قانداقتۇر بىر قىستاڭچىلىقتا، قالايمىقانچىلىقتا قاپسىلىپ قالغاندەك، نەپسىم بېتىشمەي بىئارام بولاتتىم. بۇ ھاياتلىقتا بەدەل تۆلىمەي تۇرۇپ بىرنەرسىگە ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەمما، مەن بەدەل تۆلەپمۇ ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمىدىم. تۆلەنگەن بەدەللەر پۈتۈنلەي بىھۇدە بولدى، ھېچنېمىنىڭ قىممىتى، ھېچنېمىنىڭ ئىززىتى قالمىدى...

ئاچامچۇ؟ ئۇ بەدەل تۆلىمىگەنمىدى؟ ياق، ئۇ ھاياتلىق ئۈچۈن ھەممىمىزدىن ئارتۇق بەدەل تۆلىدى، ئەمما ئۇنىڭ ئېرىشكەنلىرى بەك ئاز، بەك ئاز بولۇپ قالدى...

ئاچام توي قىلدى، ئۆزى ئىشلەۋاتقان ناھىيەدىكى خېلى ئابرۇيلۇق، قول - ئىلكىدە بار، ئىنسابلىق

ئائىلىگە كېلىن بولدى. ئەمما، مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئاللىقاچان ئەرلىك ھاۋايى ـ ھەۋەسىنىڭ كويىدا پالاقلاپ يۈرگەن، روھى ۋە جىسمىنى باشقا بىر ئايالغا، ئالىي مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان، بەش يىل ئەر ـ خوتۇندەك يېقىن مۇناسىۋەتتە ئۆتۈشكەن بىر ساۋاقدىشىغا تاپشۇرۇۋەتكەن، يۈرىكىنى ئاللىقاچان باشقا ئايالغا بېرىۋەتكەن ئەرگە تەگكەنلىكىنى بىلىپ قالدى. ئاچام ئىككىسى باشقىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن يۈز كۆرۈشكەن، تويغا رازىلىق بېرىشكەنىدى. ئاچام شۇ چاغقىچە بىرەرى بىلەن مۇھەببەتلىشىپ باقمىغان، ئەر بولغۇچى ئاچامنى ھەددىدىن زىيادە چىرايلىق بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمرىگە ئالغان ھەم ئۇنى ئالدىغانىدى. ئەينى چاغدا ھەر ئىككى ياش «ئات ئۈستىدە گۈل كۆرۈش» ئويۇنى ئوينىغان، بىر ـ بىرىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى يارىغاچقىلا نىكاھى قوشۇلۇپ قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ، ئاچام ئۆزىنىڭ ئەركەك چىۋىن قونمىغان مۇقەددەس تېنىنى، پەرىشتىدەك پاك روھىنى، غۇبارسىز يۈرىكىنى تەقدىم قىلغان ئېرىنى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالسا چىدىمايدىغانلىقىنى ھېس قىلاتتى... ئاچام بۇ خاتا نىكاھ تۈپەيلى ھېچقاچان، ھېچكىمدىن ئاغرىنىپ باقمىغان، ئۆزىگە شۇنداق ئەرنى ئاتا قىلغانلىقىدىن رەنجىپ باقمىغانىدى. ئەمما، توي قىلىپ ئۈچ يىلدىن كېيىن ئاچام ئۇ ئەردىن ئايرىلىپ كەتتى. مەجبۇرىي سوتقا ئەرز قىلىپ يۈرۈپ ئاجراشتى. قېيىنئاتا ـ قېيىنئانىلىرىنىڭ، دوست ـ بۇرادەرلىرىنىڭ نەسىھەتلىرى، مەجبۇرلاشلىرى، تاپا ـ تەنىلىرىگە پەرۋامۇ قىلماي ئاجرىشىپ كەتتى. ئاچامنىڭ

يۈرەك ئازابىنى تونجى پەرزەنتىمگە ئانا بولۇپ ياتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاندىن چۈشەندىم.

ئۇلار توي قىلغانلىقىنىڭ بىر يىللىق خاتىرە كۈنى دەل ئېرىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىدى. ئاچام ئادەتتىكى رومانتىكلىقى بىلەن بۇ ئاخشام ئۈچۈن نەچچە ھەپتە ئىلگىرى ئۇبدان تەييارلىق قىپتۇ. ئېرى ئۈچۈن باھاسى مۇۋاپىق، ئەمما تولىمۇ سۈپەتلىك كىيىم ـ كېچەك سېتىۋاپتۇ. يېڭى يوتقان ـ كۆرپە كىرلىكى، ياستۇق لۆڭگىسىنىمۇ خالتىسىدىن چىقىرىپ ئالماشتۇرۇپتۇ، ئۆينى چىنىدەك تازىلاپ، ئېرى ئامراق تاماقلارنى ئېتىپتۇ، ئاندىن ئۆزى ئۈچۈن سېتىۋالغان چىرايلىق، كىشىنى تولىمۇ جەلپ قىلىدىغان ئىچ كىيىمنى كىيىپتۇ. ئۆزىگە ئۇزاقىچە كېلىشتۈرۈپ پەرداز قىپتۇ. پۇرىقى سۈس ئەتىرنى كىيىملىرى، چاچلىرى، بويۇنلىرىغىچە چېچىپتۇ. ئۆيدىكى بارلىق نەرسىلەر ئاچامنىڭ كۆڭلىدىكىدەك تازا، ئازادە، كىشىگە ئاراملىق، ھۇزۇر بېغىشلاپتۇ. ئەمما، ئۇ كېچە ئاچامنىڭ ئېرى كەلمەپتۇ. ھەتتا تېلېفونىمۇ ئۇرۇپ قويماپتۇ. يان تېلېفونىنى ئېتىۋېلىپ ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بوپتۇ. ئاچام دەسلەپتە: «بىرەر ئىش بولغانىمىدۇ» دەپ ئەنسىرەپتۇ. كېيىن تۈرلۈك گۇمانلاردا، شۈبھىلەردە بوپتۇ. تالاغا چىقىپتۇ، كىرىپتۇ. يەنە چىقىپتۇ، يەنە كىرىپتۇ. نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ئىچى تىت ـ تىت بوپتۇ. قىسقىسى، شۇ كېچىدە ئاچام نەچچە ئۆلۈپ، نەچچە تىرىلىپتۇ. ئۇنىڭ كۆڭلى قاتتىق ئازار يەپتۇ. لەۋلىرىدىكى تەبەسسۇم، چىرايىدىكى كۈلكە ئۆچۈپ، چىرايىنى چەكسىز ھەسرەت ـ نادامەت، غەم ـ قايغۇ

بولۇتلىرى قاپلاپتۇ. ئۇ ھاياتىدا تۇنجى قېتىم چەكسىز خورلانغانلىقىنى، ئۇمىدسىزلەنگىنى ھېس قىپتۇ...

ئەتىسى ئىرى چوشكە يېقىن پەيدا بوپتۇ. ئاچام كۆپۈككە ئايلانغان ئارزۇ ـ ئارمىنى، شىكەستىلەنگەن يۈرىكى ئۈچۈن ئىرىدىن قىساس ئېلىشقا، ھېچبولمىغاندا ئۇنى سوتلاشقا، تىللاشقا تامامەن ھەقلىق بولسىمۇ، ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋاپتۇ. ئىرىنىڭ چۈشەنچە بېرىشىنى، ئازار يېگەن كۆڭلى ئۈچۈن چىرايلىق سۆزلەر بىلەن كەچۈرۈم سورىشىنى، تەسەللى بېرىشىنى ئۈمىد قىپتۇ. ئەمما، ئىرى ئاچامنىڭ قىزىرىپ، كۆپتەك ئىششىپ كەتكەن كۆزلىرى، مەيۈسلۈك، دەرد ـ ئەلەم تۆكۈلۈپ تۇرغان چىرايىغا مۇنداقلا قاراپ قويۇپ، گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۇدۇللا ھۇجرىغا كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇنىڭ خورەك ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ...

ئاچام ئائىلىنى، نىكاھنى بەكمۇ مۇقەددەس بىلەتتى. ئاجراشقانلارنى، ئەرزىمەس سۆيگۈ ئۈچۈن مۇقەددەس ئەخلاقنى، ئېتىقادنى ئۇنتۇغانلارنى بەكمۇ يامان كۆرەتتى. «كىچىككىنە قۇشلار، قۇرت ـ قوڭغۇزلار جىنىدا خۇشال ـ خۇرام ياشاشقا تىرىشىدۇ. كۆڭلىگە شېرىن ئارزۇلارنى پۈكۈپ ئۇۋا سالىدۇ، ماكان تۇتىدۇ، ماكانىنى ئىللىق، بەختىيار قىلىشقا تىرىشىدۇ. ئەمما، ئىنسانلار نېمە ئۈچۈن ئاشۇ كىچىككىنە جانىۋارچىلىك بەدەل تۆلىمەيدۇ؟ نېمىشقا بىر ـ بىرىنىڭ ھاياتىنى ۋەيران قىلىش بەدىلىگە كۆڭۈل خۇشى قىلىپ ياشايدۇ؟...» دەپ قارايتتى.

ئاچامنىڭ ۋۇجۇدىدا تۇغما ھەم ئۆزى يېتىلدۈرگەن

مسلىسىز بىر قەلب بار. شۇڭا، ئۇنىڭغا تۇرمۇش شۇ قەدەر رەڭدار، شۇ قەدەر جەلپكار، شۇ قەدەر مەنىلىك تۇيۇلسا كېرەك...

شۇ كۈنى ئاچام ئۆز قەدىر ـ قىممىتىنىڭ يەر بىلەن يەكسان قىلىنغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئۇ ئەرنىڭ ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغانلىقىنى تولۇق چۈشىنىپ يەتكەندى. ئۇ ئەر بىلەن مەڭگۈ بىللە ئۆتەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلغان بولسىمۇ ھەممىگە سۈكۈت قىلغان، ھەممىگە چىدىغانىدى...

ئاچام يولىغا تەلمۈرگەندە ئاچامغا ھەمراھ بولمىغان، ئۈمىدسىزلەنگەندە، قاتتىق قايغۇ ـ ھەسرەتكە پاتقاندا ئۆز كۆڭۈل خۇشى بىلەن بولۇپ كەتكەن، خالىغان يەردە ئويناپ يۈرگەن ئۇ ئەر ئاچام بىلەن ئۈچ يىل ئۆي تۇتالىدى. ئۇنىڭ يېڭى ـ يېڭى ھۈنەرلىرى، ئويۇنلىرى كۆپەيگەنىدى. ئاچامنىڭ ھېرىپ ھالى قالمىغان، تىركەشكۈدەك ماغدۇرىمۇ قالمىغان، پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلەنگەنىدى. ئاچام ئاخىر: «ئايال كىشىگە ئۈمىد بېرەلمىگەن، ھاياتىغا كۈچ بېرەلمىگەن، سۆيگۈ ـ مۇھەببەت بېرەلمىگەن ئەر كىشىنى ئەر دېگىلى بولامدۇ؟ دىلى، مېھرى ـ مۇھەببىتى، نىيەت ـ ئىقبالى بىر يەردىن چىقمىغان ئادەمنى مەڭگۈلۈك ھەمراھ، ئۆمۈرلۈك سىرداش دېگىلى بولامدۇ؟ ئۇنىڭ بىلەن جاپا ـ مۇشەققەتلىك، تولىمۇ ئۇزۇن ھايات مەنزىلىنى بىرلىكتە بېسىپ ئۆتكەتكىلى بولامدۇ؟ مەن قاچانغىچە باشقا بىر ئايال ئۈچۈن كۆيۈۋاتقان يۈرەكنى باغرىمغا باسىمەن؟ قاچانغىچە بەدەل تۆلەيمەن؟ ئەجەبا، بۇ دۇنياغا ئۇنىڭ ئۈچۈنلا تۆرەلگەنمىدىم؟ ئەمەلىيەتتە، مەن ئۆزۈمنىڭ

گۈزەل ئەسلىمىلىرىمنى، شېرىن چۈشلىرىمنى، پاكلىق، ھالاللىقتا تولغان نىكاھىمنى قەدىرلىگەن، ساپلاشتۇرغان، غايىۋى خىياللىرىم بىلەن بېزىگەنىدىم. ئەمما، ئۇ بەختلىك تۇرمۇشنىڭ قەدرىگە يەتمىدى. بەلكىم، بەختكە ئېرىشكەندە نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغاندۇ، ئەس – ھوشىنى يوقاتقاندۇ، كۆڭلىدىكىنى قانداق ئىپادىلەشنى بىلمىگەندۇ ياكى مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر مەنىۋى كىشەن، قۇتۇلغىلى بولمايدىغان روھىي بويۇنتۇرۇق بولۇپ تۇيۇلغاندىمەن... ئۇ ھېلىقى ساۋاقدىشى بىلەنمۇ توي قىلمىدى، مېنىڭ يۈرىكىمنىمۇ زېدە قىلدى، خۇدا نېسىپ قىلغان پۇرسەتنى چىڭ تۇتمىغانلىقى، قەدىرلىمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆمۈر بويى خارلىقتا ياشىدى...» دېگەنىدى.

ئەمەلىيەتتە، ئاچام بىلەن مېنىڭ تۇرمۇشۇم كۆپ پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. ئاچام تەنها قالدى، ئەمما مەن يېنىمدا ئېرىم تۇرۇپمۇ، كۈنبويى تەنھالىق، غېرىبلىق، روھىي ئېچىرقاش ئىچىدە قالدىم...

ئاچامنىڭ يالغۇز ياشىشى ئالىيجانابلىقمۇ ياكى شەخسىيەتچىلىكمۇ؟ جاھىللىقمۇ ياكى رومانتىكلىقمۇ؟ ئاچام بەختلىكمۇ ياكى بەختسىزمۇ؟ ئاچامنىڭ كەسپكە، ھاياتقا بولغان چەكسىز مۇھەببىتى ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا مەدەت، جاسارەت، ئىشەنچ ئاتا قىلغانىدى... ئۇ بىزگە قولىدىن ھەرقانداق ئىش كېچىپ قۇتۇلالمايدىغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. ئۇ شېئىر يازاتتى، رەسىم سىزاتتى، كىتاب ئوقۇيتتى، كەشتە توقۇيتتى، دوپپا تىكەتتى. ئاچامنىڭ بويى ئېگىز، ئۇستىخىنى تولىمۇ نازۇك ئىدى. لېكىن، ئاچامنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن ئۆزگىچە خاس

جاسارەت، ئىرادە، قەيسەرلىك چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئاجايىپ جۇشقۇن، ئەركىن پىكىرلىك ئىدى. بەكمۇ ھېسسىياتچان، ئەمما مەغرۇر ئىدى. ئۇ ئاياللار قەلبىنىڭ مەڭگۇ ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان نازۇكلۇقى، تەرسالىقى، جاھىللىقى بىلەن ئۇزاقتىچە تەنھا ياشىدى. ئاچامغا قانات سۆرەيدىغان ئەرلەرمۇ كۆپ بولدى. ئەمما، ئاچام قايتا توي قىلمىدى. خىلى خىلىغا، گۈلى گۈلىگە كەلگەن ھايات نېسىپ بولمىدى.

ئېھتىمال، ئاچامنىڭ ھاياتىنى ئۆزگەرتىدىغان، ئاچامنى تولۇق بويسۇندۇرۇپ ئۇنىڭ ئاياللىقىنى، گۈلدەك نازۇك، زىل تاردەك ئىنچىكە، مەسۇم بالىلاردەك پاك سۆيگۈ ـ مۇھەببەتكە، پەپىلەش، ئەركىلىتىشلەرگە تەشنا ئاياللىقىنى ھېس قىلدۇرىدىغان بىرمۇ ئەركەك چىقمىغاندۇ ياكى ئاچامنىڭ پېشانىسىگە يالغۇز ياشاش پۈتۈلۈپ كەتكەندۇ...

ئاچام ئەر كىشىنىڭ تاغ باتۇرلىرىدەك جاسارەتلىك، قارام، قەيسەر بولۇشىنى، ئاياللارنى ئىختىيارسىز، سۆزسىز، شەرتسىز بويسۇندۇرالايدىغان، كەڭرى كۆكرەكلىرى، ئوتلۇق نەپەسلىرى، ھەتتا بىرەر قېتىملىق ئۆتكۈر قاراشلىرى بىلەن قەلب تارىنى لەرزىگە سېلىپ، ۋۇجۇدىنى ئاجىز يوپۇرماقتەك تىترىتەلەيدىغان بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى... ئۇ ئەنە شۇنداق ئەرگە، ئەنە شۇنداق مۇھەببەتكە، ئەنە شۇنداق تۇرمۇشقا تەشنا ئىدى. يىللارنىڭ ئىسسىق ـ سوغۇق شاماللىرى ئاچامنىڭ گۈزەل رۇخسارىغا سايە تاشلاشقا باشلىغان بولسىمۇ، ئاچامنىڭ ئون سەككىز ياشلىق قىزلارغا خاس يۈرىكىنى، ھېسسىياتىنى ئۆزگەرتەلمىدى.

قەلبىمدىكى شاھزادىسىگە بولغان ئۈمىدىنى، سۆيگۈسىنى، تەلپۈنۈشىنى يوق قىلالمىدى...

بىز ئاچامنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتۇق، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاشقا، مۇڭدىشىشقا بەكمۇ ئامراق ئىدۇق. ئۇنىڭ ئاۋازى بەكمۇ يېقىملىق، ھېسسىياتلىق ئىدى. ئۇنىڭ چىرايلىق ئاۋازى، رومانتىك سۆزلىرى بىزنى بەكمۇ تەسىرلەندۈرەتتى، يۈرىكىمىزنى لەرزىگە سالاتتى.

ئاپتوبۇس ئۇچقاندەك كېتىۋاتاتتى. ئاخىر ناھىيە بازىرىغا كىرىپ كەلدۇق. يوللار، ماگىزىنلار، دەل ـ دەرەخلەر، بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمىغان شەكىلدە، ئوخشاشمىغان ئۇسلۇبتا سېلىنغان بىنالار... ئارقىمىزدا قالدى. ئاپتوبۇستىن چۈشۈپلا ئاچامنى كۆردۇم. ئۇ مېنى مەھكەم قۇچاقلىۋالدى. ئاچام قارىماققا بەكمۇ ھارغىن ھەم مىسكىن كۆرۈنەتتى. بۇ بىر ئاي ئىچىدە ئۇ ئوبدانلا ئورۇقلىغان، ھەتتا سەل قېرىشقا باشلىغاندەك قىلاتتى. بىز ئاچام تۇغقان قويغان تۇگۈرنى پىشۇرۇپ يېگەچ پاراڭلاشتۇق. نېمىشقىدۇر، ئاچام ماڭا باشقا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندەك، ئىلگىرىكى قىزغىنلىقىدىن ئەسەر قالمىغاندەك بىلىندى. بارا ـ بارا ئاساسىي تېمىغا يېقىنلاشتىم:

ـــ ئاچا، شۇنچە يىللاردىن بېرى يا يۆتكىلىشىنىڭ غېمىنى قىلمىدىڭ. ئۆيدىكىلەرمۇ ياشىنىپ قالدى. سەن كۈنبويى يالغۇز بولغاچقا، ھەممىمىزنىڭ ئەس ـ يادى سەندە. بىر ئاي كەلمىدىڭ، كۈندە تېلېفوندا كۆرۈشكەن بولساقمۇ يەنىلا ئەنسىرىدۇق. سەن نېمانچە جاپاكەش، بۇ يەردىكى كۈنلىرىڭنى تەنها ئۆتكۈزۈۋاتىسەن...

ئاچام ھېچنېمە دېمىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى، چىرايى

توساتتىن مۇڭغا چۆكۈپ، بىردىنلا مەن ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان ئاجايىپ بىر ھەسرەت قاپلىدى. مەن ئۇنى بۇگۈنكىدەك زورۇققان ھالەتتە كۆرمىگەنىدىم. شۇنچە يىللاردىن بېرى ئۆز دەردىم، ئۆز ھالىم بىلەن بولۇپ كېتىپ، مەن بىلەن بىر قورساقتا ياتقان، مەندىن بەكرەك ھەرەج تارتقان ئاچامنى ئۇنتۇپ كەتكىلى تاسلا قاپتىمەن. ئۇنىڭغا زادى نېمە بولغاندۇ؟...

ــ ئاچا، نېمە ئىش يۈز بەردى؟ ئېغىر خاپىلىققا دۇچار بولغاندەك قىلىسەنغۇ...

ئاچام ئورنىدىن تۇرۇپلا ھۇجرىغا كىرىپ كەتتى. سەلدىن كېيىن مەنمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كىردىم. ئاچام دېرىزە تەرەپكە قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ گەۋدىسى جالاقلاپ تىترەيتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىغا قاراپ يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. تۇرۇپلا نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي قالدىم. قارىغاندا ئۇنى بىر ئىش ئۇبدانلا ئازابلىغاندى. مەن ئۇنى مۈرىسىدىن قۇچاقلىدىم:

ــ ئاچا، يىغلىۋالغىن، قانغۇچە يىغلىۋال...

ئۆزۈمنىڭ نېمىشقا شۇنداق دېگەنلىكىمنى بىلمەيتتىم. ئاچامنىڭ ئازابلىق نالىسىنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىدىم. ئۇ خۇددى ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقان ئادەمدەك ئاۋازىنى قويۇۋەتتى... ئاچام خېلى ئۇزاقتا ئېسىگە كەلدى. ماڭا نېمىلەرنىدۇر دېگۈسى كەلگەندەك قىلاتتى. ئەمما، دېلىغۇل بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى. گويا مەدەت تىلەۋاتقاندەك كۆزلىرىمگە تەلمۈرۈپ قارايتتى. ئۇنىڭ نازۇك قوللىرى ئالقىنىمدا، مۈرىلىرىمىز بىر ـ بىرىگە تېگىشىپ تۇرغان، كۆزلىرىمىز كۆڭلىمىزدىكىنى تاپماقچى بولغاندەك بىر ـ بىرىمىزگە تولۇق تىكىلگەن،

بىر ـ بىرىمىزگە كۆچ ـ قۇۋۋەت، جاسارەت، ئىشەنچ ئاتا قىلماقچى بولغاندەك قىلاتتۇق.

ــ يېشى بىر يەرگە بارغان، ئۆز ئابرۇيىنى ساقلاشقا تېگىشلىك بولغان بىر ئايال بەلكىم بۇ سۆزلەرنى قىلسام توغرا بولماس، سىڭىللىرىم ئىچىدە مېنى بەكرەك چۈشىنىدىغىنى، مېنى بەكرەك ياخشى كۆرىدىغىنى سەن. لېكىن، سەن مېنىڭ جانجىگەر قېرىندىشىم بولساڭمۇ، مېنى چۈشەنمەسلىكىڭ، ھەتتا ئەخمەق دەپ مېنى ئەيىبلىشىڭ مۇمكىن. مەيلى قانداقلا بولسۇن ساڭا كۆڭلۈمدىكى يوشۇرۇن سىرنى، مېنى بىر ئۆمۈر قىينىغان، سەۋدايى قىلغان مۇھەببەتنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى، مەڭگۈگە ئاخىرلاشقىنىنى ئېيتىپ بەرگىلى سېنى چاقىرتتىم.

مەن ئۆز ھاياتىمدا شۈكۈر ـ قانائەت، ئىنساب ـ دىيانەت بىلەن ھالال ياشاشنى ئۆزۈمگە ھايات مىزانى قىلىپ تاللىۋالغانلاردىن يالغان سۆزلىمەسلىك، باشقىلارغا قارا سانىماسلىق، تۇرمۇشتىن زارلانماسلىق، مۇشۇ قىسقىغىنا ئۆمۈرنى بىر كۈن بولسىمۇ خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزۈشكە تىرىشىش، ئەدەبىي ئەسەرلەردىن دوست ئىزدەش، غايىۋى قەھرىمانلار بىلەن سىردىشىپ ياشاش مېنىڭ ھاياتلىقىمنىڭ، مەۋجۇتلۇقۇمنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرى ئىدى... لېكىن، بۈگۈن، پەقەت بۈگۈنلا ئۆزۈمنىڭ بەكمۇ قېرىپ كەتكەنلىكىمنى، بەكمۇ چارچىغانلىقىمنى، بەكمۇ يالغۇزلۇقتا قالغانلىقىمنى ھېس قىلىۋاتىمەن. ئۆزۈمنىڭ قۇرۇغان، ھارغان، چارچىغان، سولاشقان روھىمنى، جىسمىمنى سېزىۋاتىمەن. ئۆز ئىرادەمدىن قۇدرەتلىك كۈچ ئالدىدا

پۇتۇنلەي ئىلاجسىز قالغانلىقىمنى، مېڭىشقا، تاللاشقا
باشقا يولۇم قالمىغانلىقىمنى تونۇپ يېتىۋاتىمەن. ئىلگىرى
مەن بۇنداق تۇيغۇدا بولۇپ باقمىغان، غەم ـ قايغۇ،
خاپىلىق باسقاندا ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ كەتكەن.
قۇشلارنىڭ مۇڭلۇق، يېقىملىق ۋىچىرلاشلىرىدىن،
سۇزۇك سۇلارنىڭ شىلدىرلاپ ئېقىشلىرىدىن،
يوپۇرماقلارنىڭ لەرزان ئۇسسۇلغا چۈشۈشىدىن، باھار
ئاپتىپىنىڭ كۈلۈمسىرىشىدىن، يارقىن، چاقناق
يۇلتۇزلارنىڭ كۆز قىسىشىدىن، رەڭدار گۈللەرنىڭ خۇش
پۇرىقىدىن، يۇمران گۈل ـ گىياھلاردىن، گۈزەل
شېئىرلاردىن، ئۆلمەس مۇزىكىلاردىن، مەشھۇر
رەسىملەردىن، قىسقىسى، نۇرغۇن نەرسىلەردىن بەھرە،
زوق، كۈچ ـ قۇۋۋەت ئېلىپ ياشىغان، ھاياتىمنى تۈرلۈك ـ
تۈمەن مەنىلەر بىلەن تولدۇرغانىدىم... قېنى ئەمدى
شوخ، لەۋەن، قىزغىن چاغلىرىم؟ قېنى ئەمدى چىرايلىق
كېچە ئاسمىنىدىكى كەپسىز يۇلتۇزلاردەك جۇشقۇن،
مەردانە، ئۈمىدلىك چاغلىرىم؟ قېنى ئەمدى ساپ،
ئىللىق، مېھىرلىك ھاۋادەك يېقىملىقلىقىغا، راھەتبەخش
شېرىنلىككە تولغان ئۇنتۇلماس ھايات؟... قەلبىمدىكى
تەگسىز تەسەۋۋۇرغا، بۈيۈك ئارزۇ ـ ئارمانغا تولغان
دۇنيايىم قېنى؟... ھەممىسى ئۆلدى، ھەممىسى تۈگىدى،
ئەسلىدە بۇنداق بولماسلىقى كېرەك ئىدى...
ئاچامنىڭ سۆزلىرى بوغۇزىدا قالدى. ئۇ بەكمۇ
ھاياجانلىنىپ كەتكەچكە، لەۋلىرىلا ئەمەس، نازۇك
بەدىنىمۇ سۇس تىترەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە
ئاشكارا ئىپادىلىنىپ تۇرغان چوڭقۇر ئازاب، ھەسرەت ـ
نادامەت، مۇڭ ـ زار ئۇنىڭ مىسكىن چىرايىغا ئاجايىپ
بىر گۈزەللىك ۋە لاتاپەت بېغىشلىغانىدى.

ئۇ گويا يوقىتىپ قويغان بارلىق گۈزەل نەرسىلەرنى ئويلاۋاتقاندەك، ئۇلارنى نەدىن تېپىشنى بىلمەيۋاتقاندەك چەكسىز قايغۇ ئىچىدە ئۇزاققىچە ئولتۇرۇپ كەتتى. كېچە بىر يەرگە بارغان، ئەتراپ جىمجىتلىقتا چۆككەن، پىيالىدىكى چايمۇ سوۋۇپ قالغانىدى. ماڭا پۈتۈن دۇنيا قېتىپ قالغاندەك، ھەتتا ئاچامنىڭ ئىنچىكە ئۇزۇن بارماقلىرىدىن تارتىپ قېتىپ كەتكەندەك تۇيۇلدى.

— ئىنسان بۇ دۇنيادا ئەڭ تەشنا بولىدىغان ھەم ئەڭ موھتاج بولىدىغان نەرسە سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ئىكەن. ئەمما، بىز قوغلىغانسېرى مۇھەببەت بىزدىن قېچىۋاتىدۇ. بىزمۇ سۆيگۈدىن بەكلا يىراقلاپ كېتىۋاتىمىز. كۈندىن ـ كۈنگە يىراقلاپ كېتىۋاتىمىز. قارىماققا ھېچ نەرسە ئۆزگەرگىنى يوق. دەل ـ دەرەخلەر، يېشىللىقلار، چىرايلىق تەبىئەت، يېقىملىق ھاۋا... ماڭا شۇ قەدەر تونۇش، شۇ قەدەر يېقىن، پەقەت ئاشۇ ئەرلا مەندىن يىراقتا، تولىمۇ يىراقتا ياشىدى... ياشلىقتا بىلىپ ـ بىلمەي ئۆتكۈزگەن خاتالىقىمىز بىزنى بىر ئۆمۈر ۋەيران قىلىدى. مەن ئۇنى ئۇنتۇش ئۈچۈن كۆزۈمنى يۇمۇپلا توي قىلدىم. ئىككىنچى قېتىم يەنە ئۇنى ئۇنتۇش ئۈچۈن باشقا ئەر بىلەن مۇھەببەتلەشتىم، ھەتتا توي قىلماقچىمۇ بولدۇم. لېكىن، مەغلۇپ بولدۇم. ئۆز ھاياتىمنىڭ ئۇنىڭغا باغلىنىپ قالغانلىقىنى، ئۇنى ئۇنتۇيالمايدىغانلىقىمنى، ئۇنتۇشۇم مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئاغرىپ ياتقان كۈنلىرىمدە تېخىمۇ ھېس قىلدىم. مەن ھېچقاچان بىر ئەر ئۈچۈن بۇنچىلىك ئازابلىنىپ باقمىغان، بۇنچىلىك ياش تۆكۈپ باقمىغان. شۇ تاپتا بەكلا ئازابلىنىپ كېتىۋاتىمەن. ھەتتا بۇ ئازاب

توپەيلى پوتونلەي توگىشىپ كەتكەندەك بولۇۋاتىمەن. مەن قىرىق ياشتىن ئاشقان ئايال بولغىنىمنى بىلەن، يۈرىكىم تېخى ياش ئىدى. مەن ئۇ ئەرنى ھەر چاغ، ھەر زامان ئەسلەپلا ياشىغان، مەيلى راھەت ـ پاراغەتلىك ياكى مۇشەققەتلىك كۈنلەردە بولسۇن مەن ئۇنى ئۇنتۇيالمىغان، داۋاملىق ئەسلەپ تۇرغانىدىم. بىراق، ئۇ ئۆتكەن ئايدا ئۆلۈپ كەتتى. شۇنداق ئۇشتۇمتۇت، شۇنداق تاسادىپىي ئۆلۈپ كەتتى... مەن ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى دەقىقىلىرىدە ھەمراھ بولالمىدىم، ھەتتا يۈزىنىمۇ كۆرەلمىدىم. ئەسلىدە تامامەن ماڭا مەنسۇپ بولۇشى كېرەك بولغان ئەڭ يېقىن ئادىمىم شۇنچە يىللاردىن بېرى تامامەن باشقىلارنىڭ بولۇپ ياشىدى، ھەتتا ئۆلگەندىمۇ باشقا ئادەمگە مەنسۇپ بولدى. ھاياتلىقتا توغرا بىسىلمىغان بىر قەدەم ئادەمنىڭ تەقدىرىنى پۈتۈنلەي ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىدىكەن... بىز پاك ھېسسىياتىمىزنى قەدىرلەيمىز دەپ ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز چەك قويۇۋالدۇق. بۇنىڭ بەدىلىگە يەتكۈچە ئازابلاندۇق، ھەممىدىن مەھرۇم بولۇپ ياشىدۇق. نېمىشقا شۇنداق قىلدۇق؟ ئۆزىمىزنىڭ چىن سۆيگۈسى ئۈچۈنمۇ ياكى ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ، پەرزەنتلىرىنىڭ خاتىرجەملىكى ئۈچۈنمۇ؟ ئۇنى كۆپ قېتىم رەت قىلغانلىقىمنى، ئۇنى ياخشى كۆرگەنلىكىمنى، سېغىنغانلىرىمنى ئۇنىڭغا سوغۇق مۇئامىلە قىلغانلىقىمنى ھەر قېتىم ئويلىسامالا يۈرىكىم ئاغرىيدۇ. مانا ئەمدى ئۇ كەتتى، مەڭگۈگە كەتتى. ئۇ ئەمدى ماڭا، مېنىڭ سۆيگۈمگە، مېنىڭ مەدەت بېرىشىمگە، سىردىشىشىمغا، ھال ـ مۇڭلىرىمنى

تۆكۈشۈمگە، قىيىداشلىرىمغا، قىسقىسى، ھېچ نەرسىگە موھتاج ئەمەس.

دۇنيادىكى ھېچقانداق نەرسە قىزلارنىڭ، ئاياللارنىڭ قەلبىگە، يۈرەك قېتىغا چوڭقۇر يوشۇرۇنغان مۇھەببىتىگە تەڭ كېلەلمەيدۇ. مەن ھاياتقا كۆز ئېچىپ چىن قەلبىمدىن سۆيگەن، ياخشى كۆرگەن ئەر شۇ ئىدى. لېكىن، ياشلىقىمىزدا سەل قارىغان، ھەتتا بىر ـ بىرىمىزدىن يېنىكلىك بىلەن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر قىلغان، ئوتتۇرا ياشقا بارغاندا بولسا بىزنى قاڭغىر ـ قاقشاتقان بۇ مۇھەببەت بىزنى بەكمۇ قىينىدى...

ئاچام يەنە بىر قېتىم گۈزەل تەلپۈنۈش، چىدىغۇسىز ھەسرەت، ئاجايىپ بىر خىل ئىسەنگىرەشكە تولغان كونا خاتىرىلەرگە قايتقاندەك ئۇن ـ تىنسىز ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ مېنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ قالغاندەك قىلاتتى...

قۇياش بارا ـ بارا زېمىندىن يىراقلىشىپ نەلەرگىدۇر مۆكۈندى. ئاچامنىڭ ئىنسانىنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىكى شېرىن چۈشلىرىگە ئوخشاش ئاجايىپ ـ غارايىپ، تولىمۇ غەلىتە، تولىمۇ سىرلىق، ئەمما بەكمۇ رومانتىك ھاياتى؛ تولىمۇ نازۇك، مۇرەككەپ ھەم گۈزەل خىيالىي دۇنياسى؛ ئۇنىڭ ياز كېچىسىگە جۇلا بېغىشلىغان مېھىرلىك ئاي نۇرىدەك جەلپكار سىيماسى؛ ساپ، سەمىمىي، ئاددىي مۇھەببىتى؛ ھەسرەتكە تولغان سۆزلىرى قەلبىمنى چەكسىز ھاياجانغا، چوڭقۇر قايغۇغا سالغانىدى.

ئاچامنىڭ دەسلەپتىلا ۋەيران قىلىنغان ھاياتى، تۇزغاق كەبى تۇزۇپ تۈگىگەن ئاياللىق ئارزۇ ـ ئارمانلىرى، ئۇنىڭ پۈتۈنلەي باشقا بىر دۇنياغا تەئەللۇق

ئادەمدەك ئاجايىپ دادىل، قەيسەر پاشاشلىرى مېنى ئويغا سالاتتى.

مانا ئەمدى بىر ئاي ئىچىدىلا ئاچامنى روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتە شۇنچىۋالا خاراب قىلىۋەتكەن، ئۇنىڭ خۇشاللىقىنى، كۆلكىسىنى، ئەڭ مۇھىمى، ئىرادىسىنى، شىجائىتىنى تارتىپ كەتكەن، شۇنداقتىمۇ ئاچامنىڭ قەلبىدە مەڭگۈگە يىلتىز تارتقان ئەزەلدىن يوقالمىغان ۋە ھازىرغىچە ئۇلۇغلىنىۋاتقان ئۇ ئەر زادى كىمدۇر؟

— ئاچا، ئۇ ئەر كىم؟ بىز تونۇمدۇق؟

— ياق، تونۇمايسىلەر.

— ئۇ زادى كىم؟ تېزرەك ئېيتىپ بەرگىنە.

— ئۇ كەسىپ ئۇچۇن ئۆزىنى بېغىشلىغان ئادەم. ئۇ مېنىڭ نەزىرىمدە ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس. بىز خىزمەتكە چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەي مۇھەببەتلەشكەن، كېيىن ئەرزىمەس سەۋەبلەر تۈپەيلى ئايرىلىپ كەتتۇق. مەن زادى نېمىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى، كىمنى ياخشى كۆرۈشۈم كېرەكلىكىنى ھېس قىلغان ۋاقتىمدا، ئۇ ئاللىقاچان ئىككى بالىنىڭ دادىسىغا ئايلىنىپ بولدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ماڭا بولغان ھېسسىياتىنى، قەلبىدىكى تەلپۈنۈشىنى ئىپادىلەپ تۇرۇشنى ئۇنتۇمىدى. ئۇ ماڭا قايتا ـ قايتا: «پۇشايمانسىز، ئارمانسىز ياشاش، بەخت ـ ئامەتكە ئېرىشىش ئۇنچىلىك ئاسان ئىش ئەمەسكەن. مەن نارەسىدە ئىككى بالام ئۇچۇن ئون نەچچە يىل بەدەل تۆلىدىم. ھازىر ئۇلارمۇ چوڭ بولۇپ ئاق ـ قارىنى پەرق قىلغۇدەك بولدى. ئەمدى ئۆزۈم ئۇچۇن، سىز ئۇچۇن ياشاپ باققۇم بار. تېزرەك بىر قارارغا كېلىڭ، بىز بىرگە ياشايلى» دېگەنىدى. ئەمما، مەن ئۇنى ئىزچىل رەت

قىلدىم. ئۆز ھېسسىياتىمغا، ئارزۇيۇمغا خىلاپ ھالدا رەت قىلىپ كەلگەندىم. باشقىلارنىڭ ئائىلىسىنى بۇزۇش، ۋەيران قىلىش، پەرزەنتلىرىنى مەجبۇري يېتىم قىلىش بەدىلىگە ئېرىشكەن بەختنى بەخت دېگىلى بولامدۇ؟ ئۇنىڭ مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ئەمما بالىلىرىنى مېنىڭدىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ئۇ بىر مەسئۇلىيەتچان، قانائەتچان دادا ئىدى. بىز نەچچە قېتىملاپ كۆرۈشكەن، سىرداشقان، مۇڭداشقان، ئەمما ھەر قېتىملىق كۆرۈشۈشىمىز بىزنى چەكسىز قايغۇغا سالسىمۇ بىز چاندۇرمىغانىدۇق. ھەسرەت، سېغىنىش، ئۆرتىنىش ھەرقانچە قىيىنىسىمۇ، مەن يەنىلا ئۆزۈمگە تەسەللى بەرگەن، ئۆزۈمنى باشقىلارنىڭ بەختىنى ۋەيران قىلغان ئادەملەرگە سېلىشتۇرغاندا كۆپ ئۈستۈن ۋە بەختلىك ھېس قىلغان. بۇ تۇيغۇ ماڭا جاسارەت بېغىشلاپ، ھېچنېمىنى چاندۇرماي خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرگەندىم. كۆڭلۈمدىكى بۇ مۇھەببەت تەمەسىز، غەرەزسىز، سەبىي، پاك تۇيغۇ ئىدى. بىزنى گۈزەل كېلەچەككە باشلايدىغان، بىزگە يوكسەك ھاياتىي كۈچ، جاسارەت ئاتا قىلىدىغان سوكۇتتىكى مۇھەببەت ئىدى. لېكىن، ئەمدى ھەممە نەرسە ئاياغلاشتى. ھەش - پەش دېگۈچە شۇنداق تېز، شۇنداق ئېچىنىشلىق، شۇنداق ئۇشتۇمتۇت ئاخىرلاشتى... ئۆلۈم ھەممىنى يەڭدى، ھەممىنى بىتچىت قىلىۋەتتى. بىز مەغلۇپ بولدۇق، ياق، مەن مەغلۇپ بولدۇم. مېنىڭ قەلب دۇنيايىم مەڭگۈگە تۈگەشتى، راستىنلا تۈگەشتى...

ئاچامنىڭ كۆز ياشلىرى تاراملاپ ئاقتى. ئۇ بۈگۈن قانغۇچە، ھارغۇچە يىغلىۋېلىش قارارىغا كەلگەندەك

ئىدى. كېيىن ئۇ ئاستا ـ ئاستا تىنچلىنىپ قالدى. خاپىلىق، ئازاب، ئۆلۈم دەھشىتىدىن قۇتۇلۇپ، كۆڭلى ئارامىغا چۈشكەندەك يېنىك تىندى.

ــ توۋا، يىغلاشمۇ ئاجايىپ ھۇزۇر ئىشكەن. پۈتۈن ۋۇجۇدۇم يېنىكلەپ، ئىچىم بوشاپ قالدى. بۈگۈن سىنى كۆرۈپ ئۆزۈمنى زادىلا تۇتالماي قالدىم. سىنى تازا پاراكەندە قىلىۋەتتىم ـ ھە!

ــ ھېچقىسى يوق، ماڭا ئېيتمىغان دەردىنى كىمگە ئېيتارسەن؟ شۇ تاپتا مۇشۇنداق ئېغىر كۈنلەردە ئاچامغا نېمە قىلىپ بېرەلەيدىغاندىمەن دەپ ئويلاپ كېتىۋاتىمەن. ئەمدى قانداق قىلىشنى ئويلاۋاتىسەن؟

ــ بۇ يەر ئۇ بولغانلىقى ئۈچۈنلا كۆزۈمگە باشقىچە چىرايلىق كۆرۈنەتتى. ئۇ بولغانلىقى ئۈچۈنلا دۇنيا گۈزەل، ھايات گۈزەل، تۇرمۇشمۇ، تەبىئەتمۇ، ھەتتا ئاشۇ توپىلىق يوللارمۇ گۈزەل ئىدى. ئۇ ئۆلۈپ كېتىۋىدى، ھەممە نەرسە ئۆزگەردى، ئۆز مەۋجۇتلۇقىنىڭ قىممىتىنى يوقاتتى. ئۇ ئۆلۈپ كەتكەن كېچىسى بىر مىنۇتمۇ ئۇخلىيالماي، يارىلانغان يىلاندەك تولغىنىپ چىقتىم. ئۆزۈمنى بۇ دۇنيادا تەنھا قالغاندەك ھېس قىلدىم. بۇ يەردە مېنىڭ بىردىنبىر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدىغان، ھەقىقىي سېغىنىدىغان ئادىمىم شۇلا ئىدى. ئەمدى بۇ يەر شەھەردىن ئايرىلىپ خىزمەتكە يېڭىلا تەقسىم قىلىنغان چاغدىكىدەك ماڭا شۇ قەدەر ناتونۇش ۋە يات بىلىندى. مەن ئاتا ـ ئانامنى، قېرىنداشلىرىمنى، سەبىي بالىلىقىمنى ھېچقاچان ئۇ كېچىدىكىدەك باغرىم قان ھالدا سېغىنمىغان، قەدرىگە يەتمىگەنىدىم. ھېچقاچان غەمسىز، خۇشال ـ خۇرام ئۆتكەن غۇبارسىز

بالىلىقىمنى؛ قايناق ھېسسىياتقا، ئەزگۈ تۇيغۇلارغا تويۇنغان ياشلىقىمنى؛ ئەرزىمەس ئازاب، سەۋەبسىز خۇشاللىقتا تولغان ئىسلەمنى شۇ كىچىسىدەك بەكمۇ چىن مەنىسى بىلەن سېغىنىمغانىدىم. تولىمۇ مېھرىبان، بەكمۇ كۆيۈمچان ئاتا ـ ئانامنىڭ يېنىدا خىزمەت قىلىپ، دۇئاسىنى ئېلىش ئۈچۈن قايتىپ كېتىش قارارىغا كەلدىم. ئەتىسىلا ئىلتىماس سۇندۇم. يېقىندا يۆتكىلىش رەسمىيىتىمنى بېجىرىپ بېرىدىغان بولۇشتى. مەن ئاشۇ شەھەردە تۇغۇلدۇم. بۇ يەر ماڭا قان بەردى، جان بەردى. يەنىلا ئانا يۇرت مۇھەببىتى ئەڭ ئۇلۇغ ئىكەن. ئۇ ئىنساننىڭ روھىنى، يۈرىكىنى پاكلاپ، مۇكەممەللىككە ئۇلاشتۇرىدىكەن. مەن شۇ زېمىندا ئۆسۈپ يېتىلدىم، شۇ زېمىندا ئۆلۈشنى خالايمەن. بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىمنى شەھەر مائارىپىغا بېغىشلاي...

ئاچامنىڭ ئىشەنچكە، كەسكىنلىككە تولغان سۆزلىرى، چىرايلىق ئاۋازى كېچە قوينىغا بىر ـ بىرلەپ سىڭىپ كەتتى. ئۇ ھاياتنىڭ، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئەجەللىك زەربىسىگە ئۇچرىدى، ئارزۇلىرى ئارزۇ پېتى قالدى. بەزى ئارزۇلىرى مەڭگۈلۈككە دەپنە قىلىنىپ كەتتى. رەھىمسىز، ئادەمنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنمايدىغان تەتۈر پەلەك ئاچامنىمۇ كاردىن چىقىرىپ، ئۇنى تۇگەشتۈرمەكچى بولدى، لېكىن ئاچامنىڭ ھاياتقا بولغان چەكسىز سۆيگۈسى، ياشاش ئارزۇسى يەنە ھەممىدىن غالىب كېلىپ ھەممىنى بېسىپ چۈشكەنىدى...

شەھەرگە قاراپ كېتىۋاتىمەن، خىيالىمدا ھەر خىل كۆلەڭگىلەر ئەگىپ يۈرىدۇ. ئاچامنىڭ شۇنچە دەرد تارتقان تۇرۇقلۇق ماڭا مەدەت بېرىپ: «ياشاش ئازابلىق ئىش

ئەمەس. كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئارقاڭغا تاشلىۋېتىپ، قەيسەرلىك بىلەن ياشىساڭ ھاياتنى سۆيسەڭ، ھاياتمۇ سېنى سۆيىدۇ. ساڭا ئۇرغۇن ـ ئۇرغۇن گۈزەللىكلەرنى ئاتا قىلىدۇ» دېگەنلىرىنى ئويلايمەن. ئاچامنىڭ تاللىۋالغان يولى، دۇنيا قاراشلىرى توغرىمىدۇ؟...

مانا مەن ئۇزاق، زېرىكىشلىك سەپىرىمنى داۋام قىلماقتىمەن. ئاچامنىڭ چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن ھېلىقى ئەر توغرىسىدا ئېيتقانلىرىنى ئويلىماقتىمەن: «ئىشتىن يېنىپلا كىتابقا دۈم چۈشىمەن، بەزىدە ھەممىنى ئۇنتۇيمەن. بەزىدە بولسا ئۇ ئەرنى، ئۇ ئەر بىلەن بولغان ھەربىر ئۇچرىشىشنى، ھەربىر سۆھبەتنى ئويلايمەن. ئۇنىڭ ھەربىر قاراشلىرىنى، ھەربىر ھەرىكىتىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرىمەن. ئۇنىڭ غەمكىن، ھارغىن كۆلۈمسىرەشلىرىگىچە مېنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ... شېرىن ئارزۇلىرىمىز كۆپۈككە ئايلانغان، ھايات دىشۋارچىلىقىدا ئېزىلگەن، ھېرىپ ـ چارچىغان، ماجالىمىز قالمىغان چېغىمىزدا بىز ئۇچراشقان. ياق، روھلىرىمىز ئۇچراشقان، ئۆزئارا مەدەت بەرگەن، تەسەللى ئېيتقان، يار ـ يۆلەك بولغان، ئۆزئارا ئىللىقلىق، مېھىر ـ شەپقەت، يېقىنلىق، ئەڭ مۇھىمى، بىر ـ بىرىمىزگە تەمكىن سۆيگۈ ئاتا قىلىشقان، كۆڭۈللۈك، شېرىن ھېسسىياتلار ئىچىدە بىر ـ بىرىمىزنى سېغىنىشقان ۋە ئەسلەشكەندۇق. ئۇ يېنىمدا تۇرغاندا شۇنداق خۇشخۇي، شۇنداق سۆزمەن، شۇنداق چاقچاقچى بولۇپ كېتەتتىم. سۆزلەپ ـ سۆزلەپ ھارمايتتىم. سىردىشىپ ـ مۇڭدىشىپ زېرىكمەيتتۇق. لېكىن ئۇ ئائىلىسى، پەرزەنتى بار ئەر ئىدى. ئۇنىڭ

مۇھەببىتى، يۈرىكى، جىسمى، قەلب سىرلىرى... قىسقىسى، ھېچنېمىسى ماڭا تەۋە ئەمەس. شۇنداقتىمۇ بۇنى ئويلىغۇم، ئېتىراپ قىلغۇم كەلمەيتتى. لېكىن، ئېتىراپ قىلمايمۇ، ئويلىمايمۇ ئامالىم يوق ئىدى. بىر ـ بىرىمىزگە قانچىلىك موھتاج، قانچىلىك تەشنا بولساقمۇ بەربىر ئىككىمىز بىر يەرگە كېلەلمەيتتۇق. مېنىڭ قولۇمدىن نېمە كېلىدۇ دەيسەن؟ ئۇنى بەكلا سېغىنىپ كەتسەم تېلېفون قىلىپ ئاۋازىنى ئاڭلىۋالىمەن. پۇرسەت بولسا كۆرۈشۈپ بىللە تاماق يەيمەن. لېكىن، كۆپ ھاللاردا كۆڭۈل خاھىشىمغا تامامەن زىت ھالدا ئۇنىڭ نۇرغۇن يوللۇق ـ يولسىز تەلەپلىرىنى كەسكىن رەت قىلىمەن، ئۇ پۇتۇنلەي ئىلاجسىز قالىدۇ. مەن بولسام قاتتىق ئازابلىنىمەن، ئاچچىق يۇتىمەن...»

ئاچامنىڭ ھېلىھەم لاۋۇلداپ تۇرغان يۈرىكىدە ئارزۇ بار، ئىنتىلىش بار، مۇھەببەت بار. ئۇ جەزمەن كەلگۈسىدە ياخشى ياشايدۇ. ھېچبولمىغاندا، ماڭا قارىغاندا كۆپ خاتىرجەم ۋە ئازادە، تىنچ ياشايدۇ. مەن بولسام ھېلىقى ئۆيگە قايتىمەن. ھېچكىمنى ھېچكىم خۇش قىلالمايدىغان، ھېچكىمنى ھېچكىم رازى قىلالمايدىغان، پەقەت پەرزەنتلىك رىشتىلا ئىلاجسىز باغلاپ تۇرغان ئۆيگە قايتىمەن. ئەمەلىيەتتە، ئۇ مېنىڭ ئۆيگە قايتىشىمنى ئەسلا خالىمايدۇ. كۆچى يەتسە ھازىرلا قوغلاپ چىقىرىۋەتكۈسى كېلىدۇ. «ماشىنىغا سوقۇلۇپ ئۆلەرسەن» دېگەن گەپ كۆنبويى بىر ئۆيدە ياشايدىغان، شۇنچە يىل ھاياتىنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرىغا، ئىسسىق ـ سوغۇقلىرىغا بىرلىكتە بەرداشلىق بەرگەن ئادەمنىڭ دەيدىغان گېپىمۇ؟ ئۇ مېنىڭ ئۆيگە قايتىشىمنى

خالمايدۇ. مەن تېخىمۇ شۇنداق. لېكىن، مەن ئايال كىشى، يەنە كېلىپ ئىككى ئوغۇلنىڭ ئانىسى تۇرۇپ، ئۆيگە قايتمىسام بولمايدۇ. بىزنىڭ شۇنچىۋالا ئۆچمەنلىشىپ، دۈشمەنلىشىپ تۇرۇپ، يەنىلا بىللە ئۆتۈشىمىز ئەقىلگە سىغامدۇ؟ بۇنى مەن بىلمەيمەن، بىلىپمۇ بولالمايمەن. بىلىشنىمۇ خالىمايمەن. مەندە ئەقدىر بىلەن قارشىلاشقۇدەك، دادامنىڭ ئىرادىسىگە قارشى چىققۇدەك غەيرەت يوق، شۇڭا ئۆيۈمگە قاراپ كېتىۋاتىمەن. قارىغاندا، سوغۇق مۇناسىۋەتلار ئۇرۇشىغا، ئىس ـ تۈتەكسىز جەڭنىڭ شاۋقۇن ـ سۈرەنلىرىگە كۆنۈپ قالغاندەك تۇرىمەن. كۆنمەيمۇ نېمە ئامالىم، نېمە چارەم بولسۇن؟ ماڭا ئايان، مەن ئاجرىشىمەن دېسەم، ئۇ ھەرگىز ياق دېمەيدۇ، كەينىگىمۇ سۆرىمەيدۇ. خېلى ئۇزاقتىن بېرى ئۇ پەقەت شۇ سۆزۈمنىلا كۈتۈۋاتىدۇ. لېكىن، مەن تۇرمۇشۇمنى بۇزۇشنى، نارەسىدە پەرزەنتلىرىمنى يېتىم قىلىشنى خالىمايمەن، ھەرگىز خالىمايمەن. يەنە تۇرۇپلا كۆڭلۈمدە ئاللىقانداق بىر ناخۇش تۇيغۇلار باش كۆتۈرۈپ، مېنى ئازابلاشقا، روھىمنى چۇشۇرۇشكە ئۇرۇنىدۇ. بۇنداق چاغدا نېمىشقىدۇر ماكسىم گوركىينىڭ «دانكو» ھېكايىسىدىكى مۇنۇ سۆزلەر يادىمدىن كېچىدۇ: «... ئادەملەر ياشاۋاتقىنى يوق، بەلكى ھەرقانداق ئىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرۈش بىلەن ئاۋارە... پۈتۈن ئۆمرىنى شۇنىڭغا سەرپ قىلماقتا. ئۆمۈرلىرىنى پايدىسىز ئۆتكۈزۈپ، ئۆزلىرى تامامەن ھالاكەتكە ئۈچرىغاندىن كېيىن، تەقدىرلىرىگە نالە قىلىشقا باشلايدۇ. تەقدىردە نېمە گۇناھ؟ ھەركىم ئۆز ـ ئۆزىگە تەقدىر.»

※ ※ ※

سەپرايىم ئۆرلەپلا تۇراتتى. بارغانسېرى ئەتراپىمدىكى ھېچكىم، ھېچقانداق ئىش، ھېچقانداق نەرسە كۆزۈمگە سىغمايدىغان، نۇرغۇن مەسىلىلەر كاللامدىن ئۆتمەيدىغان، ئوغامنى قاينىتىدىغان بولۇپ كېتىۋاتاتتى. مەكتەپلەردە سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغان «تەكلىپ قىلىش تۈزۈمى»نىڭ قائىدە ـ تۈزۈملىرى ئەمەلىيلەشمەي تۇرۇپلا، بەزىلەر ھەپتىلەپ ـ ئايلاپ دەرس ئۆتمەي ئوقۇغۇچى يىغىشقا، بەزىلەر تىككۈچىلىككە ئاجرىتىلدى. تەقسىماتنىڭ كۆپلۈكىدىن ھەممىمىز بىر ـ بىرىمىزگە خىرىس قىلىشقا، ھەتتا بىر ـ بىرىمىزنى تالاشقا، غاجاشقا ئۆتكەندۇق. دېيىلىۋاتقان سۆزلەرنىڭ ئاچچىقلىقىدىن، سېسىقلىقىدىن ئۆزىمىزمۇ بىزار ئىدۇق. راستىنى ئېيتقاندا، بۇنداق بولۇشنى ئەسلا خالىمايتتۇق، چۈنكى ھەممىمىز ئادەم تەربىيىلىگۈچى ئىدۇق. ئادەم تەربىيىلىگۈچى بولغانىكەنمىز، ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنى تەربىيىلەشكە توغرا كېلەتتى. لېكىن، خۇددى ھەممىمىزلا يوشۇرۇن كۈشكۈرتۈۋاتقان بىر بېسىمنىڭ، ئاللىقانداق يوشۇرۇن كۈچنىڭ ئاسارىتىدە مەجبۇرلىنىۋاتقاندەك، خالاپمۇ، خالىمايمۇ، ئاغزىمىز بېسىقماي سۆزلەيتتۇق، كاپشىيتتۇق. ئوقۇتقۇچى تۇرۇقلۇق ئۆز ئاغزىغا ئىگە بولالماسلىق تولىمۇ نومۇسلۇق ئىش بولسىمۇ، بىز بۇ نومۇس تۇيغۇسىدىن بارغانچە يىراقلىشىپ كېتىۋاتاتتۇق. كۈنبويى بىللە خىزمەت قىلىدىغان، توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىملارغا

بىللە ياردىغان، بىللە يىغلاپ، بىللە كۈلىدىغان، پات ـ پاتىلا بىر داستىخاندا تاماق يەيدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئۆيات بولىدىغان گەپ ـ سۆزلەر ئاغزىمىزدىن بىر يولىلا تۆكۈلەتتى. كىم كىمنىڭ گېپىنى ئاڭلاۋاتىدۇ، كىم كىمنىڭ گېپىنى قوللاۋاتىدۇ، بىلگىلى بولمايتتى. ھەممىمىز سۆزلەپ قايناپ، تالاش ـ تارتىش قىلىپ ھارغاندا، نىبرۇبلىرىمىزنىڭ قانچىلىك چارچاپ كەتكەنلىكىنى ئاندىن ھېس قىلىشاتتۇق. بەزىدە ئۆزۈمنى غالجىر ئىتلارنىڭ ئارىسىدا قالغاندەك، بەزىدە خۇددى ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا كىرىپ قالغاندەك، ئەپسۇسلۇق، تىت ـ تىتلىق، سەۋرسىزلىك ئىلكىدە سېزەتتىم. مەيدانى، ئېتىقادى، ئىمانى، ھېلى قىلغان گېپى، ھېلى يوق بەزى تۇراقسىز، تۇتۇرۇقسىز خىزمەتداشلار ئارىسىدا كىمگە ھېسداشلىق قىلىپ، كىمنى قوغدىشىمنى، كىمگە نەسىھەت قىلىپ، كىمنى يامان قىلىشىمنى بىلمەيتتىم. كىمنى ياخشى كۆرگەنلىكىم، كىمگە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىم، زادى كىم ئۈچۈن ھەقىقەتنى ياقلاۋاتقانلىقىم ئۆزۈمگىمۇ ئېنىق ئەمەس ئىدى.

زادى كىمنىڭ ھەق، كىمنىڭ ناھەق؟ بۇنى بىلمەيدىغان ياشتا، بىلمەيدىغان كاللىدا ئەمەسمىز. لېكىن، ئالدىدا بىر خىل، كەينىدە مىڭ خىل ئۆزگىرەلەيدىغان تۇغما قابىلىيىتىمىز، قان ـ قېنىمىزغا سىڭىپ كەتكەن سەللا ئورنى، ئىمتىيازى بارلارغا ياخشىچاق بولىدىغان تۇغما مىجەزىمىز بىزنىڭ كۆزىمىزنى ئېتىپ قويغانىدى. ياخشىغىمۇ ياخشىچاق بولىمىز، يامانغىمۇ ياخشىچاق بولىمىز. بىز زادى قانداق ئادەملەر؟...

مەكتەپتە تۇزۇم زىيادە چىڭىپ كەتتى. نېمە ئۈچۈن ئۆزىمىزگىمۇ، باشقىلارغىمۇ زۇلۇم سېلىپ ياشايدىغانلىقىمىز ھېچ كاللامدىن ئۆتمەيدۇ. ئىشخانىلاردا ئىش ئاقمايدىغانلىقىغا قارىماي سائەتلەپ، كۈنلەپ ئولتۇرۇپ كېتىمىز. شەنبە، يەكشەنبە، ھەتتا كېچىلەرگىچە ئورۇنلاشتۇرغان تايىنى يوق خىزمەتلەرنى قىلىپ ئۆزىمىزگە جاپا سالىمىز. بەزىدە بۇ قۇرۇق جاپالارغا ئىچىمىز پۇشۇپ ئۇنى ـ بۇنى دەپ تاشلايمىز. ئۇزاق ئۆتمەيلا بۇ سۆزلەر شاخلىنىپ بۈك ـ باراقسان بولۇپ ئۆزىمىزگە قايتىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ گەپلەرنى بىزنىڭ دېگىنىمىزگە ئىشىنەلمەيلا قالىمىز. ھۇرۇن، تەييارتاپ، كۈن ئېلىش كويىغا كىرىۋالغان، ئۆزىنى ئوپراتمايدىغان بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قارىسىغا كەتكەن مەكتەپ ھاياتى ۋاقتىمىزنى شۇنچىلىك ئوغرىلايدۇكى... بۇلارنى يېزىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟

كەچتە خامۇش بىر ھالەتتە ئۇزاققىچە ئولتۇرۇپ كېتىپتىمەن. ئويلاپ باقسام ئانامنى بەكمۇ كۆرگۈم كەپتۇ. ئارىلىقىمىز شۇنچىلىك يېقىن تۇرسىمۇ، بەزىدە بىرەر ھەپتىگىچە كۆرۈشەلمەي قالىمىز. سەۋەبىنى ئىزدىسەم، ساپلا چوپلىدا توختىمىغان باھانە ـ سەۋەبلەر ئىكەن. خۇددى دۇنيانىڭ چوڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىۋاتقان كىشىلەردەك ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ، ئالدىراپ چېپىپلا يۈرىمەن. بۇ، ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان دەۋرنىڭ تەقەززاسىمۇ ياكى مۇشۇ كەسىپتە ئىشلەيدىغانلارنىڭ كەسپىي كېسىلىمۇ ئۆزۈممۇ بىرنەرسە دېيەلمەيمەن...

ئېرىق بويىدا ئولتۇرۇپ ئەتراپقا نەزەر سالدىم. دەل ـ

دەرەخلەر، ئوت ـ چۆپلەر، گۇل ـ گىياھلار شۇ قەدەر تىنچ، باللار شۇ قەدەر خۇشال ھەم بەختىيار ئىدى. مېنىڭمۇ شاد ـ خۇرام، غەمسىز، غۇبارسىز باللىقىم بولغان، غەم ـ قايغۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان خۇشال چاغلىرىم بولغانىدى. ھازىر يۇرىكىمگە بوراننىڭ گۇركىرىشى، قاراڭغۇلۇق ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقاندەكلا بىلىنىدۇ. كېيىن ئادەمدەك زەئىپلىك ئىچىدە ھايات كەچۈرۈۋاتقىنىمغا خېلى بوپتۇ. پۈتكۈل جىسمىمنى، كۆڭلۈمنى كەيپسىزلىك، مەنىسىزلىك، دەرد ـ ئەلەم، ھەسرەت تۇمانلىرى تۆت ئەتراپتىن قورشىۋالغاندەك، ماڭا قۇتۇلۇپ چىقىشقا قىلچە ئىمكانىيەت قالمىغاندەك روھىم چۈشۈپلا كېتىۋاتاتتى. ئۆزۈمنى ئەركىن، خۇشال، جانلىق، تېتىك كۆرسىتىشكە تىرىشاتتىم ـ يۇ، ئەمما تىرىشچانلىقىم كۆپۈككە ئايلىناتتى.

ئۆتكەن يىلى قار ھەددىدىن زىيادە كۆپ يېغىپ، ئۇدا نەچچە ھەپتىگىچە مەكتەپ ئىچى ـ سىرتىدىكى چوڭ يوللارنى تازىلاش ۋەزىپىسى يۈكلەنگەچكە، نەچچىمىزگە سوغۇق ئۆتۈپ قېلىپ دوختۇرخانىدا ئايلاپ يېتىپ قالغانىدۇق. بۇ يىل قىشنىڭ تەسىرىدىنمۇ ياكى باشقا سەۋەب بارمۇ، بىلمىدىم، پۇت ـ قوللىرىم، بەدەنلىرىم ئاغرىپ بەكلا ھەرەج تارتتىم. بەزىدە ماغدۇرىم قالمىدى. مەغرۇر قەدەم بىلەن بىر خىلدا تەكشى دەسسەپ شۇ قەدەر يېنىك، شۇ قەدەر چىرايلىق ماڭىدىغان چاغلىرىم نەلەرگە كەتتىكىن؟ پۈتۈمنى سۆرەپ قېلىۋاتاتتىم. بۇ يىل قار يېغىش تۈگۈل، تۈزۈكرەك سوغۇق ھاۋانىمۇ كۆرۈپ باقمىدۇق. پۈتكۈل جاھان ئىس ـ تۈتەك، مەينەتچىلىك بىلەن قاپلانغان، پەلەككە تاقاشقۇدەك دەل ـ

دەرەخلەردىن، ئوت ـ چۆپ، گۈل ـ گىياھلاردىن توپا ئۆرلەپلا تۇراتتى. ئاپپاق قارلار، پاكىز، ساپ ھاۋا دىگەنلەر بىزدىن بارغانچە يىراقلاشماقتا ئىدى. «تەبىئەت بىزدىن ئۆچ ئېلىۋاتىدۇ» دىگەن سۆزنىڭ قىل سىغماس ھەقىقەتكە ئايلىنىۋاتقانلىقى ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق ئىسپاتلىنىۋاتاتتى. سۈنئىي قار ياغدۇرۇش تېخنىكىسىمۇ كارغا كەلمىگەنىدى. بەزىدە دەرسخانىدا دەرس ئۆتۈۋاتقاندا، بەزىدە تۈن كېچىلەردە سەۋەبسىزلا گېلىمنى كۈچلۈك قوللار مەھكەم بوغۇۋاتقاندەك نەپسىم قىسىلىپ تىنالماي قالىمەن. «يىلدىن ـ يىلغا بەتتەر» دىگۈچىلەر نىمىدىگەن توغرا ئېيتقان ـ ھە! ماڭا نىسبەتەن ھەقىقەتەن ھەممە ئىشلار يىلدىن ـ يىلغا بەتتەر بولۇۋاتاتتى. بەكلا ئېزىلىپ كېتىۋاتاتتىم.

نىمىشقا بەزى ئىنسانلارنىڭ ھاياتى بەئەينى دوزاختا ياشىغاندەك شۇنچە جاپا ـ مۇشەققەتلىك، ئازابلىق بولىدىغاندۇ؟...

ئىشخانىدىكى گەپنىڭ تولىلىقىدىن ھېچ نەرسىنى ئوڭشاپ يازالمىدىم. يەنە يازىمەن، يەنە ئۆچۈرىمەن. يەنە يازىمەن، يەنە جىجايمەن. ئاخىر يازغان ۋارىقىمنى يىرتىۋەتتىم. توۋا، دادام مائارىپتا توپتوغرا قىرىق يىل ئىشلىدى. كېيىنكى ئۆمرىنى يەنىلا كىتاب ـ ماتېرىياللار ئىچىدە ئۆتكۈزدى. تېخى بىر يىل كېچىلەپ ئولتۇرۇپ ئىككى پارچە كىتاب يېزىپ چىقتى. مەن بولسام ئون يىل ئىشلەپلا ھەممە جەھەتتىن كىرەكتىن چىقاي دىدىم. بەزىدە گەپ ـ سۆزدىن ئازسام، بەزىدە خىزمەتتىن ئازىمەن. مەن جىمجىتلىقتا، تىنچلىقتا، خاتىرجەم مۇھىتتا شۇنچىلىك موھتاجمەنكى....

مەكتەپ مېنىڭ ئەڭ چوڭ دۇنيايىم. ئۇنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىشىڭىلا كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇرىدىغان شۇنچىلىك كۆپ رەڭدار گۇللىرى، باراقسان دەل - دەرەخلىرى، كەڭرى، ئازادە سەينالىرى... ئەڭ مۇھىمى، بىزدىن چەكسىز مېھىر - شەپقەت، ھېسابسىز ئەجىر - مېھنەت، يۈكسەك مەسئۇلىيەت تەلەپ قىلىۋاتقان نۇرغۇن ئۇمىدلىك، ياش گۈل - غۇنچىلىرى مېنى تولىمۇ زوقلاندۇرىدۇ. قايناق مەكتەپ ھاياتى مېنى ماگنىتتەك ئۆزىگە تارتىپ تۇرىدۇ. خىزمەتتىن چارچىغان، سىقىلغان چاغلىرىمدا ئۇدۇل مەكتەپ گۈلزارلىقىغا كېلىپ، پۈتكۈل جېنىم، تېنىقىم، ھېسسىياتىم بىلەن قېنىق يېشىل رەڭگە كىرگەن يوپيۇرماقلارنى ئۇزۇپ، يۇمران ئوت - چۆپلەرنى يۇلۇپ، تىتىپ، بىر - بىرلەپ ئىرىقتا ئېقىتىپ ئوينايمەن. نەمخۇش يوپيۇرماقلارنىڭ، ئوت - چۆپلەرنىڭ پۇرىقى مېنى مەستخۇش قىلغاندەك، ئۆزۈمنى يېشىللىق دۇنياسىنىڭ بىر ئەزاسىغا ئايلانغاندەك، ئېرىقتىكى سۇدا لەرزان ئۇزۇپ، كىيىم - كېچەكلىرىمگە، بەدىنىمگە چاپلىشىۋالغان كىر - داغلىرىنى يۇيۇپ پاكىزلىنىۋالغاندەك ھېسسىياتقا كېلىمەن. بۇ مىنۇتلاردا ھايات ماڭا ئاجايىپ قىممەتلىك، يېڭى - يېڭى مەنىلەرنى بېرەتتى.

بۈگۈن ئەتىگەن كەيپىسىز، ھارغىن ھالەتتە ئورنۇمدىن تۇرۇپتىمەن. مەھكەم ئېتىلگەن دېرىزىلەرنىڭ سىرتىدا جۇدۇن بولۇۋاتاتتى. يۈز - كۆزۈمنى چالا - بۇلا يۇيۇپ بالىلىرىمنىڭ ناشتىلىقىنى بېرىپ بولۇپلا مەكتەپكە كەلدىم. ھاۋانىڭ ئوسال بولۇشىغا قارىماي، ئوقۇغۇچىلار

ئالدى ـ ئارقا مەيداندا مىغىلداپ يۈرەتتى. قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى قانداقتۇر ئايىغى چىقماس پاراڭلارغا چۈشكەن، ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار توپ تېپىۋاتقان، قوغلىشىپ، مۈشتلىشىپ ئويناۋاتقانىدى. بىر كۈنۈم مانا مۇشۇنداق باشلانغانىدى.

ئىشخانىغا بىھۇدە كولدۇرلاپ كىرىپ ـ چىقىپ يۈرگەن ئوقۇغۇچىلار نېمىشقىدۇر مېنىڭ ئوغامنى قايىنىتاتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۈستەلدىكى تاپشۇرۇق، ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى بىمالال ۋاراقلىسا، بەزىلىرى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۈستىلىدىكى ئەينەككە باستۇرۇپ قويۇلغان رەسىملەرنى كۆرۈشۈپ تالاش ـ تارتىشقا چۈشكەنىدى:

— بۇ ھېلىقى فىزىكا خانىم...

— ياق، ئەدەبىيات خانىمى...

— مەن ماۋۇ خانىمنى دەۋاتىمەن.

— قارا ماۋۇ مۇئەللىمنىڭ بۇرۇتىغا، نېمىدېگەن ياراشمىغان، خۇددى يالغان بۇرۇتنى چاپلاپ قويغاندەكلا...

— نېمە ئىشىڭلار بار؟ — مەن مۇمكىنقەدەر ئاۋازىمنى سىلىق چىقىرىشقا تىرىشتىم.

— ھېچ ئىشىمىز يوق، شۇ سىنىپ مۇدىرىمىزنى ئىزدەيتتۇق...

— سىنىپ مۇدىرلىرى كەلگەن ھامان سىنىپقا كىرىدۇ. چىقىپ ئۆگىنىشىڭلارنى قىلىڭلار...

ئۇلار گېپىمنى ئاڭلىمىغاندەك بىرھازا تۇرۇپ كەتتى. ئاندىن خالىمىغان، نارازى بولغان كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ قويۇشۇپ ئىشخانىدىن چىقىپ كېتىشتى.

تووۋا، بۇ بالىلار خۇددى ھېچ ئىشنى، ھېچقانداق ۋەزىپىسى يوق ئادەمدەك شۇنداق بىغەم، شۇنداق خاتىرجەم. ئۇلاردا تارتىنىش، ئوقۇتقۇچىلاردىن ئەيمىنىش دېگەن تۇيغۇ يوق. ئۇلار ئەسلىدە بىزنىڭ بايلىقىمىز ئىدى. ئەمما، بۇ بايلىقلارنى تەربىيەلەش، باشقۇرۇش شۇنچىلىك تەس، شۇنچىلىك قىيىنكى... «دۆت ئوقۇغۇچى يوق، لېكىن لاياقەتسىز ئوقۇتقۇچى بار» دېگەن شوئار تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە بۇ كەلگۈسىنىڭ قۇرغۇچىلىرى بىزنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدلىرىمىزدىن، تەلەپلىرىمىزدىن، غايىلىرىمىزدىن شۇنچىلىك يىراقتا... بىز ئۇلارنى ئەتراپلىق تەربىيەلىدۇقمۇ؟ يېتەرلىك بىلىم بېرەلىدۇقمۇ؟ ئۆزىمىز ھەر جەھەتتىن ئۇلارغا ئۈلگە بولالىدۇقمۇ؟...

ئۇزۇلمەي كېلىپ تۇرىدىغان تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن قىلىنىدىغان تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ ئەقلىمىزنى خورىتىپ، زېھنىمىزنى ئۈپرىتىدىغان، قىلسىمۇ - قىلمىسىمۇ بولىدىغان بەزى ئىشلارنىڭ كۆپلۈكىدىن باش كۆتۈرەلمىسەكمۇ، ئىشىمىزنىڭ نەتىجىسى چىقىسىكەن دېگەن ئۈمىدتە كۈنبويى كۆيۈپ - پىشىپ، تەپچىرەپ ئىشلەيمىز، ئەمما نەتىجىمىز كۆڭلىمىزدىكىدەك بولمايۋاتاتتى...

بۈگۈن خىزمەتتىن ناھايىتى كۆڭۈلسىز قايتتىم.

※ ※ ※

نېمىشقىكىن، ھە دېسىلا يېتىۋېلىشتىن، ئاسما ئاستۇرۇشتىن، دورا ئىچىشتىن زېرىكىپ كەتتىم. تووۋا

دەيمەن، بىرمۇنچە قەرزگە بوغۇلۇپ يېگى ئۆي سېتىۋالدۇق. چىرايلىق جاھازلار بىلەن بېزىدۇق. ئۆيىمىز يېڭىلانغىنى بىلەن روھىمىز يېڭىلانمىدى. ئۆينىڭ ھاۋاسى كىشىنىڭ نەپىسىنى سىقىدۇ، دېمىنى كېسىدۇ. بۇ ئۆيدە تورۇشقا بىر مىنۇتمۇ تاقىتىم قالمىغانلىقىنى، بەكمۇ زېرىككەنلىكىمنى ھېس قىلىۋاتىمەن. لېكىن، ئائىلە دېگەن ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئورتاق مېھرىدىن، ئورتاق ئەجرىدىن گۈللىنىدىغان جاي بولغاچقا، ئۇ كىرىمەن دەپلا كىرىۋالىدىغان، زېرىكتىم دەپلا تاشلاپ چىقىپ كەتكىلى بولمايتتى.

بۈگۈن يەكشەنبە. ئەتىگەندىلا يوقىلاڭ بىر گەپنى تالىشىپ ئەكبەر بىلەن يەنە قىزىرىشىپ قالدىم. ئۇ ئىشىكنى جالاقلىتىپ ياپقىنىچە ئۆينى تاشلاپ چىقىپ كەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ قاچان، قانداق ھالدا كىرىشى نامەلۇم. تامغا يۆلىنىپ ئۇزاققىچە ئولتۇرۇپ كەتتىم. شۇنچىلىك ئۇزاق ئولتۇردۇمكى...

ئىچىم ئاچچىققا لىق تولغان، كۆزلىرىمگە ھېلىدىن ـ ھېلى ياش تولاتتى. توي قىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئۆز تۇرمۇشۇمدىن ئۇمىدسىزلەنگەن، يېڭى ھاياتىمنىڭ خىيالىمدىكىدەك گۈزەل، غايىۋى، شېرىن بولمىغانلىقىدىن روھىم چۈشكەنىدى. لېكىن، مۇناسىۋىتىمىز، نىكاھىمىز توغرىسىدا ئوبدانراق ئويلىنىپ بولغۇچە باللىق بولدۇق. ئىنسان ھاياتىدىكى بوران ـ چاپقۇنلار بەزىدە بىزنى بىر گەۋدىگە، بىر يۈرەككە ئايلاندۇرسا، بەزىدە رەھىمسىزلىك بىلەن ئىككى قىرغاققا چۆرۈپ تاشلىدى. ئەمدىلىكتە بولسا...

مەن قايسىبىر ژۇرنالدىن «ئايال ئۆز ئېرىدىن

مەڭگۈ قانائەت ھاسىل قىلمايدۇ، ئۇ ئەرگە تەگكەنلىكى ئۈچۈن ئۆمۈر بويى پۇشايمان قىلىسمۇ زادىلا ئاغىزىدىن چىقارمايدۇ» دېگەن مەزمۇننى ئوقۇغانىدىم. قانائەت ھاسىل قىلىش ئۈچۈنمۇ قانائەتلەنگۈدەك ئىش بولۇشى كېرەك. مەن ئېرىمنى قىستاپ پۇل تېپىشقا مەجبۇرلايدىغان، شۆھرەتپەرەسلىككە، كىيىم ـ كېچەككە ئۆزىنى ئۇرىدىغانلاردىن ئەمەس ياكى قەستەن تەلۋىلىك قىلىپ، ئېرىنى قاقشىتىدىغان ھازازۇل ئاياللاردىن ئەمەس. مەن ئۇنىڭدىن پەقەت مۇھەببەت ۋە مەسئۇلىيەت تەلەپ قىلىمەن، ئەرلەرگە خاس جۇشقۇنلۇق، ئىشچانلىق تەلەپ قىلىمەن. ئىككىمىزنىڭ تۇرمۇشى گويا دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا يا ئالدىغا ماڭالماي، يا كەينىگە يانالماي تۇرۇپ قالغان كېمىگە ئوخشايدۇ. بۇ كېمە يا پاچاقلىنىپ كەتمەيدۇ، يا يوقىلىپ كەتمەيدۇ، ئەمما ئاستا ـ ئاستا چىرىپ تۈگەيدۇ.

مەن تۇرمۇشىمىزنى يېڭىلاشنى، يېڭى ـ يېڭى مەنىلەرگە ئىگە قىلىشنى، بىر ـ بىرىمىزگە خۇشاللىق ئاتا قىلىپ ياشاشنى ئارزۇ قىلىمەن. ئۇنىڭ ئويلىمىغان ئۇسۇللار ئارقىلىق كۆڭلۈمنى ئۇتۇشىنى، ئېغىر زەربىگە ئۇچرىغان نازۇك قەلبىمنى ئۆز مۇھەببىتى ئارقىلىق ئىللىتىشنى تەلەپ قىلىمەن. لېكىن، ئۇ نە چىرايلىقراق گەپتىن بىرنى، نە چىرايلىقراق ئىشنى قىلىشنى خالىمايدۇ. ئەجىر ـ مېھنەتلىرىمگە يارىشا كۆڭۈل ئىزدەش، مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشنىڭ ئورنىغا دائىملا كۆڭلۈمگە ئازار بېرىدۇ. ئۇ ماڭا گويا مەن ئۇنىڭ ئەلڭ يېقىن كىشىسى ئەمەستەك، بەزىدە ھەتتا زادىلا تونۇشمايدىغاندەك سوغۇق ۋە كۆڭۈلسىزلىگەن ھالدا

مۇئامىلە قىلىدۇ. بۇنداق چاغلاردا كۆڭلۈم شۇنچىلىك يېرىم بولىدۇ، قەلبىم شۇنچىلىك ئازار يەيدۇ.
— بۈگۈن مىجەزىم يوق، ئىشقا بارالمايدىغاندەك تۇرىمەن.
— قەيېرىڭ ئاغرىۋاتىدۇ؟
— ئۇستىخانلىرىم ئۇرۇپ چىقمۇۋەتكەندەكلا...
— باشقا يېرىڭ ئاغرىغۇچە ئاغزىڭ ئاغرىپ قالسىچۇ دەيمەن...
— ......

— بۈگۈن بىزنىڭ توي خاتىرە كۈنىمىز.
— سەن نېمە دېمەكچى؟
— باشقا نەرسىگە دېمىدىم، بالدۇرراق كەلسەڭ...
— ئۆزۈڭ خاتىرلەۋەر، كەچتە بارمىسام بولمايدىغان سورۇنۇم بار.
— ئۆزۈم يالغۇز خاتىرلەيمەنمۇ؟ تازا بىر گەپ بولدى -دە.
— كىم بىلەن خاتىرلىسەڭ شۇنىڭ بىلەن خاتىرلە، بېشىمنى تولا ئاغرىتماي.
بەزىدە مۇناسىۋىتىمىز بىر ئاز ياخشىلىنىپ ئامراقلىقىمىز تۇتۇپ كەتكەن كۈنلەردە بىرقانچە قېتىم ئايالىلارغا خاس ئىنتىلىش، تەشنالىق، ئۈمىد بىلەن كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ:
— مېنى هازىرمۇ ياخشى كۆرەمسەن؟ — دەپ سورىدىم.
— شۇمۇ گەپمۇ، بىر ئويدان ئۆتۈۋاتىمىزۇق...
— مېنى هازىرمۇ ياخشى كۆرەمسەن دەپ سوراۋاتىمەن...

ئۇ نېمە دېيىشىنى بىلمىگەندەك خېلىغىچە تۇرۇپ قالدى، ئاندىن بىردىنلا توك تېگىپ:
— خوتۇن، ئۆزۈڭنى ئون سەككىز ياشلىق قىزدەك ھېس قىلمۇۋاتامسەن، نېمە؟...
— ياق، ھېس - تۇيغۇسىز، ئارزۇ - ئارمانسىز، غايە - ئىستەكسىز ماشىنا ئادەم بىلەن ياشاۋاتقاندەك بولۇۋاتىمەن...
ئەكبەرگە تەتۈر قارىۋالدىم. ئۇ جەينىكى بىلەن ئاستا نوقۇدى، ئەمما مەن پەرۋا قىلمىدىم.
— قېرىغاندا بۇنداق گەپلەرنى قىلىشنىڭ ھاجىتى بارمۇ؟ بولدى، خاپا بولما. سېنى سۆيۈپ قوياي...
ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بىركىم مېنى نەچچە قات ئاسماندىن تاشلىۋەتكەندەك بولدۇم. «سېنى سۆيۈپ قوياي» دېگەن بۇ گەپ مېنى تېخىمۇ بىچارە ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغانىدى. مەن ئاڭلاشقا تەشنا بولغان يېقىملىق، شېرىن گەپلەر؛ ئايال كىشىگە خۇشاللىق، ئۈمىد، ئىشەنچ، ھاياجان بەخش ئېتىدىغان جاۋابلار مۇشۇمىدى؟
— نېمە بولدى؟ ئۇجۇقۇپ كەتتىڭغۇ؟
— ......

روھىم سۇندى، ئۈمىدىم بەربات بولدى. مەن ئون ئىككى يىلدىن بېرى بۇ ئەرنىڭ قوينىدا ياتىمەن. يۈزلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسى ساقال باسقان، كەڭرى كۆكرەكلىرىدىن كۈچ - قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇرسىمۇ، ئىرادىسىز، كۆڭلەپ ئۆيگە قايتمايدىغان، ئۆيگە قايتقاندا بولسا تۈگمەن تېشىنى مۈرىسىگە ئارتىۋالغاندەك غەيرەتسىز، روھسىز يۈرىدىغان بۇ ئەر مېنىڭ ھاياتىمنىڭ

هۆكۈمدارى. مەن ئۇنى دەپلا جاپا چېكىمەن. ئۇنى دەپلا تۇغىمەن، بالا باقىمەن. ئۇنى دەپلا ئاچچىق يۇتىمەن، ئازاب چېكىمەن. ئۇنىڭ ئۇچۇن ھەممە نەرسەمنى قۇربان قىلىمەن. ئۇ بولسا مەندىن ھەممىنى ئايايدۇ. ئويۇنىنىڭ، شارابىنىڭ، ئاللىلىنىپىملەرنىڭ كويىدا پالاقلاپ يۇرىدۇ. مېنى تۇرلۇك ئەندىشە، تۇرلۇك گۇمان ھەم ھەسرەت بىلەن تاڭ ئاتقۇچە ئىشىككە تەلمۇرتكۇزىدۇ... نە ئارىمىزدىكى ئارازلىقنى تۇگىتىشكە، نە زىددىيەتنى تېپىپ چىقىشقا، نە ئايالىغا، نە پەرزەنتلىرىگە كۆڭۈل بۆلۇشكە رايى يوق بىر ئادەم بىلەن ھەپىلىشىپ، ئۇنىڭلا غېمىنى يەپ كۇنۇم ئۆتىدۇ. تالاي ئايدىڭ كېچىلەر، تالاي گۇگۇم پەيتلەر، تاڭ شەپىقىدەك قىزارغان نۇرلۇق سەھەرلەر كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان غۇۋا چۇشتەك ئۆتۇپ كېتىدۇ.

«ئاپتوبۇس توختاپ كەتكۇدەك بولسا قونۇپ قالسىلا، دادىسى، بىزدىن غەم قىلمىسىلا» دەيتتى ئانام ئەندىشىگە، چەكسىز كۆيۇمگە تولغان ئاۋازىنى تىترىتىپ.

«خوتۇن ـ بالىلىرىم ئۆيدە تۇرسا، تۇغقانلارنىڭ ئۆيىدە ئۇيقۇم كېلەمدۇ؟ ئىشىمنى تۇگىتىپلا قايتىمەن. ھوشيارراق ياتارسىلە، ئويغىتالماي قالماي يەنە...» دەيتتى دادام قەتئىيلىك بىلەن.

دادام ـ ئانامنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغىنىمدا يۇرىكىم ئاچچىققا تولاتتى. خاپىلىقىمنىڭ، نەپرىتىمنىڭ تەگسىز بولاقتەك قايناپ تېشىۋاتقانلىقىغا قارىماي، ئەكىبەرگە تېلېفوننى ئۇرۇۋەردىم. تېلېفون ئاخىر ئۇلاندى:

— ۋەي، نېمە گەپ؟ — يەنە شۇ ئادەمنى ھەممىدىن بەزدۇرىدىغان سوغۇق ئاۋاز...

— ھە، ھېچنېمە، سەن بارمۇ ـ يا...— مۇمكىنقەدەر ئۆزۈمنى بېسىۋېلىشقا تىرىشتىم.

— بار، بولماي نەگە كېتەتتىم؟...— ئۇنىڭ ئاۋازىدا خىجىل بولۇش، قورۇنۇش دېگەنلەردىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى.

— ئىككى كۈن بولدى دىدارىڭنى كۆرمىگىلى، ماۋۇ ئۆي، ماۋۇ بالا، ماۋۇ خوتۇن لازىممۇ ياكى بىرىمىز غەربتە، بىرىمىز شەرقتە ياشامدۇق؟

— ئا... ھاي خوتۇن، گېپىڭ بولسا ئۆيگە بارغاندا دېگىن.

— قاچان بىكار بولىسەن؟ ئالىي دەرىجىلىك ماشىنىدا يۈتكەپ ئەكېلىۋالاي.

— ئاخشام نۆۋەتچىلىك قىلدىم. بۈگۈن دوست ـ بۇرادەرلەر يىغىلىپ قالغان، كەچ قېلىشىم مۇمكىن...

ئۇنىڭ پەرۋاسىز گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئاچچىقتىن يېرىلىپ كېتەي دېگەنىدىم، مەنمۇ سېسىق گەپنى باشلىۋەتتىم:

— بەك ئالدىراش بولساڭ كەلمىسەڭمۇ مەيلى، ئىككى موچەنگە چىداپ، تېلېفون ئۇرۇپ «مەن پالانى يەردە» دەپ قويارسەن، ئەنسىرەپ قالىدىكەنمەن...

— ئەنسىرەيدىغان نېمە ئىش بار؟ ئىشىڭنى چىڭ تاقاپ خاتىرجەم ئۇخلاۋەر...

— مەنغۇ بەكلا خاتىرجەم، يەنە كېلىپ كۆنۈپ قالدىم. بالىلىرىمنى سەندەك ئېسىل دادىسىدىن مەھرۇم قالامدىكىن دەپ ئەنسىرەيدىكەنمەن، سەن «ئوغۇل

تاپتىم» دەپ شادلىنىپ كېتىپ، باللارنى بىر قوللۇق باققاچقا، ئۇلار دادام قاچان كېلىدۇ دەپ زورۇقۇپ كېتىدىكەن...

تېلېفون ئۈزۈۋېتىلدى، ئەكبەر گەپلىرىمنىڭ قانچىلىكىنى ئاڭلىدى، قايسىسى تەسىر قىلدى بىلمىدىم. ئۆزۈمنىڭ ئاچچىق زەھەردەك سۆزلىرىدىن ئۆزۈم تولغىنىپ كەتتىم، ئەلەم بىلەن يىغلاپ تاشلىدىم. ئاجايىپ خورلۇق ھېس قىلىۋاتاتتىم. ئۆزۈمنى يەرگە ۋاقتىدە ئېتىۋەتكۇم، كۆكسۈمنى ئۆتكۈر پىچاق بىلەن بىر اقلا يېرىپ تاشلىغۇم، ئىرادىسى ئاجىز، لەۋزىدە تۇرمايدىغان بۇ ئەرنى چاناپ ـ چانىۋەتكۇم، جېنىمنىڭ پارچە: «ھۇ ھايۋان، مەن سېنىڭ ئالدىڭدا نېمىگە ھېساب؟ بۇ ئۆي، بۇ بالا، بۇ خوتۇن ئەسلىدە كىمگە تەۋە بولۇشى، مەسئۇلىيەتنى، يۈكنىڭ ئېغىرىنى كىم بەكرەك ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك ئىدى. سەن زادى قانداق ياشاۋاتىسەن؟» دەپ ۋارقىرىغۇم كېلىپ كەتتى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى سىقىلىشتا، غەم ـ ئەندىشىدە ئۆتمىگەن، ئاچچىق يۇتمىغان بىرەر كۈنۈم بولغان ئەمەس. ئەقىل ـ ھوشى جايىدا ھەرقانداق ئەر ـ خوتۇن توي قىلغان كۈنىدىن تارتىپ، ۋۇجۇدىدىكى يالقۇنلۇق ھېسسىيات ۋە ئۇلۇغ نىكاھنىڭ خاسىيىتى بىلەن قارشى تەرەپنىڭ روھى، جىسمىنى ئىگىلەش ئىستىكىدە لاۋا بولۇپ كۆيىدۇ. پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ئىناق، خۇشال ـ خۇرام ئائىلە قۇرۇپ چىقىشقا ئىنتىلىدۇ. يېڭى ھايات، يېڭى تۇرمۇش ئۇلارنى تاۋلايدۇ. مەن ئۆز بۇرچۇمنى ئادا قىلىش، ئاياللىق قىممىتىمنى تولۇق ھېس قىلدۇرۇش، ئائىلىدىكى ئاياللىق، ئانىلىق ئورنۇمنى

مۇستەھكەملەش، ئەڭ مۇھىمى، ئۆزۈم سەۋدايىلەرچە كۆيۈپ - پىشىپ مەستانە بولغان ئىرىمنىڭ روھى ۋە جىسمىنى ئۆزۈمگە تەئەللۇق قىلىش ئارزۇسىدا نازۇك جىسمىم، ياپراقتەك تىترەپ تۇرىدىغان ئاجىز يۈرىكىم كۆتۈرەلمىگۈدەك دەرىجىدىكى پىداكارلىقلارنى كۆرسەتتىم... ئۇنىڭ باغرىغا مەھكەم يېپىشىپ، كىچىكچە ئامراقلىق بىلەن سۆزلەپ چىققان ھېكايىلىرىم، ئۇنى ئۆز ھاياتىمدىنمۇ بەكرەك قەدىرلەيدىغانلىقىمنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىم، گۈزەل ئائىلە بەرپا قىلىش يولىدىكى ئىزدىنىشلىرىم كۆپۈككە ئايلانغانىدى...

ئۇنىڭ بىپەرۋالىقىدىن بىزار بولۇپ، مىشچانلىقىدىن زېرىكىپ، نۇرغۇن ئىشلارنى ئۆزۈملا قىلىۋەتكەنلىكىم، ئايال كىشى تۇرۇپ بىر ئەرنىڭ پۈتۈن مەسئۇلىيىتىنى ئۈستۈمگە ئېلىۋالغانلىقىم ئۈچۈن ئۇنىڭ مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى، ئەرلەرگە خاس ئىززەت - ھۆرمىتى، ئەرلەرگە خاس يۈرىكى ئۆزلۈكىدىن يوقىلىپ كەتكەنمىدۇ؟...

يۈرىكىم مۇزلاپ كېتىۋاتاتتى. يات - پاتلا دادامنىڭ: «ئائىلىۋى مۇناسىۋەتتە تەڭلىك بولمايدۇ» دېگەن سۆزلىرىنى ئويلاپ قالىمەن. «ئۇ كىمنىڭ بالىسى، مەن كىمنىڭ؟ ئۇ نەدىن تۆرەلگەن؟ مەنچۇ؟... ئۇ بىر ئەر، بىر دادا بولغانلىقى ئۈچۈنلا شۇنچىلىك بۈيۈك، شۇنچىلىك يۇقىرى ئورۇندا تۇرۇشى، مەن ئايال بولغانلىقىم، ئانا بولغانلىقىم ئۈچۈن تۆۋەندە تۇرۇشۇم كېرەكمۇ؟ يۈرىكىمدىكى ئىسيانلارنى، تەڭلىك ئۈچۈن چەككەن پەريادلارنى زورىغا بېسىپ ھەممىگە بويسۇنىمەن،

ھەممىگە ئىستائەت قىلىمەن. ئەمما، ئۇنىسىز شىكايەتلىرىم ھەر تەرەپتىن پارتلاپ چىقىپ، جىسمىمنى تىترىتىپ كۆزلىرىمنى ياشلايدۇ. نېمىشقا تەڭلىك بولمايدۇ؟ تەڭلىك بولمىغان يەردە ھېچ نەرسە بولمايدۇ. تەڭلىك بولمىغان يەردە ھەممە نەرسە ئېچىنىشلىق ھالدا خاراب بولىدۇ. مۇھەببەتمۇ، ھەرقانداق مۇستەھكەم ئائىلىمۇ ئەھمىيەتسىز، كۆڭۈلسىز چۈشكە ئايلىنىدۇ. تەڭلىك بولمىغاچقا، ھەر ئىككىمىزنىڭ ئەقىل ـ ھوشى جايىدا بولسىمۇ بىر ـ بىرىمىزگە ئويلىمىغان زۇلۇملارنى سالىمىز. تەڭلىك بولمىغاچقا، بىر ـ بىرىمىزنى شەپقەتسىزلەرچە خورلاش، رەھىمسىزلەرچە ئۆچ ئېلىش نېرۋىلىرىمىزنى چارچاتقان، ئەقلىمىزنى خوراتقان. تەڭلىك بولمىغاچقا، چاچلىرىمىزغا ئاق، پېشانىمىزگە مەزگىلسىز قورۇق كىرگەن. ئەڭ قورقۇنچلۇقى ئارىمىزدىكى ئەڭ ساپ، ئەڭ ئېسىل، ئەڭ ئالىيجاناب ھېسسىياتلار ئۆلۈپ تۈگىگەن. ئارىمىزدىكى پەردىشەپ، ھايا تۇيغۇسى، مېھىر ـ مۇھەببەت كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن...

مەن بۇ غايەت زور يوقىتىشلارغا، بۇ تەڭسىز مۇناسىۋەتلەرگە، نورمال بولمىغان ئائىلە مۇھىتىغا قانداق چىدايمەن، قانداق بەرداشلىق بېرىمەن؟ بۇ دوزاختىن قاچان قۇتۇلىمەن، زادى قاچان؟...

※ ※ ※

سەھەردىلا ئورنۇمدىن تۇردۇم. كېچىچە ياخشى ئۇخلىيالمىغانىدىم. روھىمنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن

دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ تۇردۇم، دېرىزە تەكچىسىدە نەچچە خىل رەڭلىك سەبدەرگۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلغانىدى. يۇزلىرىمنى سۆيۈپ ئۆتۈۋاتقان «غۇر - غۇر» شامال مېنىڭ چوڭقۇر خورسىنىشقا تولغان ئەسلىمىلەرنى ئەسلەتمەكتە. تۇيۇقسىز ئۆينىڭ تېلېفونى جىرىڭلاپ كەتتى. تېلېفوننى ئېلىشقىمۇ رايىم يوق ئىدى. تېلېفوننى چوڭ ئوغلۇم ئالدى. قارشى تەرەپ بىلەن سۆزلىشىپ بولۇپ، ماڭا:

— ئانا، مومام ئاغرىپ قاپتۇ. بوۋام سىزنى بىر كېلىپ كەتسۇن دەيدۇ...

مەن دەرھال باللارنى جابدۇپ چوڭ ئۆيگە ماڭدىم. ئىشىكتىن كىرىپلا دادامنىڭ ئانامنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغانلىقىغا دىققەت قىلدىم. سالام - سەھەتتىن كېيىن دادامدىن:

— دادا، ئانامنى كۆرۈپ باقمىغاندەك نېمانچە قاراپ كەتتىڭلە؟ — دېدىم.

— ئاناڭلار ھەرقانچە ئاغرىپ قالسىمۇ ياتمايتتى. بۈگۈن نېمە بولدىكىن، بىر خىللا ياتىدۇ. چىرايىمۇ ئوسال، دوختۇرخانىغا ئاپىراي دېسەم ئۇنىمايۋاتىدۇ. ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن...

— بالىنى قورقۇتمىسىلا، مەن ئاغرىق ئەمەس، پۇت - قولۇمدا ماغدۇر يوق شۇ، چارچاپ قالغان ئوخشايمەن.

— ئانا، نېمە تاماق ئېتەي...

— پولۇ ئەتكىن، دادىڭىزمۇ، نەۋرىلەرمۇ پولۇغا ئامراق...

ئانام بىلەن مۇڭداشقاچ تاماققا لازىمەتلىكلەرنى تەييار قىلدىم. شۇ ئەسنادا بۇرنۇمغا چۈچۈتكەن ياغنىڭ پۇرىقى

ئۇرۇلدى. مەن ئالدىراپ ـ تېنەپ ئاشخانا ئۆيگە ماڭدىم. ئاشخانا ئۆيدە دادام ھە دەپ پولۇنىڭ مېيىنى داغلاۋاتاتتى. ئۇ مېنىڭ چىقىپ كېتىشىمنى ئىشارەت قىلدى.

ــ ئانا، دادامنىڭ نېمە قىلغىنىدۇ بۇ، ئاتايىن ئاش ئېتىپ بېرەي دەپ كىرسەم ئۆزى قازان بېشىغا ئۆتۈۋاپتۇ، مېنى كىرگۈزمىدى.

ــ سېنى ئايىغاندۇ، قىزىم، گېلىڭنىڭ دەردى بار ئەمەسمۇ؟...

ــ ئۆيۈمدىمۇ كۈنبويى شۇ ئىستا ئاش ئېتىمەنغۇ؟

ــ ئۆز ئۆيۈڭدە ئەتىسەڭ بولىدۇ. داداڭنىڭ تاماق ئېتىپ بېرىشكە چاقىرتقىنى بىر باھانە. داداڭنىڭ سېنى بەك كۆرگۈسى كېلىپ كەتكەن، سېنى كۆرۈپ كۆڭلى تىندى...

يىغلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن لەۋلىرىمنى چىشلىۋالدىم. دادام سەۋزە قورۇلۇپ بولغاندىن كېيىن مېنى چاقىردى:

ــ قىزىم، ئەمدىكى نۆۋەت سېنىڭ....

دادامنىڭ سۆزى بىلەن يەنە شۇ تەگسىز خىياللار قاينىمىغا چۆكۈپ كەتتىم...

ــ بالىنىڭ مىجەزى يوق، بۈگۈن سىرتقا چىقماڭ، قىزىتمىسى دورا بىلەنمۇ چۈشمىسە دوختۇرخانىغا ئاپىرىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۆزۈممۇ ئاغرىپ قالغاندەك بىر قىسمىلا تۇرىمەن.

ــ دادا، سەن ھېچ يەرگە بارما، مېنى ئۆزۈڭ باق...

ــ ماقۇل، تاتلىق ئوغلۇم، سېنى بۈگۈن ئۆزۈم باقىمەن، مېنىڭ يېرىم سائەتلىك ئىشىم بار، بېجىرىۋېتىپلا كېلىمەن.

ــ يەنە يوقاپ كېتەرسەنمىكىن...

ــ خاتىرجەم بول...
ئوغلىمىز ئوت ـ كاۋاپ بولۇپ، ھېچنېمىنى سەزمەي ياتقاندا، ئۇنىڭ ئۆزى تۇگۇل سايىسىنىمۇ تاپالمىدىم، ئۇ يان تېلېفونىنى ئېتىۋالغانىدى، نېمە چارە؟ يەنە دادام ـ ئانامغا كۆچۈم يەتتى:
ــ ئەكبەرنىڭ ئىدارىسىگە «تەكشۈرۈش ئۆمىكى» كەلمەكچىكەن، شۇڭا ئەرلەر كېچىچە ئىشلەيدىكەن...
بۇ «تەكشۈرۈش ئۆمىكى» بىر ياخشى باھانىگە ئايلانغانىدى. دادام ـ ئانام بىلەن بالامنى دوختۇرخانىغا ئاپاردىم. بۇ يەردە جاپا چېكىۋاتقىنى يەنىلا ياشىنىپ قالغان دادام بىلەن ئانام ئىدى. ئۇلار شۇنچە ياشقا كىرىپمۇ بىزنىڭ راھىتىمىزنى كۆرۈش ئۈمىدىدە تۇرسۇن، يەنىلا جاپايىمىزنى تارتىۋاتاتتى. لېكىن، ئۇچۇ؟ ئەجىر ـ مېھنەتلىرىم، ئىزتىراپلىق ئوي ـ پىكىرلىرىم، سۆيۈملۈك بالىلىرىمنىڭ يېقىملىق ھىدلىرى بىلەن تولغان ئائىلەمدە، ئۆزىنى ئەر ساناپ، دادا ساناپ يۈرگەن ئەرنىڭ كۈندە دېگۈدەك سورۇندا يۈرۈش، ئۆيگە كەلسە تاماق يېيىش، دالىسىپ يېتىشتىن باشقا ۋەزىپىسى يوقتەك ياشايتتى.
ــ كۈن چۈش بولاي دېدى، قاچانغىچە ياتىسەن... ئانام نەچچە قېتىم تېلېفون ئۇرۇپ بولدى، دادامنىڭ مىجەزى يوق ئىكەن. سىبنى دورا ئەكىلىپ بەرسۇن دەيدۇ...
ــ يائاللا، بۇ ئانامنىڭ ئۆپكىسىنىڭ يوقلۇقى، دورا دېگەننى قاچانلا ئالسا بولمامدىمۇ...
ــ توۋا... كېسەل دېگەنگە خالىغان چاغدا دورا ئالامدۇ؟ ئۆز دادىسىنىڭ كېسىلىگىمۇ...

— بولدى، بولدى، زۇۋانىڭنى يىغ، سەنمۇ بارغانسېرى قېيىنئانامغىلا ئوخشاپ قېلىۋاتىسەن...

— ئوخشىسام بولمامدىكەن، قېيىنئاتا ـ قېيىنئانالاڭ ساڭا يامانلىق قىلمىغاندۇ؟

— يامانلىققۇ قىلمىدى. قاچانلا قارىسا ئادەمنى جىددىيلەشتۈرۈپ ئالدىرىتىپ يۈرۈشى ساڭىمۇ يۇقۇپ قاپتۇ شۇ، بۇنچىۋالا ئالدىراشنىڭ نېمە هاجىتى؟

— هاياتتا هەممە نەرسىگە ئالدىراش كېرەك.. هېلىمۇ باللارنى نوپۇسقا ئالدۇرۇش ئىشىدىن تارتىپ، باللارنى يەسلى، مەكتەپكە تىزىملىتىشقىچە، هەتتا تېلېفون هەققىنى تۆلەشكىچە دادام قىلىپ بېرىۋاتىدۇ...

— مېنىڭ ئىشىم ئالدىراش بولمىغان بولسا داداڭغا تاشلاپ قويامدىمەن؟ قىلسا ئۆزىنىڭ قىزىنىڭكىنى قىلدى.

— هە، مۇنداق دە. ئۆي، خوتۇن، باللا مەسىلىسىدە كىمنىڭ مەسئۇلىيىتى ئېغىر بولىدۇ؟ بولسا ئۆزۈڭنىڭ كېسەلچان ئاتا ـ ئاناڭنى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭنى ئەكېلىپ خىزمىتىمىزگە سالايلى. سەندەك ئوغۇلنى تېپىپ باققاندىكىن، بۇ ئۆينىڭ غېمىنى، دەردىنى شۇلارمۇ تارتسۇن...

— نېمە دېمەكچىسەن؟...— ئۇ تىكىلىنىپ ئولتۇردى. ئۈستۈنكى بەدىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك يالىڭاچ، كۆزلىرى چەكچىيىپ، قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. يەنە بىر قېتىملىق چوڭ جېدەل ـ ماجىرا باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. بىردىنلا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم.

— دەيدىغاننى دەپ بولدۇم.

— نېمىدەپ ئاتا ـ ئانامنى چىشلەپ تارتىسەن؟...—

ئۇ قەستەن جىددەل چىقىرىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ئەلپازىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى كۆرۈپ، مېنىڭمۇ جۇدۇنۇم ئۆرلىدى.

— باشتا كىم چىشلەپ تارتتى؟ — نېمىلەرنى دەۋەتكۈم، نېمىلەرنى قىلغۇەتكۈم كېلەتتى، لېكىن كۈچۈم يەتمەيتتى.

— خوتۇن كىشى تۇرۇپ ئەر كىشى بىلەن تەڭ بولماقچىمۇسەن؟ ھالىڭغا بېقىپ — راق سۆزلىسەڭ بولارمىكىن، ھېلى ئىنجىقلاپ ھەپتە ياتىسەن...

— ئەر كىشى؟ — مەن زاڭلىق قىلغاندەك لەۋلىرىمنى پۈرۈشتۈرۈپ ئاچچىق كۈلۈمسىرىدىم، — نە خوتۇنىغا، نە بالىسىغا، نە ئائىلىسىگە ئىگە بولمايدىغان، ئۆخلاش، يېيىش، ئويناش ئۈچۈنلا يارالغان ئەر كىشى. ئاغرىق بالىسىنى، ئاغرىق خوتۇنىنى تاشلاپ، سىرتلاردا يۈرىدىغان ئەر كىشى...

چاچلىرىم يۇلۇندى. ئامبۇردەك قوللارنىڭ گېلىمنى بوغۇشلىرىدىن نەپەسىم سىقىلىشقا، ماغدۇرسىزلىنىشقا باشلىدىم. ئۇنىڭ دۈشمەنلىك، ئۆچەكىشىشكە تولغان كۆزلىرىگە قارىغىنىمچە سېزىمىمنى يوقاتتىم.

ئېسىمگە كەلسەم، سافانىڭ گىرۋىكىگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپتىمەن. ئۇ تامدەك تاتارغان، تەشۋىشكە چۈشكەن ھالدا قولىدا بىر پىيالە چاي تۇتۇپ ماڭا قاراپ تۇرۇپتۇ. ئۇ زۇۋان سۈرمەي چاينى تەڭلىدى. پەرۋا قىلمىدىم.

ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى، پۇشايمىنى، يالۋۇرۇشلىرى مېنى ئېرىتەلمىدى. مەن تۈگىمەس تالاش ـ تارتىش، سوقۇشۇشلاردىن، مېھىرسىز ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىدىن ئاللىقاچان زېرىككەندىم. سەۋر ـ

تاقىتىمۇ تۈگىگەنىدى. ئۇستىخانلىرىم تىلىپ ئاغرىۋاتقان، شۇنچىلىك بىئارام بولۇپ كېتىۋاتقان بولسامۇ، ئورنۇمدىن تۇرۇپ كېتىشكە تەمشەلدىم. ئۇ كىچىك قوللىرى بىلەن مۈرىلىرىمنى بېسىپ مىدىرلاتقۇزمىدى.

— نەگە بارىسەن؟

— ئاتا ـ ئانامنىڭ ئۆيىگە كېتىمەن.

— كەتمەيسەن... — ئۇنىڭ ئاۋازى كەسكىن ئىدى.

— چوقۇم كېتىمەن. سەن كىم ئىدىڭ مېنى توسۇۋالغۇدەك؟ قويىۋەت مېنى، سېنى كۆرسەملا قۇسقۇم كېلىدۇ مېنىڭ...

ئۇنىڭ چىشلىرى كىرىشتى، مۇشتلىرى تۈگۈلدى. چىرايى قارىداپ، كۆزلىرى ئەلەم بىلەن چەكچەيدى.

— خەير، سېنىڭ مۇشۇ ئاغزىڭنى...

— سەنچۇ؟ «ساڭا بېقىپ مەن، ئىشقا بېقىپ دەم» دەپتىكەن...

سىلكىنىشلەشلىرىم، ئاھانەتلىرىم، ئورۇنۇشلىرىم بىھۇدە بولدى. بەرىبىر، ئۇنىڭ كىچىك قوللىرىدىن قۇتۇلالمىدىم. روھىم سولدى. پىيالىدىكى چاينى زورمۇزور ئىچتىم. كەيپىياتىم بىر ئاز پەسكويغا چۈشتى. ئېغىزدا دېگىنىم بىلەن چوڭ ئۆيگە كېتىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۆيۈمدە تارتقان ئازابلىرىمنى، خاپىلىقلىرىمنى ئاز دەپ دادام ـ ئانامدىن بىرمۇنچە تاپا ـ تەنە، نەسىھەت ئاڭلايتتىم. ئاندىن دەرھال قوغلىناتتىم. يەنە كېلىپ ئىككى بالامنى سۆرەپ، كونىبويى چوڭ ئۆيدە تۇرۇش ماڭىمۇ ئېغىر كېلەتتى.

لېكىن، بۇ ئۆيدىمۇ تۇرۇشقا، بولۇپمۇ ئۇنىڭ چىرايىغا

قاراشقا تاقەت قىلىپ تۇرالمايتتىم. قانداقلا بولسۇن، نەگىلا باراي، چوقۇم بۇ ئۆيدىن ئايرىلىشىم، قۇتۇلۇشۇم زۆرۈر ئىدى. مەن يەنە بىر قېتىم تىركەشتىم.
— مېنى قويۇۋەت، ئۆيۈمگە كېتىمەن.
ئۇ بىردىنلا مۇلايىملىشىپ كەتكەندى.
— ئۆزۈڭنى بېسىۋال، خوتۇن، مەندىن بەك زېرىكىپ كەتكەن بولساڭ، مەن چىقىپ كېتەي، سەن قال...
— يوقال، هازىرلا يوقال، سېنىڭ ئۆيۈڭ بارمىتى؟ خوتۇن ـ بالىلىرىڭ بارمىتى؟
ئۇنىڭ قولى قانداق تېز كۆتۈرۈلگەن بولسا، شۇنداق تېز چۈشۈرۈلدى. ئۇ پۇشايمان قىلغاندەك، ئۆكۈنگەندەك ئەلپازدا ئىككى قولىنى تىزىمغا قويدى ـ دە، كۆزلىرىمگە ئۆتۈنۈش نەزىرىدە تىكىلىپ تۇرۇپ:
— مەن ھەرقانچە ئەرزىمەس، ناچار ئادەم بولساممۇ، سېنىڭ ئېرىڭ، ئىككى ئوغلۇڭنىڭ دادىسىمەن. يەنە كېلىپ بىر ئۆيدە ياشاۋاتىمىز. گەپنى ئازراق قىلساڭ، غۇرۇرۇمغا تەگمىسەڭ مۇشۇ خاپىلىقلارمۇ بولمايتتى. دادالىق بىلەن ئاناڭنىڭ بالىلىرىمنى، سېنى بېقىۋاتقانلىقى، بىزنى يۆلەۋاتقانلىقىمۇ راست، مەنمۇ ئانچە كۆڭلى قارا، يۈزسىزلەردىن ئەمەس. بەزىدە ھەقىقەتەن ھەددىمدىن ئېشىپ كېتىمەن. ئائىلىگە ئىگىدارچىلىق قىلالماي قالغىنىمدىن ئۆكۈنىمەن. — ئائىلەڭدىكىلەرگە، ساڭىلا تايىنىۋالدىم. سېنى كۆپ رەنجىتتىم. بولۇپمۇ، هاراق ئىچكەندە... لېكىن بۇ ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسى سەۋەبسىز ئەمەس، گۇناھ يالغۇز مەندىلا ئەمەس... — دېدى.
كۆزلىرىمنى چەكچەيتىپ، ئۇنىڭغا ھەيرانلىق نەزىرىدە قارىدىم.

— مۇنداق دىگىن، سەۋەبلىك، مەقسەتلىك قىلىنغان ئۇرۇش ـ جىدەلكەن ـ دە، بۇ، گۇناھ مەندە ئوخشىمامدۇ؟

— ......

— نىمىشقا گەپ قىلمايسەن؟ مەندىن، ئاتا ـ ئانامدىن نىمە سەۋەنلىك ئۆتتى؟ بۇگۇن ھەممىنى ئېيتىسەن، بولمىسا هازىرلا كېتىمەن...

ئۇ ئىككىلەنگەندەك ئۇزاققىچە ئولتۇرۇپ كەتتى، ئاندىن قەتئىيەتكە كېلىپ سۆزىنى باشلىدى:

— داداڭ تېپىلغۇسىز، كەم ـ كوتىسىز، ھەرقانداق ئادەمدە ئىختىيارسىز ھۆرمەت، قايىللىق تۇيغۇسى قوزغايدىغان، ۋىجدانلىق، غۇرۇرلۇق ئادەم. چارچاشنى، ئارام ئېلىشنى بىلمەيدۇ. ھەرىكەت بىلەن ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى مەنىلىك ئۆتكۇزىدۇ، تاكى تىنىقى توختىغىچە تىنىم تاپماي ھەرىكەت قىلىدۇ...— ئۇ يەنە تۇرۇپ قالدى.

— دادامنى بۇ قەدەر چوڭقۇر چۈشەنگىنىڭ ئۇچۇن رەھمەت ئېيتسام بولغۇدەك. ئۇنىڭ سەن ئۆچ بولۇپ كەتكۇدەك نىمە سەۋەنلىكى بار؟......

— مەن سىنى خاپا قىلىشنى خالىمايمەن. داداڭغىمۇ ھۆرمىتىم چەكسىز. لېكىن، خاتالىق دەل سىنىڭ ئۇنىڭ قىزى بولۇپ قالغانلىقىڭدا. ساڭا ئوخشاش ئالىي مەلۇماتلىق، ھەر جەھەتتىن يېتىشكەن، مۇكەممەل قىزنىڭ ماڭا ئوخشاش ئاددىي ئادەملەرنى چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرەلمەيدىغانلىقىنى باشتىلا ئويلىشىم كېرەك ئىدى. ئەمما، ئەينى چاغدا سىنى ياخشى كۆرۇشۇم شۇ دەرىجىگە يەتكەنىدىكى، سەندىن ئايرىلىپ قالسام قانداق كۈنلەرگە قالىدىغانلىقىمنى ئويلاشقىمۇ پېتىنالمايتتىم.

سىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن نىمە دىسەڭ ماقۇل بولغان، راست ـ يالغان ۋەدىلەرنىڭ ھەرقاندىقىنى قىلىپ باققان...

پۈتۈن ئەزايىم تىكەنلىشىپ كىتىۋاتاتتى. ئۇ بارماقلىرىمنى قاتتىق سىقىپ غاراسلىتىۋەتتى. ئۇ خۇددى مەن ئۇنىڭغا ئۆمۈرلۈك قەرزداردەك كۆزلىرىمگە ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ، مۇرىلىرىمنى سىلىكىدى.

ــ داداڭنى قانچىلىك ياخشى كۆرسەڭ، قەدىرلىسەڭ بولۇۋېرىدۇ. بۇنى توسۇشقا ھەققىممۇ، ئامالىممۇ يوق. لىكىن، مىنىمۇ ئويلاپ قويۇشۇڭ كىرەك ـ دە. سەن داداڭ بىلەن ئەمەس، مەن بىلەن بىر ئۆيدە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىسەن، ماڭىمۇ كۆڭۈل بۆلۈشۈڭ، مىنىڭ ئارزۇلىرىمغا، ياشاش ئۇسۇلۇمغا، مىجەزىمگە ھۆرمەت قىلىشىڭ، ئايالىم بولۇش سۈپىتىڭ بىلەن مىنى چۈشىنىشكە، پۈتۈن ھىسسىياتىڭ بىلەن ياخشى كۆرۈشكە تىرىششىڭ كىرەك ئىدى. لىكىن، سەن قانداق قىلدىڭ؟... داداڭنىڭ سىيماسىنى بۇ ئۆيگىمۇ بىللە ئىلىپ كەلدىڭ. مىنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىمنى، ھەربىر سۆزۈمنى، ماڭغان ـ تۇرغان ھەربىر قەدىمىمنى داداڭ بىلەن سىلىشتۇرۇپ ماڭدىڭ. سىلىشتۇرغانسىرى ئۇمىدسىزلەندىڭ، روھىڭ چۈشتى، ماڭا تەگكىنىڭگە پۇشايمان قىلدىڭ. چەكسىز ھەسرەتلەندىڭ... ئۆزۈڭدىنمۇ، مەندىنمۇ زىرىكتىڭ. بەكمۇ ئەتىۋار چوڭ بولغانلىقىڭنى، قىيىنئاتامنىڭ سىنى ھىچكىمگە تەڭ قىلمايدىغانلىقىنى، ئالىقىنىدىكى گۆھەردەك ئاسرايدىغانلىقىنى ھەر ۋاقىت ئىسىمگە سىلىپ تۇردۇڭ. مەن سىنىڭ تەكەببۇر، جاھىل مىجەزىڭنى بىلىپ تۇرۇپ

توي قىلغانلىقىم ئۈچۈن ساڭا يول قويمىسام، سېنى ئەتىۋارلىمىسام، سېنى قەدىرلىمىسەم بولمايتتى. لېكىن، بىر ئەر كىشى ئۈچۈن پۈتۈن ئىشقىنى بېغىشلىغان ئايالنىڭ جىسمىغىلا ئېرىشىپ، روھىغا ئىگە بولالماسلىقتىن ئارتۇق ئېچىنىشلىق ئىش بولامدۇ؟...

ھەرقانداق بىر ئەر كىشى ئۆز ئايالىنىڭ ئۆزىنى باشقا ئەرلەر بىلەن سېلىشتۇرۇشىغا، ئۆزىنى ئىقتىدارسىز، ئاجىز دەپ قارىشىغا چىداپ تۇرالمايدۇ. لېكىن، سەن قانداق قىلدىڭ؟ داداڭنىڭ سايلىقتىن ئوتۇن تېرىپ، ئېشەككە ئارتىپ ئەكېلىدىغانلىقى، كېيىن قارا ماشىنىدا بىر توپ ئادەملەر كېلىپ يىراق، تولىمۇ يىراق بىر شەھەرگە ئوقۇشقا بارىدىغان ـ بارمايدىغانلىقىنى سورىغاندا، داداڭنىڭ ئۆيدىكىلەردىن قورقۇپ تۇرسىمۇ، ئوقۇشقا بېرىشقا تىزىملاتقانلىقى، بىچارە چوڭ ئاناڭنىڭ داداڭغا چىدىماي، ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىن ئۇزاققىچە يۈگۈرگەنلىكى.... داداڭنىڭ تەتىل قىلىپ يۇرتىغا كەلگەندە، ئەمدىلا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن، بىلەكتەك توم ئىككى ئۆرۈمە چېچى تېقىمىدىن ئاشىدىغان ئاناڭنى بىر كۆرۈپلا كۆيۈپ قالغانلىقى، ئائىلىسىگە ئەلچى ئەۋەتكەنلىكى، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ دادىلىرى ئوقۇغان، موللا كىشى بولغاچقا، خۇشاللىق بىلەن بۇ تويغا رازى بولغانلىقى... ئاناڭنىڭ داداڭ ئىشلەۋاتقان ئالىي تېخنىكومغا ئوقۇشقا بارغانلىقى، ئىككى يىل ئوقۇپ، ئىككى يىل قالغاندا تەشكىلنىڭ رۇخسىتى بىلەن توي قىلغانلىقى، ئوقۇشى

تۈگمگچە ئىككى بالىنىڭ ئانىسىغا ئايلانغانلىقى، كېيىن ئارقا ـ ئارقىدىن بەش بالىلىق بولغانلىقى، چوڭ ئوغلىنى ئۆيلىگەن يىلى ساڭا قورساق كۆتۈرۈپ قالغانلىقى، «تۇغمايمەن» دەپ ئىگىزدىن سەكرەپ باقسىمۇ، قورساقلىرىغا مۇشتلىسىمۇ، سىنىڭ تۇغۇلغانلىقىڭ، داداڭنىڭ ساڭا باشقا بالىلىرىغا قارىغاندا بەكمۇ ئامراقلىقى.. داداڭ كەلمىگەن كېچىلىرى خەقنىڭ قىلىپ، ئاناڭنى داد دېگۈزىدىغانلىقىڭ، قىشنىڭ سوغۇق، مۇدھىش كېچىلىرى داداڭنىڭ ئۈستىگە قېلىن تېرە جۇۋىنى كىيىپ، پۇتىغا پىيما، بېشىغا تۇماقنى چۆكۈرۈپ كىيگەن ھالدا بىرەر تۈڭ ياغ، قورۇتولغان گۆش، يېرىم خالتا گۈرۈچ ياكى بىرەر خالتا ئاق ئۇن دېگەندەك نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ كېلىدىغانلىقى، ئۇلارنى بالىلار كىچىك بولغاچقا، «ئوزۇقلۇق يېتىشمەي قالمىسۇن» دەپ قايسىبىر تاغلىق رايونلاردا باشلىق بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ نەچچە كۈندە ئاران ھەل قىلغانلىقى... ئىشقىلىپ، شۇ تۈگمەس گەپلەرنى توختىماي قىلاتتىڭ. داداڭغا بولغان قايىللىقىڭنى ھەرقاچان ئىپادىلەپ تۇراتتىڭ. شۇنداق ئىكەن، سىنىڭ قەلبىڭدىكى داداڭنىڭ مۇقەددەس ئورنىنى تارتىۋېلىشقا قانداقمۇ قۇربىم يەتسۇن؟ سەن بۇ ئەسلىمىلىرىڭ، بۇ ھېكايىلىرىڭ ئارقىلىق نېمە دېمەكچى؟ سەنمۇ دادامدەك ياشا، دادامدەك پىكىر قىل، دادامدەك ئۆي تۇت دېمەكچى، شۇنداقمۇ؟...

ئويلاپ باقتىڭمۇ، داداڭ ئىككىمىز ئىككى دەۋرگە مەنسۇپ ئادەملەر، يەنە كېلىپ پۈتۈنلەي ئىككى خىل

مۇھىتتا، ئىككى خىل تەربىيەدە ياشىدۇق، شۇنداق ئىكەن، يەنە نېمىشقا مەندىن داداڭدەك بولۇشۇمنى كۈتىسەن... ئەجەبا، سېنىڭلا ئاتا ـ ئاناڭ، سېنىڭلا بالىلىق دەۋرىڭ بولغانمۇ؟ ئۇنداقتا، مېنىڭچۇ؟...

ــ توۋا، سېنىڭ بىرەر قېتىم بولسىمۇ يېنىمدا ئولتۇرۇپ شۇ ئىشلارنى سۆزلەپ بەرگەن ۋاقتىڭ بارمۇ؟ ھە دېسىلا ھاراق ئىچىسەن، كۈنلەپ ـ كۈنلەپ ئۆيگە قايتىپ كەلمەيسەن. مېنىڭ بالىلىق دەۋرىمدىكى غەمسىز كۈنلىرىمنى ئەسلەش، سېغىنىش ھوقۇقۇم يوقمۇ؟...

ــ گېپىمنى بۆلمەي ئاڭلاپ تۇر، قەدىرىيە، مەن بىر نامرات ئائىلىدە تۇغۇلدۇم. ئاتا ـ ئانام ئېتىزدا باش كۆتۈرمەي ئىشلەشتىن باشقا ئىش قولىدىن كەلمەيدۇ. سەندەك ئەتىۋار چوڭ بولمىغان بولسامۇ، مەنمۇ ئاشۇ نامرات ئائىلىنىڭ ئارزۇلۇق بىر تاللا ئوغلى ئىدىم. قالغان بەش قىزنىڭ ھەممىسى مېنىڭ خىزمىتىمنى قىلاتتى، مېنى ئىشقا سالمايتتى. دادام ھەمىشە: «ئوقۇغىن ئوغلۇم، ياخشى ئوقۇغىن، بىزدەك جاپاكەش بولۇپ قالما، چوڭ شەھەرلەردە ئىشلەپ، ياخشى كۈن كۆرسەڭلا، ئاناڭ ئىككىمىز سېنى باققان ئەجرىمىزگە رازى بولىمىز» دەيتتى. كەلگۈسۈم، ئىستىقبالىم ئۈچۈن تىرىشىپ ئوقۇدۇم. ئالىي مەكتەپكىمۇ ئۆتتۈم. تاسادىپىي پۇرسەتتە سەن بىلەن بىر سىنىپقا كىرىپ قالدىم. سېنى كۆرۈپلا ياخشى كۆرۈپ قالغىنىم، لېكىن ئوقۇش پۈتكۈزگىچە ساڭا ئېغىز ئېچىش تۇگۇل، تىكىلىپمۇ قارىيالمىغىنىم راست. كېيىن سەن مېنىڭ يۈرۈش تەكلىپىمگە ماقۇل بولدۇڭ، شۇنداقتىمۇ سەن بىلەن توي قىلالىشىمغا ئىشەنچىم يوق ئىدى. لېكىن، سەندىن

ئايرىلىپ قالسام بۇ دۇنيادا قانداق ياشايدىغانلىقىمنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتىم. قېيىنئاتام سىنىڭ كۆڭلۈڭنى ئاياپ، مۇھەببىتىمىزگە ھۆرمەت قىلىپ توي قىلىشىمىزغا قوشۇلدى. ئارتۇق سىلىقمۇ سالمىدى، بىزنى تۆۋەن كۆرمىدى. مەن ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ئۇنىڭغا ئۆمۈرلۈك قەرزدار بولدۇم. ئۇنىڭ بۇ ياخشىلىقىنى ئۆلسەممۇ ئۇنتۇمايمەن.

توي كۈنى سىنى يۆتكەيدىغان چاغدا داداڭنىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن پۇچىلىنىپ، ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتكەنلىكىنى، ساڭا زادىلا چىدىماي قالغانلىقىنى كۆرۈپ مەنمۇ يىغلىۋەتكەنىدىم. داداڭغا قاراپ ئەتراپتىكى پۈتۈن ئاياللار يىغا ـ زار قىلىشىپ، توينى ھازىغا ئايلاندۇرۇۋەتكىلى تاسلا قالغانىدى. مەن شۇ چاغدا دادا بولغۇچىنىڭ ھەسرىتىنى چۈشەنگەن ۋە بۇ قەدەر چوڭقۇر سۆيگۈگە ئېرىشكەن قىزنى ئەمرىمگە ئالالىغىنىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى چەكسىز بەختلىك ھېس قىلىغانىدىم. ھازىرلا ئېيتىلىپ بېرىپ، سىنى ئۆيگە قايتۇرۇپ كېتىدىغاندەك ھالەتتە تۇرغان داداڭغا قاراپ كۆڭلۈمدە: «قىزلىرىنى چوقۇم بەختلىك قىلىمەن، سىلى ئاسرىغاندەك ئاسرايمەن» دەپ ۋەدە بەرگەنىدىم. لېكىن، شۇنچە يىللاردىن بېرى مەن سىنىڭ روھىڭنىڭ بىر قىسمىنى داداڭنىڭ ئۆيىدە قالغاندەك، يەنە بىر قىسمى بولسا داداڭنىڭ روھىغا قوشۇلۇپ بۇ ئۆيگە كېلىپ، مىنى نازارەت قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ كېلىۋاتىمەن. داداڭغا نېسىپ بولغان شەپقەتلىرىڭنىڭ، مېھىر ـ مۇھەببىتىڭنىڭ، مۇلايىملىقىڭنىڭ، ئىتائەتمەن،

رايىشلىقىڭىنىڭ، ئامراقلىقىڭىنىڭ ئازراق قىسمى بولسىمۇ ماڭا مەنسۇپ بولغان بولسا ئىدى، مەنمۇ ھەممە نەرسىگە ئۈمىد بىلەن كۆلۈپ قارىغان بولماسمىدىم، يۈرىكىم شادلىقتىن يېرىلىپ كەتمەسمىدى؟...

گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇ ئۈھسىنغىنىچە جىمىپلا كەتتى. مەنمۇ ئۈنىڭغا قېتىپلا قالغانىدىم. ئۇنىڭ مۇنداق سۆزلەرنى قىلىشىنى پەقەتلا ئويلاپ كۆرمىگەنىدىم. مەن يېپلى چىققان توپتەك لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدىم. ئۆينى كۆڭۈلسىز جىمجىتلىق بېسىۋالدى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن بىلمىدىم، ئۆز ـ ئۆزۈمدىن سوراۋاتقاندەك ئاستا پىچىرلىدىم:

ــ مېنىڭ دادامنى ياخشى كۆرۈشۈممۇ گۇناھمۇ؟

ــ ياق، مەن ئۇنداق دېمەكچى ئەمەس. مەن پەقەت سېنى مېنى دادىسىغا سېلىشتۇرۇپ مېنى ئوڭايسىزلاندۇرمىسىكەن دەيمەن...

ــ مەن قاچان ئىككىڭلارنى سېلىشتۇرۇپ باقتىم؟

ــ سېنىڭ ئاغزىڭدىن چىقارمىغان يېرىڭلا بار. قايسى گېپىم، قايسى بىر ئىشىم ساڭا يارايدۇ؟ داداڭلا تۇرمۇشنىڭ نۇرغۇن سىناقلىرىنى بېشىدىن كەچۈرگەن، چاچلىرى ئاقارغان، تۇرمۇش ئۈستىدىن تامامەن غالىب كەلگەن كىشى. بىراق، مەنچۇ؟ تۇرمۇشنىڭ يوكى ئاستىدا مۇدۈرۈپ، تەمتىرەپ ئارانلا كېتىۋاتقان ياش بالىمەن...

ــ ئۆمۈر بويى راھەت ـ پاراغەتتە ياشاش، «ئۈجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دەپ ئۇخلاش ئۇچۇنلا تۆرەلگەن دېگەننى قوشۇپ قوي...

ــ ھۇرۇن، تەييارتاپ بولۇپ قېلىشىم مېنىڭ گۇناھىم ئەمەس.

— ئۇنداق بولسا كېسەلچان ئاتا ـ ئاناڭنىڭ گۇناھى بولۇپ تۇرۇۋەرسۇن. ئەر كىشى دېگەن ھېچبولمىغاندا خوتۇن ئالىدۇ، خوتۇن باقىدۇ، بالا تاپىدۇ، بالا باقىدۇ. ئوغۇل بالىنى ئىشقا سالماي چوڭ قىلسا، ئۇنىڭ ئېغىرىنى كىم كۆتۈرىدۇ؟ ھېلىمۇ مەش قويۇشتىن تارتىپ، تامغا مىخ قېقىشقىچە مەن ئۆگەتتىم. ئاتا ـ ئاناڭنىڭ گۇناھى ئەمدى تۈگىسۇن. قىرىققا ئۇلىشاي دېدىڭ، ئەمدى بالىلارغا ئۆلگە بولغۇدەك دادا بول... دادام ھۇرۇن ئوغلىنىڭ دورا ئەكېلىپ بېرىشىنى كۈتۈپ يېتىۋېرسۇنمۇ؟...
— مەن تۈزىتەي، دىققەت قىلاي، خوتۇن، ئەمدى ئەپلىشىپ قالايلى، كېتىمەن دەپ مېنى قورقۇتمىغىن...
— ھاراقنىچۇ؟ كېچىدە تالادا ياتىدىغان ئادەتنىچۇ؟
— ھەممە ئەيىبىمنى تۈزىتىمەن. ھاراق ئىچىشنى ئازلىتاي، ئاستا ـ ئاستا تاشلارمەن. يۈرىكىم پارە ـ پارە بولۇپ كەتتى. بۇنىڭدىن كېيىن ئىككىلىمىز گەپ ـ سۆزگە دىققەت قىلايلى...
— ماقۇل، مېنىڭ يۈرىكىممۇ ھەرە كۆنىكىدەك بولۇپ كەتتى. تەقدىر خاتالىشىپ ئىككىمىزنىڭ نىكاھىنى باغلاپ قويۇپتۇ.
— ياق، تەقدىر خاتالاشمىغان، توغرا قىلغان.
— ياق، توغرا قىلمىغان.
— جاھىل...
— كاج...
— جاۋىلداق، بىشەم، يۈزسىز...
— ھۇرۇن، بولۇمسىز...
— بولۇمسىزمۇ ياكى ئەمەسمۇ ھازىرلا ئىسپاتلايمەن...

ئۈنىڭدىن ھەرگىز ئايرىلالمايدىغانلىقىمنى شۇ چاغدا ھېس قىلدىم. ئىككىمىزنىڭ كۆز ياشلىرىغا ھەممە، ھەممە نەرسە قوشۇلۇپ كەتكەندى. ئەپسۇس...

※ ※ ※

يۈرىكىمىزنى يېرىپ كۆرسەتكۈدەك بولغاندۇق. لېكىن، تۇرمۇشىمىزدا ئۆزگىرىش بولمىدى. مەنمۇ بارا ـ بارا ياشاشنى ئۆگىنىۋالدىم. ياشاشنى ئۆگىنىۋالدىم دېگەندىن كۆرە، ھاياتىمنىڭ يالغۇز ئىرىمگىلا تەئەللۇق بولماستىن، ھەممىدىن ئاۋۋال ئۆزۈمگە تەئەللۇق بولۇشى كېرەكلىكىنى چۈشىنىپ يەتتىم. ھەر ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزنى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرۈشكەن بولساقمۇ، ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالغان، مەن بولسام ئۇنىڭ دەردىدە خۇدۇمنى يوقىتىپ ئۇنىڭ كۆزىگە كىرىۋالغانىكەنمەن. ئەسلىدە ئۆزۈمنى ياخشى كۆرۈشۈم، ئۆزۈمنى ئاسرىشىم، ئۆزۈمنى ھۆرمەتلىشىم كېرەك ئىكەن. ھەممە نېمىدىن قۇسۇر ئىزدەپ، ھەممە نەرسىدىن دادلىنىپ ۋايساپ يۈرۈشتىن ئۆزۈممۇ بىزار بولغانىدىم. شۇڭا، ئۆيگە، ئىرىمگە باغلىنىپ قالماي، ئىرادىلىك ياشاشقا، كۈلۈپ ياشاشقا بەل باغلىدىم، يەنە تېخى خىزمەتتىن خۇشاللىق، تەسەللى ئىزدەشكە باشلىغانىدىم.

ئەر ـ خوتۇن ئىككىمىز قۇرغان بەختسىز تۇرمۇش ماڭا شۇنداق بىر ھەقىقەتنى تونۇتتىكى، بۇ دۇنيادا كۆپ ساندىكى كىشىلەر پەقەت ئۆزى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ كۆڭلى، ئۆزىنىڭ نەپسى، ئۆزىنىڭ خۇشاللىقى، ئۆزىنىڭ راھەت ـ پاراغىتى ئۈچۈنلا ياشايدىكەن. پەقەت ئاز بىر

قىسىم كىشىلەرلا ئىنسانىيەتنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن، كېلەچەكى ئۈچۈن ھەممە نەرسىسىنى قۇربان قىلىدىكەن. بۇنداق قۇربان بېرىش بىلەن ئايال كىشىنىڭ قۇربان بېرىشى بىر ـ بىرىگە پەقەت ئوخشاشمايدىكەن. ئالدىنقىسى مەڭگۈ ئۇلۇغلىنىدىغان، خاتىرىلىنىدىغان شانلىق قۇربان بېرىش، كېيىنكىسى بولسا ئەجدادلىرىمىزدىن ئۇدۇم بولۇپ كېلىۋاتقان «ئەر رازى ــ خۇدا رازى» دېگەن ئەقىدە ئۈچۈن قۇربان بېرىش ئىكەن.

مەن بۇ سۆزنى قەدىمكى زامانلاردىكى جەڭگاھلاردا جەڭ قىلالايدىغان، ۋەتەننى، مىللەتنى، زېمىننى قوغدىيالايدىغان، ئەجدادنىڭ يۈكىنى ئەۋلادقا يەتكۈزۈپ بېرەلەيدىغان، ۋىجدانلىق، غۇرۇرلۇق، ئەرلىك جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، باتۇرلۇقنىڭ ئۈلگىسى بولغان ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزغا قارىتىپ دېيىلگەن دەپ ئويلايمەن. مېنىڭچە، ھازىرقى ئويۇن ـ تاماشىنىڭ، كەيپ ـ ساپانىڭ، نەپسىنىڭ قۇلى بولۇپ، ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ ئۇنتۇغان، بالىلارنى، ئانىلارنى قوغداش، ئاسراش ئورنىغا بارغانسېرى قىستاپ يار لېۋىگە ئەكېلىپ قويۇۋاتقان بوشاڭ، سۇيۇق، ئۆزىگە باھانە ئىزدەپلا يۈرىدىغان، باشقىلارنىلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى ئۆزىنى ئالداپ ياشايدىغان بىر بۆلۈك مەغلۇبىيەتچى ئەرلەر ئۈچۈن قۇربان بېرىشىمىزنى خۇدامۇ راۋا كۆرمەيدۇ.

«سەن ئۆل، مەنلا ياشاي، سەن جاپا چەك، مەن راھەتلىنەي» دەيدىغان ئەردىن كېچىپ، گەرچە بىر ئۆيدە تۇرساقمۇ ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماسلىق، كارى بولماسلىق كويىغا كىرىۋالدىم. ئۇ مېنى تاشلىۋەتكەن بولسا، مەنمۇ ئۇنى تاشلىۋەتكەن؛ ئۇ مېنى ئۇنتۇغان بولسا، مەنمۇ ئۇنى

ئۇنتۇغان. ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تالاي مەجبۇرىيەت، مەسئۇلىيەت، ئەقىدە، ئەخلاسلىرىمنى ئۇنتۇشقا باشلىغانىدىم...

دادام بالىلىق، قىزلىق قەلبىمنىڭ مەبۇدىسى، ئارزۇ - ئارمانلىرىمنىڭ، شېرىن چۈشلىرىمنىڭ مەدەتكارى سۈپىتىدە، ھەربىر ھۈجەيلىرىمگىچە تەسىر كۆرسەتكەنىدى. دادامنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئەرلىك شىجائەتنى، بوشاشماس مەسئۇلىيەتنى، ئاجىزلار ئۈچۈن تۇتىيا بولىدىغان ۋاپا، مېھىر، ساداقەت، كۆيۈم بىلەن تولغان مۇكەممەللىكنى ئۆز ئېرىمدىن ئىزدەشنىڭ پۈتۈنلەي بىھۇدە ئاۋارىچىلىك، ئەسلا مۇمكىن بولمايدىغان، ئىشقا ئاشمايدىغان شېرىن چۈش ئىكەنلىكىنى ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئاستا - ئاستا تونۇپ يەتتىم. بۇنداق چۈشەنچىگە كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن يەنە ئاغرىنىشىمنىڭ، ئۇنىڭدىن ئۆزىدە بولمىغان ئارتۇقچە نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىشىمنىڭ زادىلا ئورنى قالمىغانىدى. ئۇنىڭدىن قانائەت ھاسىل قىلىشىم، ئۇنىڭدىن رازى بولۇشۇم، ئۇنىڭغا بولغان سۆيگۈمنى ئۇزاق مەزگىل ساقلاپ قېلىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەمدى مەن ئۆزۈمنى ئۇنىڭ بىلەن بەختلىك ھېس قىلالمايتتىم. بۇ تولىمۇ ئېچىنىشلىق، رەھىمسىز ھەقىقەتنى چۈشەنگەندىن كېيىن يەنە بۇ ئەر بىلەن بىر ئۆيدە ياشىشىمنىڭ، بىر - بىرىمىزنى ئاۋارە قىلىشىمىزنىڭ ھاجىتى قالمىغانىدى. ئەپسۇس، ئوتتۇرىمىزدىكى ئىككى بالا... مەندىن چەكسىز مېھىر - شەپقەت، كۆيۈم، ھېسابسىز ئەجىر - مېھنەتنى، يەنە قىممەتلىك ۋاقىت، چەكلىك ھايات،

ئازغۇن، ئەمما ئىنساننى بەكمۇ مەستخۇش قىلىدىغان تۇسقۇنسىز ھېسسىياتلىرىمنى قۇربان قىلىشىمنى تەلەپ قىلىۋاتقان بۇ باللار بىزنى مەھكەم باغلاپ تۇرىدىغان بىردىنبىر رىشتە ئىدى. بوينىمىز يىپ بىلەن ئەمەس، مۇستەھكەم زەنجىر بىلەن چىڭ باغلانغان كۆنلەر ئايلارنى، يىللارنى قوغلاپ ئۆتمەكتە، ئۆمۈر ۋارىقىمىز بىر ـ بىرلەپ يىرتىلماقتا ئىدى...

تۇرمۇشنىڭ ئۆزى بىر سەھنە. ھەممىمىز بۇ سەھنىدە رول ئالىمىز. بۇ رولنى بەزىلىرىمىز مەجبۇرىي، بەزىلىرىمىز خالاپ، بەزىلىرىمىز خالىماي ئالىمىز. بەزىدە ئۆزىمىزنى تەقدىرنى بويسۇندۇرۇۋاتقاندەك كۈچلۈك، قۇدرەتلىك ھېس قىلساق، بەزىدە تەقدىرنىڭ قولىدىكى ئوينىسىمۇ، تاشلىۋەتسىمۇ بولىدىغان ئەرزىمەس ئويۇنچۇقتەك بىچارە ھېس قىلىمىز...

ئەكبەر ئىككىمىز سەھنىدە رول ئېلىۋاتىمىز. قارىماققا، ھەممە نەرسىسى تەل، خاتىرجەم، بەختلىك كىشىلەردەك، باللارنى چىرايلىق ياساندۇرۇپ، چوڭ ئۆيگە، باغچىلارغا، تاماقخانىلارغا ئېلىپ بارىمىز... دوستلىرىمىز، تونۇش ـ بىلىشلىرىمىز ئالدىدا ئالىدىغان روللىرىمىز تېخىمۇ يېڭى، تېخىمۇ ئۆزگىچە... بارا ـ بارا رول ئېلىشقىمۇ ئۇستا بولۇپ كەتتۇق. بەزىدە ئوينىغان ئويۇنلىرىمىزنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان ئىكەنلىكىنى ئۆزۈممۇ ئايرىيالماي قالىمەن. بۇ خىل ئالدامچىلىققا ھەر ئىككىمىز كۆنۈپ كەتتۇق. كۆنمىسەك نېمە چارە؟ مۇھەببەت يوقالغانىكەن، ئۆچمەنلىكمۇ يوقىلىدۇ، دۈشمەنلىكمۇ بولمايدۇ.

دادام بىلەن ئانام بىزنى ياراملىق ئادەم قىلىمىز دەپ

بەكلا كۆچەپ كەتكەن، بەكلا ئاشۇرۇۋەتكەنىكەن... هامان بىر كۈنى پۇتۇنلەي يات بىر ئائىلىنىڭ تەربىيەسىنى ئالغان، دۇنيا قارىشى ئاللىبۇرۇن تىكلىنىپ بولغان ناتونۇش ئادەم بىلەن هايات كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولىدىغانلىقىمنى، شۇڭا ئاز ـ تولا سەممىيەتسىزلىكنى، قۇۋلۇقنى، ئانچە ـ مۇنچە كۆڭلى قارىلىقنى ئۆگىنىشىم كېرەكلىكىنى سەممىگە سالمىغانىكەن. ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ خاتالىقى شۇكى، بىرىشنى ئۆگەتكەن، ئەمما يۇلۇپ ئېلىشنى ئۆگەتمىگەن؛ ئۆزىنى بېغىشلاشنى، قۇربانلىق قىلىشنى ئۆگەتكەن، ئەمما قارشى تەرەپنى قۇربانلىق قىلدۇرالايدىغان قىلىپ ئۆگەتمىگەن؛ بەدەل تۆلەشنى ئۆگەتكەن، ئەمما بەدەل تۆلىتىشنى ئۆگەتمىگەن؛ سەۋر ـ تاقەت، چىدامنى ئۆگەتكەن، ئەمما تاشلاپ كېتىشنى، ۋاز كېچىشنى ئۆگەتمىگەنىكەن.

ئەكبەرنىڭ بۇرۇنقىدەك ئۆينى تاپالماي قالىدىغان كېسىلى ساقايغاندەكمۇ بولدى. مانا، ئۇ يېنىمدا ياتىدۇ، بەدەنلىرىمىز تېگىشىپ، تىنىقلىرىمىز قوشۇلۇپ كەتكەن، گويا مەن هازىرلا قېچىپ كېتىدىغاندەك كۆچلۈك بىلەكلىرى مېنى چىرمىۋالغانىدى. ئۇ شۇنچىلىك ئېزىلىپ هېچنېمىنى تۇيماي ئۇخلاۋاتىدۇكى، شۇ تۇرقىدا بىركىم كۆتۈرىسىمۇ تۇيغۇدەك ئەپتى يوق. قىرىق ياشقا بارا ـ بارمايلا ئايىغى تۇگىمەس هاراق سورۇنلىرى، ئەيش ـ ئىشرەت ئۇنى خېلىلا هالسىراتقانىدى... مەن بولسام هەمىشە ئويغاق، سەگەك، قەلبىم هەمىشە بوش، ئوتتۇرىمىزدا تاقابىل تۇرۇش تەس بولغان بىر خىل سوغۇقچىلىق مەۋجۇت. كۆڭلۈمنى قىممەتلىك نەرسىسىنى يوقىتىپ قويۇپ، زادىلا

تاپالمايۋاتقان ئادەمدەك شۇنداق بىئارامچىلىق ئەگىپلا يۈرىدۇ. مەندە نە سىزىم، نە ھېسسىيات دېگەنلەردىن ئەسەرمۇ يوق...

تۇرۇپلا دادام ـ ئانام ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئويلاپ قالدىم. توغرا، دادامنىڭ كۆيۈمچانلىقى، يىمىرىلمەس، زەبەردەس تۇرقى، ئانامنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى، سەۋر ـ تاقىتى، ھازىرلا ئەمەس، كەلگۈسىدىمۇ ماڭا ئىشەنچ، ئىرادە ئاتا قىلىدۇ، مېنى مۇۋەپپەقىيەت چوققىسىغا يېتەكلەيدۇ. بەختسىزلىكلىرىم كەينىگە سايە تاشلاپ تۇرغان بەختىنى، ئۈمىدسىزلىكلىرىم ئارىسىغا يوشۇرۇنغان ئۈمىد ئۇچقۇنىنى، يىغىلىرىم ئارىسىغا يوشۇرۇنغان كۈلكىنى تېپىپ چىقىشقا يېتەكلەيدۇ. مەن ئىرىمنى كۈتىمەن. ئۇنىڭ تېزرەك ئادەم بولۇشىنى، تېزرەك يوقاتقان ۋىجدانىنى، غۇرۇرىنى ئىزدەپ تېپىۋېلىشىنى تىلەيمەن. ئۇنىڭ بىلەن بىللە گۈزەل ئەتەمنى يارىتىشنى كېچە ـ كۈندۈز ئارزۇ قىلىمەن...

※ ※ ※

ـــ نېمە بولدى؟ قورقۇۋاتامسىز؟...

ـــ ھەئە، بەك قورقۇپ كېتىۋاتىمەن...

ـــ نېمىدىن؟ ئىرىڭىزدىنمۇ ياكى بىزنىڭ بۇ يەردە كۆرۈشۈشىمىزدىنمۇ؟

ـــ ئۇقمايمەن، ئىشقىلىپ ھەممە نەرسىدىن قورقۇۋاتىمەن...

ـــ توۋا، شۇنچە كۆپ ئادەم تاماق يەيدىغان ئاشخانىدىن تېخى قورقىسىز، تالادا تېخى قورقىسىز... گۆرگىلا

كىرىپ كېتەمدۇق ـ يا؟ نېمىشقا كۆڭلۈمنى يېرىم قىلىدىغانسىز؟...

ــ ئۇنداق بولسا كۆرۈشمەيلى، ئىزدەشمەيلى، مېنىڭمۇ بۇنداق كېتىۋەرگۈم يوق...

ــ چاقچاق قىلىپ قويدۇم، ئەمدى ئايرىلىشنىڭ گېپىنى قىلغۇچى بولماڭ، ئايرىلىشقا توغرا كەلسىمۇ مەندىن ئەمەس، ئېرىڭىزدىن ئايرىلىڭ، مەن سىزنى خۇشاللىق بىلەن ئەمرىمگە ئالىمەن.

ــ تۆت بالىنى يېتىم قىلامدۇق؟

ــ بالىلارمۇ ئۆزى ئۈچۈن ياشايدۇ، بىزمۇ بالا بولۇپ هازىرغىچە ئاتا ـ ئانىمىزغا نېمە قىلىپ بەردۇق؟ بىز خاتىرجەم كۈن كۆرسەك، ئاتا ـ ئانىمىزمۇ خاتىرجەم كۈن ئۆتكۈزىدىكەن، بىتەلەي بولۇپ قالساقچۇ؟ مۇشۇ يېشىدىمۇ غېمىمىزنى يەۋاتامدۇ ئەنە؟

ــ تەقدىرگە ئامال يوق.

ــ بۇ تەقدىر سىزنى ئېرىڭىز، مېنى خوتۇنۇم ۋەيران قىلدى. بولدىلا، كۆڭۈلسىز پاراڭ بىلەن ۋاقتىمىزنى ئۆزىمىز زايە قىلمايلى، ئېرىڭىزدىن ئەنسىرىمەڭ، ئۇ بۈگۈن كېچىچە ئۆيگە قايتالمايدۇ، ئىشتىن چۈشمەستىلا تەڭشىلىپ بوپتىكەن، بۇ كەمگىچە... بولمىسا سىزنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىپ، قەيەردىلىكىنى سوراپ باقاي...

ــ ياق، ياق، بولدى قىلىڭ...

ــ هېچبولمىغاندا سورۇندىكىلەردىن سوراپ باقاي...

ئۇ بىر قولىدا ئايالنى مەهكەم قۇچاقلىۋالغان، يەنە بىر قولىدا بىركىملەرگە تېلېفون ئۇرۇپ ئايالنىڭ ئېرىنى سۈرۈشتۈرمەكتە ئىدى...

كىچە قاراڭغۇلۇقىغا تولغان ئۆي، ئەر ئايالنى ھاياجان بىلەن سۆيمەكتە، ئۇنىڭ ئوتتەك تىنىقلىرىدىن زارىقىش ۋە ئەرلىك جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئايال ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئەرنىڭ سىلاپ ـ سىيپاشلىرىدىن ھۇزۇرلىنىپ، سۆيگۈ ئىزھار قىلىشلىرىغا قۇلاق سالماقتا:

ـــ مەن سىز ئۈچۈن ئۆلۈشكىمۇ رازى، بۈگۈن كۆرۈشەلمىگەن بولساق، ساراڭنىڭ ئۆزى بولاتتىم. سىزگە كۆپ رەھمەت، سىز نېمە دېسىڭىز شۇنى قىلاي، پەقەت مېنى تاشلىۋەتمىسىڭىزلا بولدى.

ئايال تامامەن ھوشىنى يوقاتقانىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى گويا ئوت كەتكەندەك بولۇپ، بىر خىل ئىللىق، ئىسسىق سېزىم پۈتكۈل جىسمىغا تارىماقتا ئىدى. ئايال ياشلىق باھارىنى بىغەشلىغان، ئۆمۈرلۈك تەقدىرىنى تاپشۇرماقچى بولغان ئاشىقى بىلەن مۇھەببەت ئالەمىنى كېزىپ يۈرمەكتە، بۇ كېچىنىڭ يەنىمۇ ئۇزاقىراق داۋام قىلىشىنى تىلىمەكتە.

ئۇشتۇمتۇت كۈتۈلمىگەن ئەھۋال يۈز بەردى. ئەرنىڭ نەپىسى ئىتتىكلەپ، ياۋايىلىقى قوزغالدى. قوللىرى ئەركىن ھالدا نەلەرگىدۇر سوزۇلدى. ئايال ئەندىكىپ كەتتى.

ـــ قويۇۋېتىڭ، مېنى قويۇۋېتىڭ...

ـــ نېمىشقا ئەمدى؟ چاقچاق قىلمىغە، سىزنى سېغىنىپ ئۆلەيلا دەۋاتسام...

يۈرىكىم ئاغزىمغا قاپلىشىپ قالدى، نېمە قىلىۋاتقانلىقىم ئەمدى ئېسىمگە كەلگەنىدى، پۈتۈن قارشىلىقىم بىلەن ئۇنىڭ قۇچىقىدىن يۇلقىنىپ چىقىشقا تىرىشتىم.

ــ قويۇۋېتىشىڭ دەۋاتىمەن، نېمىشقا گېپىمنى ئاڭلىمايسىز؟
ــ مۇشۇنداق چاغدىمۇ رەت قىلامسىز؟...
لەۋلىرىم چىشلەپ ئۈزۈۋېتىلىدىغاندەك، بەدەنلىرىم مىجىقلىنىپ تاشلىنىدىغاندەك قىلاتتى، ئەسەبىيلىكتىن كۆزلىرى ئوتتەك يېنىپ كەتكەن بۇ ئەرنىڭ شۇ تاپتىكى ئازابىمنى چۈشىنىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. قەلبىمنى قورقۇش، غەزەپ، ھاياجان، خورلۇق، نومۇس، قورۇنۇشقا ئوخشاش مۇرەككەپ ھېسسىيات چۇلغىۋالغان، ئىچىم سىقىلىپ غەلىتىلا بولۇپ كېتىۋاتاتتىم، كۆز ياشلىرىم يامغۇردەك قۇيۇلاتتى. ئۇ تۇيۇقسىزلا جىمىپ قالدى، مېنى چىرمىۋالغان كۈچلۈك قوللىرى لاسسىدە بوشاشتى، ئاۋازىمۇ تىترەپ كەتتى.
ــ سىزگە نېمە بولدى؟ ۋاي تىۋۋا... قەدرىيە، خاپا بولماڭ، سىزدىن ئۆتۈنەي!
نېمە دېيىشىمنى، نېمە قىلىشىمنى بىلمەي قالدىم. پۈتۈن ھەسرەتلىرىم، ئەلەملىرىم، قورقۇش، خىجىلچىلىقلىرىم كۆزلىرىمگە يىغىلغان، كۆڭلۈم ئاجايىپ پەرىشان، دىلىم سۇنۇق ئىدى. ئەر كۆزلىرىمگە، چىرايىمغا شۈبھە بىلەن تىكىلدى. نەرسىلەرنى ئارانلا ئىلغا ئالغىلى بولىدىغان بۇ قاراڭغۇلۇقتا ئىككى قولۇم بىلەن يۈزۈمنى، كۆزلىرىمنى توسۇۋالدىم. ئۆزۈمگە لەنەت ئوقۇيتتۇم. پاكلىقىمنى، ئار ـ نومۇسۇمنى ساقلاپ قالالىغان بولسام ئىدىم، نومۇس پاتقىقىغا شۇنچىلا پېتىپ كېتەرمىدىم؟...
ــ نېمە بولدى؟ مەندىن رەنجىپ قالدىڭىزمۇ؟
ــ ......

— گەپ قىلىسىڭىزچۇ؟ مەنمۇ بەك سىقىلىپ كېتىۋاتىمەن.

— ......

قاراڭغۇلۇقتىن مەدەت تىلەۋاتقاندەك يىراقلارغا، بەكمۇ يىراقلارغا كۆز تىكەتتىم... قاچاندىن باشلاپ بۇنچىلا چۈشكۈنلىشىپ كەتتىم؟ قانداقلارچە بۇ كويغا كىرىپ قالدىم؟ قاچان، زادى قاچان ؟...

خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ئىدىم. ئۇ چۈۋۈلغان چاچلىرىمنى ئوڭشاپ، مېنى يۆلەپ ئورنۇمدىن تۇرغۇزدى، پۇرلىشىپ كەتكەن كۆڭلىكىمنىڭ ئېتەكلىرىنى تۈزلىدى، ئېچىۋېتىلگەن تۈگمىلىرىمنى بىر – بىرلەپ ئەتتى، ئاندىن قايتىدىن باغرىغا باستى. بۇ قېتىم قارشىلىق قىلمىدىم، بۇ ئىشلارنىڭ، تۇيغۇلارنىڭ مۇھەببەت ئەمەسلىكىنى بىلەتتىم، ئاخىرى قانداق، قاچانغىچە داۋاملىشىدىغانلىقىنىمۇ ئۇقمايتتىم، ئەمما ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشنىمۇ خالىمايتتىم.

— يائاللا، قورقۇتۇپ جېنىمنى ئالدىڭىز، مېنى بىر مەزگىللىك ھەۋەسكە تايىنىپ شاللاقلىق قىلىۋاتىدۇ، كۆڭۈل خۇشى ئۈچۈن ئارىلىشىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ قالماڭ. مەن سىزنى تۇنجى كۆرۈشتىلا ياخشى كۆرۈپ قالغان، ئەزەلدىن سىزنى قولغا كەلتۈرۈشنى، سىزدىن پايدىلىنىشنى ئويلاپ باقمىغانمەن. ئەكبەرنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرى ماڭا ئايان بولغاچقا، سىزگە بەك ئىچىم ئاغرىيتتى، ھېلىقى كۈنى نېمە بولدىكىن، يىغانىم ئۆرلەپ قاپتۇ. «ئاچچىق ھاراقتىن، بۇنداق مەززىسىز ئولتۇرۇشتىن نېمە تاپىمەن؟ بېشىمغا كەلگەننى كۆرەي» دەپلا قارارلىق قىلدىم. سىزنىڭ

كۆنبويى يالغۇز قالدىغانلىقىڭىزنى بىلەتتىم، مۇڭدىشىپ، تەسەللى بېرىپ كېلەي دېگەن مەقسىتىم بار ئىدى. سىز ئىشىكنى ئاچقاندا، ھودۇقنىمدىن ئارقامغا ئۆچۈپ كەتكىنى تاسلا قالدىم. ئەمما، سىز ئارقىڭىزغا ئۆرۈلۈپلا كىرىپ كەتتىڭىز، داغدام ئېچىلغان ئىشىكتىن خاتىرجەم ئۆيگە كىردىم، ھۇجرىغا كىرىپلا نىيىتىم بۇزۇلدى. ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا سىزگە يېپىشتىم، شۇ كېچە ئۆزۈمنىڭ ئەركەكلىكىمنى قايتىدىن تونۇدۇم، سىز مېنى چەكسىز بەختكە چۆمدۈردىڭىز، سىز شۇنداق چىرايلىق، يەنە كېلىپ ئاجايىپ سېھىرىي كۈچكە ئىگە ئايال. مەن سىزنى قەدىرلەيمەن، بىر ئۆمۈر ياخشى كۆرىمەن...

مەنچۇ؟ مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلساملا غېرىبسىنىپ قالىمەن. ئەمما ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، كۆرۈشۈش ھەققىدىكى تەكلىپىنى ئاڭلىسامۇ، قورقۇپ تەمتىرەپ كېتىمەن. قورقۇپ تۇرۇپمۇ يەنە كۆرۈشۈشكە كېلىمەن. ئەمما، ئۇنىڭ قوپاللىقلىرى...

بايىقى پەرىشانلىقلىرىم نەگىدۇر يوقالغان، خامۇشلۇق ئىلكىدە تۇراتتىم. كۆرۈۋاتقانلىرىم، ئاڭلاۋاتقانلىرىمنىڭ قايسىسى ئوڭ، قايسىسى چۈشۈم ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن، بىلىشنىمۇ خالىمايمەن. مېنىڭ ھېچنېمە ئويلىغۇم، ھېچنېمە دېگۈممۇ يوق. ئەمەلىيەتتە، ھەممە ئىش ئاللىقاچان تۈگىگەن، نەچچە ئاي ئىلگىرىلا ھېچنېمىنىڭ ھاجىتى قالمىغانىدى...

شۇ كېچە ھاۋا بۆلەكچىلا تىنچىق بولدى. ئوغۇللىرىم ئۇخلىيالماي سوغۇق سۇدىلا يۇيۇنۇشتى، كېيىن بەھۇزۇر ئۇيقۇغا كەتتى. مەن ئۇيان ئۆرۈلۈپمۇ، بۇيان ئۆرۈلۈپمۇ

ئۇخلىيالمىدىم. كېيىن ئورنۇمدىن تۇرۇپ دېرىزە ئالدىغا كەلدىم. چەكسىز قاراڭغۇلۇقتا، قاپقارا بۇلۇتلار بىلەن ئۆركەش ياساۋاتقان ئاسمانغا نەزەر تاشلىدىم. تۇيۇقسىز «چاراس ـ چۇرۇس» قىلىپ چاقماق چېقىلدى، ئارقىدىنلا قاتتىق گۇلدۇرماما ساداسى ئىچىدە قالدىم، قاتتىق قورقۇپ كەتكەچكە تىترىگەن هالدا كەينىمگە قايتتىم. يوتقانغا كىرىشكە ئۇلگۇرمەيلا يەنە بىر قېتىم هاۋا قاتتىق گۇلدۇرلەپ، قۇلاق ـ مېڭەمنى يەپ كەتتى. ئارقىدىنلا يامغۇر شارقىراپ قۇيۇۋەتتى. دەھشەتلىك بوران ۋە يامغۇرنىڭ تاراسلاپ ئۇرۇلۇشىدىن دېرىزىلەر غىرسلاپ، قاراڭغۇ كېچىدە ئاللىقانداق ۋەھىمە پەيدا قىلاتتى. گويا دېرىزىلەردىن دەھشەت يوغان، غەلىتە مەخلۇق ئېتىلىپ كىرىدىغاندەك، قورقۇنچلۇق قارا قوللار ھېلىلا كانىيىمنى بوغىدىغاندەك ھەددىدىن زىيادە جىددىيلىشىپ كەتكىنىمدىن يۈرىكىم توختىماي دۇپۇلدەيتتى. يوتقانغا چۈمكەلگىنىمچە قاچانلاردا ئۇيقۇغا كەتكەنلىكىمنى بىلمىدىم، تۇيۇقسىز ئىشىكنىڭ قېقىلىشىدىن ئويغىنىپ كەتتىم. ئۇيقۇچىلىقتا سىلاپ ـ سىيپاپ يۈرۈپ چىراغنى ياندۇردۇم، كۆزۈمنى ئۇۋۇلىغىنىمچە نېمىلەرنىدۇر دەپ غۇدۇراپ. ئىشىكنى ئاچتىم ـ دە، ئارقىمغا ئۆرۈلۈپلا ياندىم. مېنىڭ ئەكىبەرنىڭ چىرايىغا قارىغۇدەك رايىممۇ يوق ئىدى. ھۇجرىغا كىرىپ ئارقىمغا ئۆرۈلدۈم. ئالدىمدا ئۇستىبېشىدىن يامغۇر سۈيى تامچىلاۋاتقان بىر ئەرنى كۆردۈم. ئۇ ماڭا چەكچەيگىنىچە ئىچ كۆڭلەك ئاستىدىكى نازۇك بەدىنىمنىڭ ھەربىر جايلىرىغىچە قاراۋاتاتتى. چىرايىدىن ھېسداشلىق، ئىنتىزارلىق، يەنە ئاللىقانداق

قورقۇنچ، ھودۇقۇش، تەمتىرەشتەك مۇرەككەپ ھېسسىياتلار تەپچىپ تۇراتتى. ئۇنى قاچاندۇر بىركەمدە ئائىلىمىزدە ئېرىمنىڭ ئۇلپەتداشلىرى يىغىلغان سورۇندا كۆرگەندەك قىلغان. لېكىن، دەماللىققا ئىسمىنى ئېسىمگە ئالالمىدىم. تۇنجى قېتىم قىلغان ئىشىم تىترەۋاتقان قوللىرىم بىلەن كۆكسۇمنى يوشۇرۇش بولدى. قورقىنىمدىن ئېغىرراق تىنىشقا جۇرئەت قىلالمىدىم. ئۇ ئېھتىيات بىلەن بىلەكلىرىمدىن تۇتۇپ كارىۋاتقا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى، ئاندىن باللىرىمنىڭ ئويغىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەندەك ھۇجرىنىڭ ئىشىكىنى يېپىپ قويدى.

— سىز كىم؟ نېمە قىلماقچى؟ — مەن سەگەكلەشتىم.

— ئاستىراق... ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، نېمانچە تىترەيسىز؟ مەن ئېرىڭىزنىڭ دوستى، باشلىقى، ئىسمىم مەردان.

ئۇنىڭ قوللىرىنى ئىتتىرىۋەتتىم، قۇچاقلىرىدىن ئۆزۈمنى قاچۇردۇم، ئاندىن بەكمۇ زەئىپ، كۈچسىز ئاۋازدا:

— نېمىدەپ كەلدىڭىز؟... — دېدىم.

— بۇ كېچىدە خەقنىڭ ئۆيىگە ئۇسسۇپلا كىرەلىگەن ئەر نېمىدەپ كەلسە بولاتتى؟...

ئېچىرقىغان، چاڭقىغان، ھېرىپ ھالى قالمىغان قۇشقاچ باسماققا چۈشتى. باللىرىم ئويغىنىپ بۇ سەتچىلىكنى كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ ئاۋازسىز قارشىلىششلىرىم بىكارغا كەتتى. ئۇنىڭ قىزىق لەۋلىرى، كۈچكە تولغان قامىتى ئاخىر مېنى باش

ئەگدۆرۆشكە مەجبۇر قىلدى. بەلكىم مەنمۇ ئۆزاقتىن بۇيان قىزغىن سۆيۈشكە، مېھىرلىك سىلاشلارغا، ئەركىلىتىشكە موھتاج بولغاندىمەن. چۈنكى، مىڭ يىللار بولغاندۇ بۇنچىلىك قىزغىن سۆيۈلمىگىلى...

شۇ كېچە مەردان مەزگىلسىز يوقاتقان بەختىمنىڭ ئورنىنى تولدۇرالمىسىمۇ، ئۇسسىغان، چاڭقىغان يۈرىكىمنى قاندۇرغان، شۇ ئارقىلىق ئۆزۈمگە تەسەللى تاپقاندىم. مەن ئويلاشنى خالىمىسامىمۇ، خىيالىمدىن بىردەممۇ قوغلىۋېتەلمەيدىغان بۇ ئىشلارنىڭ بۇنچىلا ئاددىي، ئاسانغا توختايدىغانلىقىنى، يەنە كېلىپ ئالدىن پىلانلىنىۋالغاندەك، ئالدىن كېلىشىۋالغاندەك شۇنچىلىك تەبىئىي، شۇنچىلىك كۆڭۈللۈك داۋاملىشىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇرمۇ قىلمىغانىكەنمەن...

مەن بۇ قاراڭغۇ كېچىنى ياخشى كۆرىمەن، ئۇ روھىمنى قۇتقۇزدى، ماڭا ئىشەنچ، ئۈمىد، خۇشاللىق ئاتا قىلدى. ئېرىم تەرىپىدىن ئۇنتۇلدۇرۇلغان مۇھەببەتنىڭ لەززىتىنى ھېس قىلدۇردى، كۆز ياشلىرىمنى قۇرۇتتى. ماڭا زۇلۇم سالغۇچىدىن قىساس ئېلىشنى ئۆگەتتى.

مەن بۇ قاراڭغۇ كېچىدىن نەپرەتلىنىمەن، ئۇ مېنى پاكىزلىق، پاكلىق ئالمىدىن پەسكەشلىك، ناپاكلىق ئالمىگە سۆرەپ كىردى. مېنىڭ نازۇك جىسمىمنى، پاك روھىمنى نابۇت قىلدى.

مەن ئېرىمدىن ئېرىشكەن نەرسىلەرگىمۇ، ئېرىمدىن ئېرىشەلمىگەن نەرسىلەرگىمۇ بۇ ئەردىن ئېرىشتىم. ھېچقانداق بىر ئايال ئۆزىگە ھالال بولمىغان ئەردىن ئارتۇقچە نەرسىلەرنى تەلەپ قىلمايدۇ، چوڭ ئۈمىدلەرنى كۈتمەيدۇ. مەن بولسام تېخىمۇ شۇنداق. مەن تويدىن

ئىلگىرى مېنىڭ بۇنداق ياشايدىغانلىقىمنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەن، ھېلىقى بىر ـ بىرىمىزنى قىيناپ، ئازابلاپ يۈرگەن كۈنلەرنى تېخىمۇ ئويلىمىغانىدىم. ئەپسۇسكى، ئۆزۈم خالاپ ـ خالىماي بۇ كېچىككە كىرىپ قالدىم. ئۆزۈم نەپرەتلىنىدىغان ئەخلاقسىزلار دۇنياسىنىڭ ئاكتىپ، جۇشقۇن ئەزاسىغا ئايلىنىپ قالدىم. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ، ئېرىنىڭ نام ـ ئابرۇيىنى دەپسەندە قىلىدىغان ئەقلى يوق، نادان ئاياللارنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالدىم. مەن تولىمۇ ئاجىز، ھېسسىياتىممۇ، ئىرادەممۇ شۇنچىلىك ئاجىز ئىكەن. ھەر قېتىم كۆرۈشۈشتىن كېيىن قاتتىق پۇشايمان قىلساممۇ، بۇ ئىشتىن قول ئۈزەلمىدىم. تۇرمۇشۇمدىكى، ھېسسىياتىمدىكى بوشلۇق، كاۋاكلىق، شۇنداقلا ئەردىن سۇ ئىچمىگەن قەلبىم مېنى مۇشۇ يولغا مەجبۇر قىلدى. شۇنداق قىلىپ ھەممىگە خىيانەت قىلدىم، ھەممىنى ئۇنتۇدۇم، ئۇنىڭ ئاشنىسىغا ئايلاندىم. بۇ خىل تۇرمۇشقا كۆنۈشكىمۇ باشلىدىم. «ئېرىم مېنى مۇشۇ يولغا باشلىدى» دەپ ئۆز ـ ئۆزۈمگە تەسەللى بېرىپ، ئۆزۈمنىڭ رەزىل ئىشلىرىغا باھانە ئىزدىدىم. گويا بىر نىجاتكارغا، ھەسرەتلىرىمنى ئۇنتۇلدۇرىدىغان باشپاناھقا ئېرىشكەندەك خاتىرجەم، غەمسىز، بىپەرۋا ھالەتتە ئۆتتۈم.

شۇ كۈنى ئەكبەر ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىدە بىرنەچچەيلەن بىلەن سورۇن تۈزۈپ، بەزىلەر ھاراق ئىچىشكەن، ئەكبەر قاتتىق مەست بولۇپ كەتكەچكە، ساھىبخانا ئۇنىڭ بىخەتەرلىكىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىمىسا ئۇنىماي قوندۇرۇپ

قالغان، باشقىلار ئۆيىگە تارقاشقان، مەردان بولسا كەيىپ يىتى مېنىڭ يېنىمغا كەلگەنىكەن.
ئەر كىشى بولۇش نېمىدېگەن بەخت، ئۇنىڭ ئانىدىن تۇغما ھالەتتە ئۆز ئۆيىدە تۇرغاندەك تاماكا چېكىشۋاتقانلىقىغا، مەغرۇرلۇق، قانائەتلىنىش، ئۆزىدىن پەخىرلىنىش تۇيغۇسىغا چۆمۈلگەن چىرايىغا قاراپ تۇرۇپ كەتتىم. بالىلىرىمنىڭ ھۇجرىسىدىن باشقا ھەممە نەرسە — بۇ ھۇجرا، خەقنىڭ ھەقلەپ ـ نىكاھلاپ ئالغان ئايالى، مۇنچا، ھەتتا لۆڭگە، سوپۇنلارغىچە ئۇنىڭ قولىغا ئۆتكەنىدى. تاكى تاڭ ئاتقۇچە ئۇنىڭ مۇلايىملىق بىلەن سىلاپ ـ سىيپاشلىرىغا، ئوتلۇق سۆيۈشلىرىگە، يوللۇق ۋە يولسىز تەلەپلىرىگە رازىلىق بېرىپ چىققانىدىم...

ئانا، سەن بىزنى چوڭ قىلغۇچە ھەممىگە چىدىغان، ھەممىگە سۈكۈت قىلغان، دادامغا، ئائىلىمىزگە قارا سانىمىغانىكەنسەن. ئەمما، مەن سېنى دورىيالمىدىم، ھەتتا پاكلىقىمنىمۇ قوغداپ قالالمىدىم. سەن مېنى نومۇسلۇق، ئەخلاقلىق قىلىپ چوڭ قىلغىنىڭدا، بولغۇسى ئېرىمنىڭ كۆنلەپ ـ كۆنلەپ تالادا قونىدىغانلىقىنى، ئەمما ئۇنىڭ دوستىنىڭ مېنىڭ دەردىمدە سەدپارە بولىدىغانلىقىنى، خۇددى بىر مۆجىزىدەك يامغۇرلۇق كېچىدە ھۇجرامنى يورۇتىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانسەن ھەرقاچان. سەن بىر ئايالنىڭ يېرىم كېچىدە ناتونۇش ئەرگە قانداق تاقابىل تۇرۇشى كېرەكلىكىنى ئۆگەتمىگەنىكەنسەن، بۇنداق ئەھۋالدا نېمە قىلالىشىم مۇمكىن؟ ياق، مەن ئۆزۈممۇ مۇشۇ قىزغىن مۇھەببەتكە، سۆيۈلۈشكە موھتاج تۇرسام،

مېنىڭ قانداق قىلىشىم كېرەكلىكىنى ئويلىشىمنىڭ ئورنى بارمۇ؟...

ئانا، بىر قېتىم ئىككىمىز قۇدىلار تەرەپتە ئۆتكۈزۈلىدىغان تويغا قاتناشتۇق. ئايال قۇداڭ سېنى قىزغا يەڭگە قىلغانلىقىنى، بۈگۈن ئوغۇل تەرەپنىڭ ئۆيىدە قونمىساڭ بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. سەن دادامنىڭ رەنجىشىدىن قورقۇپ، قايتا ـ قايتا ئۆزرە ئېيتتىڭ. قۇدىلار ئىلاجسىز قىزنى يۆتكەپ قويغاندىن كېيىن كېتىشىڭنى ئېيتتى. دادام ئۇرغان تېلېفونۇڭنى ئېلىپلا كەسكىن ئاۋازدا:

ــ ھازىرلا ئۆيگە قايتىڭلا، قىز كۆچۈرۈشكە باشقىلار بارسۇن، ــ دېدى. سەن ھېچنېمىگە، ھېچكىمگە قارىماي رومىلىڭنى تۈزەشتۈرۈشكىمۇ ئۈلگۈرمەي، قۇدىلارنىڭ ئاغرىنىشلىرىغىمۇ پەرۋا قىلماي ئۆيگە قايتتىڭ. سېنىڭ سېنى سۆيىدىغان، قەدىناس بولغانسېرى تېخىمۇ ئىززەتلەيدىغان، قەدىرلەيدىغان ئادىمىڭ، مۇشۇ يېشىڭدىمۇ سېنى كۈنلەيدىغان، ئىگە بولىدىغان ئادىمىڭ بار ئىدى. لېكىن، مەنچۇ؟ مەن كەچ قالساممۇ، قالمىساممۇ، ئۆيدە ياتساممۇ، ياتمىسامىمۇ بولۇۋېرىدۇ. پەقەت بالىلارنىڭ قورسىقى ئاچ قالمىسا، ئېنىقراقى، بۇ ئائىلىدىكى ئۈچىمىز يوقاپ كەتمىسەكلا كۇپايە. بەزىدە يىغلىغان پېتى ئۆينى تاشلاپ چىقىپ كېتىمەن. لېكىن، مېنى توسۇۋالىدىغان ئادەم يوق. ياز كۈنى بولسىغۇ ياخشى، قىش كۈنلىرى سوغۇق، شىۋىرغانلىق كېچىلەردە بەزىدە قار كېچىپ، بەزىدە مۇزدا تېيىلىپ، يىقىلىپ قوپۇپ يۈرۈپ نەچچە سائەتنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن «ئۆزى كەتكەن يارەي، ئۆزى كەلگەن يارەي» دېگەندەك

قايتىپ كېلىمەن. بۇنداق ۋاقىتتا ئۇ يا ئالىقاچان ئۇيقۇغا كەتكەن، يا بىر خىيالدا تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇچۇن مېنىڭ يوقاپ كېتىشىم ئەرزىمەس ئىش، خالاس.

مەن تۇگەشتىم، پۈتۈنلەي تۇگەشتىم، مەن ئادەم ئەمەس، ئېرىممۇ ئادەم ئەمەس، ئۆزىنىڭ يېقىن دوستىغا خىيانەت قىلغاندىكىن ھېلىقى ئەرمۇ ئادەم ئەمەس. ھېلىقى ئەرنىڭ ئادەم ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرساممۇ ئۇنى خالاپلا تۇراتتىم. «ئۇ نېمانچە يېقىملىق، نېمانچە سىلىق ـ سىپايىدۇ؟» شۇ يامغۇرلۇق كېچىدە يۈز بەرگەن ئىشلار يۈرىكىمگە چوڭقۇر ئورنىشىپ بولغانىدى. ئۇنىڭ ئاياللارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشقا ئۇستىلىقى، ھەربىر ھەرىكىتىدىن ئۇيۇنخۇمار، ئىش كۆرگەن، ئىشقۋاز ئەر ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇ: «مەقسىتىمىز ئۆي بۇزۇش بولمىغاندىكىن پات ـ پات ئۇچرىشىپ تۇرايلى، سىز نېمىدېگەن چىرايلىق، نېمىدېگەن تولغان ئايال ـ ھە... مەن سىز ئۇچۇن ھەممە ئىشقا رازى» دەۋاتىدۇ. بەزى ئاياللارنىڭ ئاشنا ئويىنىشىنىڭ سەۋەبىنى ئاز ـ تولا چۈشەنگەندەكمۇ بولۇۋاتىمەن. نېمىشقا بەزى ئەرلەر شېرىن ـ شېكەر سۆزلەرنى ئاياللىرىدىن ئايايدىغاندۇ، ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن كۆڭلىنى ئۇتۇشقا تىرىشمايدىغاندۇ.

ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، توغرىلىق بىلەن خاتالىق ئوتتۇرىسىدا پەقەت بىر قەدەم ئارىلىقلا بولىدىكەن. يامان يولغا بىر قەدەم بېسىلىپ كەتسىلا، ھېچنېمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇمكىن بولمايدىكەن. مەن تۇگەشتىم، پۈتۈنلەي تۇگەشتىم. ئۆز جىسمىنى قوغداپ قالالمىغان

ئايال روھىنىمۇ قوغداپ قالالمايدىكەن. مەن بىر پەسكەش، شەرمەندە ئايالمەن. مېنىڭ بۇنداقلىقىمنى ھېچكىم خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ. تۇتۇلمىغاندىكىن ئوغرى ئەمەس، بەلگىسى قالمىغاندىكىن تارتۇق ئەمەس. شۇنداق بولغانىكەن، مەن يەنىلا نورمال ئاياللاردەك ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ ياشاۋاتىمەن.

شۇنچە يىللار بىللە ياشىغان ئېرىم ھەممە ئىشتا دىلىمنى چۈشىنىپ يېغلىتىپلا كەلدى. مەستلىككە يۆلەپ ئۆينىڭ ھەممىلا يېرىدە قوغلاپ يۈرۈپ ئۇردى. ئىچ كىيىملىرىمنى يىرتىپ تىتىۋەتتى. توغرا، ئۇ خىيالىدا پەقەت كىيىملىرىمنى يىرتتى، ئۇ يەنە يېڭىسىنى ئېلىپ بېرىدۇ. ئۇ ئويلىمىدىكى، ئۇنىڭ يىرتقىنى كىيىم ئەمەس، بەلكى پۈتۈنلەي ۋەيران بولغان يۈرىكىم ئىدى.

مەن قاراڭغۇ كېچىلەردىن نەپرەتلىنىمەن. ئۇ مېنى ھەممىدىن ئايرىدى، ھەممىدىن جۇدا قىلدى. ئېسىل، ئەتىۋار، ئۇلۇغلىنىدىغان ھەممە نەرسىلىرىمنى تارتىۋالدى... مەن قاراڭغۇ كېچىلەرگە رەھمەت ئېيتىمەن. ئۇ مېنىڭ غەيلەتكە پاتقان روھىمنى، تەلتۆكۈس بۇلغانغان جىسمىمنى، شەرمەندە ھاياتىمنى يوشۇرۇپ قالدى...

※ ※ ※

نېرۋىلىرىم پات ـ پات بۇزۇلۇشقا باشلىدى.

«ئانام مېنى تۇغقاندا،
ئاق يۆگەككە يۆگىگەن.

ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن دەپ،
بەختى بولسۇن دېمىگەن.»

بۇ شېئىرنى ئىلگىرى قانداق چۈشەنگەنلىكىم ئېسىمدە يوق. ئېھتىمال بەكمۇ ساددىلىق بىلەن پۈچىلانغان، بەختسىز يۈرەكنىڭ ھەسرەتلىك پەريادى دەپلا ئويلىغاندىمەن... مانا ئەمدى تولۇقى بىلەن چۈشىنىۋاتىمەن. ئاق يۆگەككە يۆگەشتىكى مەقسىتى، قەلبى، يۈرىكى، نىيىتى، تۇتقان يولى، بەختى ئاق بولسۇن دېگىنى. بۇ ئارزۇسى، تىلىكى توغرا بولغان. لېكىن، ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن دېگىنى نېمىسى؟ ياشاپ بولالماي ھېرىپ كېتىۋاتىمەن، تويۇپ كېتىۋاتىمەن، مەنغۇ بىر ئەر، ياق، ئىككى ئەر تەرىپىدىن ياشىغۇسىز ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويۇلدۇم.

بۇ دۇنيادا بەختنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەي ئۆتۈپ كېتىدىغانلارمۇ، بەخت ئىچىدە تۇرۇپ بەختنىڭ قەدرىگە يەتمەيدىغانلارمۇ، بەختنى ھېس قىلالمايدىغانلارمۇ يوق ئەمەس، مەن خېلى ئۇزاق يىللارغىچە ئۆزۈمنىڭ بەختلىك ياكى بەختسىز ئىكەنلىكىنى ئايرىيالماي كەلدىم. ھازىر بۇنى ئايرىشنىڭ ھاجىتىمۇ قالمىدى. ئانام دادام ئۈچۈن كۆپ قۇربانلىقلارنى بېرىپ، ئىككى ئوغۇل، بەش قىز تۇغۇپ بەرگەن، دادام بۇ بالىلارنى خۇشاللىق بىلەن باغرىغا بېسىپ، قىلچە بېسىم ھېس قىلماي، ھېس قىلىشىمۇ چاندۇرماي، ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ قاتارغا قوشقانىكەن. مېنىڭ تۇغقىنىم ئاران ئىككى ئوغۇل، بۇ بالىلىرىم ماڭىمۇ، دادىسىغىمۇ ئانچە تېتىمىپ كەتمەيدۇ. ئۇلارغا پۇل خەجلەپ ماددىي جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى

قاندۇرۇپ ھالىمىز قالمىسمۇ، ئەمما مەنىۋى جەھەتتىن ئاتا قىلىدىغىنىمىز بەكمۇ ئاز. بىز ئۆزىمىزنىڭ ھالى، ئۆزىمىزنىڭ ئوي ـ خىيالى بىلەن يۈرىمىز. باللار نېمە ئويلاۋاتىدۇ، نېمە ئارزۇ ـ ئارمانلىرى بار، ھېچنېمىنى بىلمەيمىز، ھەتتا سوراپمۇ قويمايمىز...

مەن ئاشنا بولۇشنىڭ تەمىنى تېتىپ قالدىم. ئۇ ئەر ئايالىغا دېمەيدىغان يالغان ـ ياۋىداق، ئەمما تولىمۇ شېرىن گەپلەرنى ئوتلۇق نەپەسلەر بىلەن قۇلىقىمغا پىچىرلايدۇ؛ ئۆز ئايالىغا قىلمىغان خۇشامەتنى قىلىدۇ؛ ئايالىنى ئەمەس، مېنى ئەركىلىتىپ، ئالدىمدا كۆچۈكتەك بولۇپ كېتىدۇ. ئايالىغا ئېلىپ بەرمىگەن ئېسىل سوۋغاتلارنى ئېلىپ كۆڭلۈمنى خۇش قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ بىلەن پات ـ پاتلا كۆرۈشۈپ تۇرىمەن. خوشلىشىپلا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىنىمگە پۇشايمان قىلىمەن. بىراق، يەنە سېغىنىمەن، باش ـ ئاخىرى يوق ئازابلارغا دۇچار بولىمەن. ئۇنىڭ تىنىمسىز جۇشقۇنلاپ تۇرغان ئوتتەك ھېسسىياتى ئالدىدا ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويىمەن. مېنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن يالماپ يۇتۇشلىرىغا سۈكۈت قىلىمەن. گەپ سورىمايمەن، قارشىلىقمۇ قىلمايمەن، خۇددى ئەركىلىتىش، پەپىلەش ئۈچۈنلا ياسالغان جانسىز قورچاقتەك... بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى پەسكەشلىك ۋە ناپاكلىق پاتقىقىغا پاتقۇزىمەن...

※ ※ ※

تاڭ سەھەردە دېرىزىدىن سىرتقا قاراپلا كۆڭلۈم

غەشلىككە تولدى. بۈگۈن ئاسماننى قويۇق توپا ـ چاڭ قاپلىغان، ھاۋانىڭ رەڭگى تاغدىن ئېقىپ كەلگەن قىيان سۇ رەڭگىدە ئىدى. تېخى ئۇلۇشكۇنلا قۇياش پارلاپ، ئىللىق شامال يۈزلەرنى سىلاپ سۆيۈپ ئۆتكەندە، دەل ـ دەرەخلەر مەيىن شامالدا يېنىك شىلدىرلاپ خۇشال ـ خۇرام ئۇسسۇلغا چۈشكەندە، قىسقىسى، پۈتكۈل تەبىئەت مەن بايقىغان ھەم بايقىيالمىغان گۈزەللىكلەرگە، شېرىنلىكلەرگە، كۆچلۈك ھاياتىي كۈچكە تولغاندا مەن ھېچنېمىدىن خۇشاللىق ھېس قىلالمىغان، ئۆزۈمنى بەكمۇ بىچارە، بەكمۇ غېرىب ھېس قىلغانىدىم. بۈگۈن بولسا...

مېنىڭ ئۆزۈمنى تولىمۇ ئۈمىدۋار، مەغرۇر، گويا ھەممىگە ئېرىشكەندەك، ھەممىنى قولۇمدا تۇتۇپ تۇرغاندەك، ئۆزۈمگە تولۇق ئىشەنگەن، ئۆز ـ ئۆزۈمدىن پەخىرلەنگەن چاغلىرىم بولغان. ھازىر ئۇ چاغلار كەلمەسكە كەتتى، مەڭگۈلۈك چۈشكە ئايلىنىپ كەتتى. ئارىلىقتا تالاي ئىشلار يۈز بەردى. ئەگەر ئىمكانىيەت بولغان بولسا ھەممىنى باشتىن باشلاشنى، مۇھىمى، پاكلىقتا، ھالاللىقتا قايتىۋېلىشنى بەكمۇ خالايتتىم. لېكىن، مەن ھازىر ھەممە ئىشنى قايتىدىن باشلاشقا، ھېچنېمىنى ئۆزگەرتىشكە قادىر ئەمەس...

مەن بارغانسېرى باشقىلارنى ئەمەس، ئۆزۈمنىمۇ چۈشەنمەيدىغان بولۇپ كېتىۋاتىمەن. ئويلىغان ئويۇم بىلەن قىلغان ئىشىم، ماڭغان يوللىرىم بىر ـ بىرىگە زادىلا ماس كەلمەيتتى. گويا قىلغان خىياللىرىم يۈرىكىمگە، پۇت ـ قولۇم كۆڭۈل خاھىشىمغا بويسۇنماس بولۇپ كېتىۋاتقاندەك... شۇ تاپتا ئەندىشە، ھاياجان،

ئاللىقانداق ئىنتىلىش، خام تامالار بىلەن تولغان يولدا خاتا قىلىۋاتقانلىقىمنى، بەكمۇ خاتا قىلىۋاتقانلىقىمنى بىلىپ تۇرۇپ شۇ يولدا مېڭىۋاتىمەن...

— سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، بۇنىڭدىن كېيىن كۆرۈشمەيلى.

— ھەر قېتىم كۆرۈشكەندە شۇنداق دەيسىز، ماڭا دەيدىغان ياخشىراق گېپىڭىز يوقمۇ زادى؟

— ھەر ئىككىمىزنىڭ ئائىلىسى بار، خۇدا بىزنى جازالاپ ھامان بىر كۈنى يامان ئاقىۋەتكە قالدۇرىدۇ...

— ئۇنداقمۇ بولۇپ كەتمەس، سىز دېگەندەك خۇدا ھەقىقەتەن بىزنى جازالىسا، سىز ئۈچۈن مەن ھەممە جازانى قوبۇل قىلىشقا رازى.

— خۇدا بىزگە جازا ھۆكۈم قىلغاندا يېنىمىزغا كېلىپ مەسلىھەت سورىماس ھەرقاچان، سىلەرنى جازالىماقچىدىم، سەن جازانىڭ قانچە ئۇلۇشىنى ئالىسەن دەپ...

— يائاللا، مۇشۇ چىرايلىق ئاغزىڭىزدىن چىرايلىق ئۇنچىلەر تۆكۈلسە نېمە بولار. يۈرىكىم شادلىقتىن يېرىلىپ كېتەرمىدى. ئادەمنى يا كۈلۈشنى، يا يىغلاشنى بىلەلمەس قىلىۋېتىسىز، جۇمۇ. مەيلى، سىزنىڭ كۆڭلىڭىز خۇش بولىدىغانلا ئىش بولسا، قانچىلىك تىللىۋالغۇڭىز كەلسە تىللىۋېلىڭ، ئۇرۇۋالسىڭىزمۇ تۇرۇپ بېرەي.

— بىز ئاخىر ۋەيران بولىمىز، كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىدۇ.

— مەيلى، قانداق كۈنلەر كەلسە، جېنىم تېنىمدىلا بولىدىكەن، مەن سىزنى جان تىكىپ قوغدايمەن. خاتىرجەم بولۇڭ، مەن دېگەن ئەر كىشى.

ئەرلەر ۋەدە بېرىشكە نېمىدېگەن ئۇستا، بولۇپمۇ «خاتىرجەم بولۇڭ» دېيىشكە نېمىدېگەن ئامراق... مۇشۇنداق ياشاپمۇ، پاتقاقتا بېشىمىزچىلاپ پېتىپمۇ خاتىرجەم بولغىلى بولامتىمۇ؟...

مەن باللىقىمدا شۇنچىلىك قورقۇنچاق ئىدىم. توخۇ پېيى، ھاشارات، ھەتتا قۇرت - قوڭغۇزلاردىنمۇ قورقاتتىم. كېيىن چوڭ بولغانسېرى ئۆيدە يالغۇز قېلىشتىن، كېچىدە سىرتقا چىقىشتىن، ناتونۇش كىشىلەر بىلەن پاراڭلىشىشتىن، قىسقىسى، نۇرغۇن - نۇرغۇن نەرسىلەردىن قورقۇپ ياشايتتىم. ئەمما، ئۇ قورقۇشلار بۇ كۈنلەردىكى قورقۇشقا ياماقمۇ بولالمايدۇ.

ئازغۇن تۈيغۇ... يولدىن ئاداشقان بىر ئايال... يولدىن ئاداشقان بىر ئەر...

— بىز بىر - بىرىمىزگە مەنسۇپ ئەمەس.

— ئەمدى بىر - بىرىمىزگە مەنسۇپ بولايلى، كېيىنكى ئۆمرىمىزنى بىللە ئۆتكۈزەيلى. تېزرەك بىر قارارغا كېلىڭ، مەن كۈتۈۋاتىمەن.

— مەن ئۇنداق قىلالمايمەن...

— ئەمىسە مۇشۇنداق ئاشىق - مەشۇق بولۇشۇپ ئۆتۈۋېرەيلى...

— بۇنداق كېتىۋەرسەك بىزنى كۆرۈپ قالىدىغانلار، سۆز - چۆچەك تارقىتىدىغانلار چوقۇم چىقىدۇ. مەڭگۈ يۇيۇپ چىقارغىلى بولمايدىغان ئاھانەتكە، سەتچىلىككە قالىمىز. ئۇ چاغدا نە ئات، نە نومۇس... قىلمىشلىرىمىز خاتا بولسىمۇ، باشقىلارنىڭ مەسخىرىسىگە قالمايلى. يۈزىمىزدىكى قارا لاي ئەتراپىمىزدىكى يېقىنلىرىمىزغا سۈركەلمىسۇن...

— ھەممە نەرسىدىن، ھەممە ئادەمدىن ۋايىم يەپلا ياشىغۇلۇقمۇ؟ ئادەم ئۆز ئارزۇسى، ئۆز خاھىشى بويىچە ياشاپ ئۆتۈشى كېرەك.

— ھېلىمۇ يولۇۋاسنىڭ يۈرىكىنى يەۋالغاندەك ئىش قىلدۇق.

— ئىشقىلىپ، مەن سىزنى قويۇۋەتمەيمەن....

ئۇنىڭ يېنىدىن چىقىپلا خۇشاللىقىم تۇتۇندەك تارقاپ كەتتى. يەنە ئارىسالدىلىق ئىچىدە قالدىم. «ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ كېتەي، خۇدا كۆڭلۈمگە ئىنساب بەرگىن. ھېچنېمە بەرمىسەڭمۇ مەيلى، ھالال ياشايدىغان قەلب، ھالاللىقنى قەدىرلەيدىغان يۈرەك، يەنە چىدام - غەيرەت ئاتا قىلغىن! ئۇمىدسىزلىكلىرىمنى يېڭەي، كېيىنكى ئۆمرۈمنى گۇناھىمنى يۇيۇش، روھىم ۋە جىسمىمنى پاكلاش بىلەن ئۆتكۈزەي!»

ئۆز - ئۆزۈمدىن قاتتىق ئاغرىنغاندەك ئېغىر خورسىندىم، باشلىرىمنى چايقىدىم. ئازغۇنلۇقتا ئۆتكەن بۇ تۇرمۇش مېنىڭ قەلبىمنى، يۈرىكىمنى ياشارتمىدى، ئەكسىچە مېنى گاڭگىرىتىپ، تەمتىرىتىپ قويدى. يەنە بىر مەزگىل مۇشۇ پېتى ماڭسام نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالمايدىغان دەرىجىدە پاتقاققا تېخىمۇ پېتىپ كېتىمەن...

مەن ئايال كىشىنىڭ بەرداشلىق بېرىش كۈچىنىڭ زادى قانچىلىك بولىدىغانلىقىنى، يۈرىكىنىڭ يەنە قانچىغىچە بەرداشلىق بېرىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. ھازىر يۈرىكىم تولا سالىدىغان، ئاسان چۆچۈيدىغان، بەزىدە قويىغان - تۇتقىنىمنى بىلمەيدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتىم. تۈنۈگۈن ئۆيىنىڭ ئاچقۇچىنى تاپالماي ئۈستىلىمنى

ئۆرۈپ ـ چۆرۈۋەتتىم. چۈشتە ئۆيگىمۇ قايتالمىدىم. بۈگۈن بولسا تېخى تۈنۈگۈنلا ماگىزىندىن سېتىۋالغان، ئاتايىن تايىنلىق يەرگە تىقىپ قويغان پوپايكامنى تاپالماي ھەممە كىيىم ئىشكاپلىرىمنى ئوڭتەي ـ توڭتەي قىلىۋەتتىم. ئۆينىڭ ئىچىدىلا ئەمەس، ئىشخانىدىمۇ ئىزدەيدىغان نەرسىلىرىم كۆپ بولۇپ كېتىۋاتاتتى. بوش ۋاقتىمنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يوقاتقان نەرسىلىرىمنى ئىزدەش بىلەن ئۆتەتتى. ھېلى سۆزۈمدىن ئازسام، ھېلى ئىشىمدىن ئازاتتىم.

يامغۇر توختىماي يېغىۋاتاتتى. بەزىدە ئاستا، بەزىدە ئىتتىك، خۇددى مېنىڭ تىزگىنلىيەلمەيۋاتقان روھىي ھالىتىمدەك. ئۆينىڭ ئىچى ئانچە ئىسسىق بولمىسىمۇ، ئىچىم سىقىلىپ پات ـ پاتلا دېرىزىنى ئېچىپ قويىمەن. لېكىن، شامالداپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىپ يەنە ياپىمەن. ئاپامنىڭ قېرىغاندا باشلانغان ئەنسىزچىلىك كېسىلى ماڭا ھازىرلا چاپلاشتى. ئىشىكنىڭ قاتتىق قىراق چېكىلىشىدىن، ئاۋازلىق چۈشكۈرۈكتىن، تېلېفوننىڭ جىرىڭلىشىدىن، ئۈنلۈكرەك باشلانغان مۇنازىرىدىن، ئاپتوموبىللارنىڭ سىگنالىدىن، بەزىدە ھەتتا تېلېۋىزوردا چىققان كۆرۈنۈشلەردىنمۇ ئەندىكىپ، قورقۇپ تىترەپ كېتىمەن.

ئاخشىمى ئۇخلاش ئۈچۈن ياتقىنىمدا، «تۇيۇقسىز يەر تەۋرەپ تورۇس ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، باللىرىمنى بېسىۋالارمۇ؟» دەپ تۈن تەڭگىچە غەم قىلسام؛ تاكسىغا چىققاندا، «رول شوپۇرنىڭ قولىدىن چىقىپ كېتىپ قالارمۇ؟ ئايلانمىدىن چىققان تاكسىدىن ئۆزىنى قاچۇرىمەن دەپ ئىستولبىغا سوقۇلۇپ كېتەرمۇ؟» دەپ

ئەندىشە قىلىمەن. دائىم چۈشىنىپ بولمايدىغان ئەنسىزچىلىك ئىچىدە قاپىقىم تارتىپ، چۈشۈم بۇزۇلۇپ تۇرىدۇ. چۈشۈمدە كۆلۈپ ياتقان بالىلىرىمنى يۇيۇپ ـ تاراپ كىيىنلەپ چىقىمەن. بەزىدە كۆزلىرىمدىن ئاققان ياشلار ياستۇقلىرىمنى ھۆلدەپ ھەسرەتلىك بىر ئىسەدەشتىن ياكى بالىلىرىمنىڭ چاقىرىشىدىن ئىسىمگە كېلىپ چۆچۈپ ئويغىنىمەن. نېرۋىلىرىم تىنچلانغاندا: «بۇ خىل ھالەت داۋاملىشىۋېرىپ ساراڭ بولۇپ قالارمەنمۇ؟» دەپ غەم قىلىمەن.

بىر كۈنى قايسىبىر ژۇرنالنى ۋاراقلاۋېتىپ «ئامېرىكىدا ئۈچىنچى شەخس جازالاندى» دېگەن ماقالىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ئىچىم بىردىنلا ئاچچىق بولدى. يۈرىكىم ئەنسىز سوقۇپ، تىترەپ كېتىۋاتقىنىمغا قارىماي، ماقالىنى قىزىقىش ئىچىدە تېزلىك بىلەن ئوقۇپ تۈگەتتىم. ئۇنىڭدىكى «نىكاھ خۇدانىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان ئەڭ ئېسىل سوۋغىتى، بۇ سوۋغاتقا باشقىلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىشى تولىمۇ قاملاشمىغان ئىش» دېگەن قۇرلار مېنى چەكسىز ئازابلىدى. گال پىچاقتا بوغۇزلىغاندەك ئەلەملىك تولغىنىپ كەتتىم. نەچچە سائەت مۈردىدەك قېتىپ ئولتۇرغىنىمنى بىلمەيمەن.

ئىزا، خورلۇق، ئاھانەت، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقاندىن بېرى كۆرۈۋاتقان كۈنلىرىم... خالاپ ـ خالىماي ئېلىۋاتقان «روللىرىم» مېنى چەكسىز خىجىللىقتا، ئازابقا پاتقۇزماقتا... ئالدىمدا ھېچكىم بولمىسىمۇ بېشىمنى كۆتۈرگۈدەك، ئەتراپقا قارىغۇدەك جاسارەت مەندە يوق... قەلبىم يەنە بىر قېتىم قاتتىق ئازار

يىگەندى. يۈرىكىمنى غەلىتىلا، ئاچچىق بىرنەرسە توختىماي كولاپ يەۋاتاتتى...

مەن كۆچۈمنىڭ بارىچە ئۇلۇغلىغان، پەردازلاپ كۆرسەتكەن، ئۇنى ئەرمەك قىلىش ئارقىلىق ئۆزۈمگە تەسەللىي، خۇشاللىق تېپىشنى ئويلىغان مۇھەببەت، شەرم ـ هايا، ئىپپەت ـ نومۇس بىلەن ئوينىشىپ ئۆتكۈزگەن ئاشۇ كېچىلەر...

باشقىلارنىڭ ئېرى، باشقىلارنىڭ خوتۇنى ــ مۇشۇ سۆزنىڭ ئۆزىلا مېنىڭ ئويلىنىشىمنى، ھەرقانداق قەدەمنى يۇختا بېسىشىمنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدىغان مۇزدەك قىلىچنىڭ بىسى، شەپقەتسىز، زەھەرلىك يىلاننىڭ ئۆزى ئەمەسمىدى؟

ئۇنىڭ بىلەن روھىمىز، جىسمىمىز يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن، ئەڭ شېرىن، ئەڭ بەختىيار، ئەڭ كۆڭۈللۈك مىنۇتلاردىمۇ ئىككىمىزنىڭ باشقا ـ باشقا ئىككى ئائىلىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇمىغانىدىم. يېنىدا تۇرسام ئىزتىراپقا چۆكىدىغان، يېنىدىن ئايرىلسام ئاجايىپ كۆرگۈم كېلىدىغان بۇ ئەردىن قۇتۇلۇپ كېتىشتىن باشقىنى ئويلىمايتتىم... ئۇ ئاچچىقىم كەلگەندە قانغۇچە تىللاپ ئىچىمنى بوشىتىۋالىدىغان، تەقدىرنى ئۆزگەرتىش قولىدىن كەلمەيدىغان، پەقەت ئۆزى چىن يۈرىكىدىن سۆيگەن ئايالىنىڭ ھەسرەتلىنىپلا ياشىماسلىقى، پۇشايمان قىلىپلا ئۆتمەسلىكى ئۈچۈن ئاز ـ تولا قۇربانلىق بەرگەن «بىچارە» ئەر ئىدى.

كىشىگە ئاۋارىچىلىك، ئەڭ مۇھىمى سەتچىلىك، رەسۋاچىلىق ئېلىپ كېلىدىغان، خۇشاللىقتىن خاپىلىقى، كۈلكىسىدىن يىغىسى، لەززىتىدىن ئازابى

زىيادە ئارتىپ كېتىدىغان بۇ خىل مۇناسىۋەتنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ ئۆزى ئەڭ چوڭ ئەقىلسىزلىق ئىدى. مەيلى قانداق شىكايەتلەرنى قىلىشىمدىن، قانداق كېلىشمەسلىكلەرنىڭ يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭدىن كېچىش، بۇ بىچارە سەۋدالىقنى، بۇ بىچارە سۆيگۈمنى قاراڭغۇ لەھەتكە دەپنە قىلىۋېتىش ئالدىدا تۇرۇۋاتاتتىم. ئەمەلىيەتتە، ماڭا مېڭىشقا، تاللاشقا بۇنىڭدىن باشقا يول يوق، ئۇنىڭغا نىسبەتەن تېخىمۇ شۇنداق...

ئاچچىق يۇتۇپ يۈرگىنىمگە توپتوغرا ئۈچ كۈن بوپتۇ. نىمىشقىدۇر ھېسسىياتىم ئەقلىمنى كونترول قىلىۋېلىپ، ئازابلىق، ئىزتىراپلىق خىياللار ئىچىدىن ئۆزۈمنى تارتىپ چىقالمايۋاتاتتىم. قانداقتۇر غايىبانە، سىرلىق بىر كۈچ ۋۇجۇدۇمدىكى خۇشاللىقنى يۇلۇپ ئېلىپ كەتكەندەك... ئۇنى، ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكەن كۈننى ئۇنتۇشقا تىرىشىۋاتاتتىم. گەرچە ئۇنتۇش شۇنچىلىك تەس، بەسى مۇشكۈل بولسىمۇ... ئۆتمۈشۈمدىن ئېچىنىش، كەلگۈسۈمگە بولغان ئۈمىدۋارلىقنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قەلبىمدە ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سېلىپ دولقۇندەك مەۋج ئۇرىدىغان قىزغىنلىقلاردىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى.

نەچچە قېتىملىق ئايرىلىش، نەچچە قېتىملىق ئەپلىشىشلەردىن كېيىن ئەمدى ئارقىمىزغا يانماسلىق قارارىغا كەلگەنىدۇق. چۈنكى، ھېسسىيات جەھەتتىن نەچچە قېتىم خوشلىشىپ بولغان، يۈرەكلىرىمىز نەچچە رەت زىدە بولغان، بارا ـ بارا ئايرىلىشنىڭ ئازابىغا

كۆڭۈپمۇ قالغانىدۇق. ئاخىر بىراقلا خۇشلاشتۇق، ئۇ كەتتى، مەن قالدىم...

※ ※ ※

بۈگۈن ۋاقىچە ئورنۇمدىن تۇردۇم. ھېچنېمە ــ ھېچنېمىنى سەزمىگەن ھالدا ئۇخلاپتىمەن. نەچچە كۈنلۈك ھايات ــ ماماتلىق ئېلىشىشتىن كېيىن ئاغرىق توختىتىش، مەست قىلىش، ياللۇغ قايتۇرۇش دورىلىرى ئاستا، بەكمۇ ئاستا تەسىر كۆرسەتكەن. ئاغرىق، بىھوشلۇق، يەنە ئاغرىق دەستىدىن كۆزلىرىم يۇمۇلغانىدى. كېيىن تالاي ــ تالاي چۈشلەرنى كۆردۈم. چۈشلىرىم قالايمىقان، ئوي ــ پىكىرلىرىم چىگىچ، ئەتراپىم تامامەن كۆڭۈلسىزلىكلەرگە تولغانىدى. پات ــ پاتلا چۈشلىرىمدىن «قىزلىرىم»نىڭ تۇرتۇشى، چاقىرىشى بىلەن ئويغانغىنىمدا، پۈتۈن ئەزايىمنىڭ قارا تەرگە چۆمۈپ كەتكەنلىكىنى، بېشىمنىڭ باشقا ۋاقىتتىن نەچچە ھەسسە ئېغىر، تەنلىرىمنىڭ نەچچە ھەسسە ھالسىز ۋە بوشاشقان زەئىپ ھالەتتە تۇرغانلىقىنى سېزەتتىم. «قىزلىرىم» نېمىشقا ئوغۇل بالىدەك ياسىنىۋالغاندۇ؟ ئۇلارنىڭ قۇندۇزدەك چاچلىرى نەگە كەتكەندۇ؟... ئۇلار نېمىشقا بىر قارىسا ئوغۇلدەك، بىر قارىسا قىزدەك كۆرۈنىدىغاندۇ؟...

— ئاپا، جېنىم ئاپا، ئادەمنى قورقۇتمىغىنا، بەك كۆپ سۆزلەپ كەتتىڭ، ئۇكام ئىككىمىز قورقۇپ كەتتۇق...

كۆرگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى بىر قاباھەتلىك چۈش ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەندىن كېيىن يېنىك

كۇلۇمسىرىدىم. خۇددى ئىلگىرىكىدەك ئۆز ـ ئۆزۈمگە: «بۇ قېتىم كېسەلدىن ئۆرە بولسام ھېچ نەرسىدىن، ھېچكىمدىن ئاغرىنمايمەن. ھاياتقا، تۇرمۇشقا، كىشىلەرگە ئارتۇق تەلەپ قويمايمەن. ئاستا ئولتۇرۇپ، ئاستا قوپىمەن. ھەممىنى ئۇنتۇيمەن» دەپ ۋەدە بەردىم ۋە يەنە ئۇيقۇغا كەتتىم.

قانچە كۈنلەپ مۇشۇنداق ياتقىنىمنى، قاچانلاردىن باشلاپ ئۇخلاۋاتقىنىمنى ئويلىسام كۆڭلۈم بەكمۇ يېرىم بولىدۇ. كېسەل ئازابىنى يەتكۈچە تارتقىنىمغا قارىماي مەن تېخىچە ھايات. ھايات قېلىشىنىڭ ئۆزى چوڭ غەلىبە. ئۆلۈمنى خىيالىغا كەلتۈرمەي بەخىرامان ياشاۋاتقان، بىرەر ئېغىر كېسەل بىلەن ئاغرىماي، نە بېشارەت بەرمەي، ھەتتا ئۆزىمۇ سەزمەي تىنىقتىن قېلىۋاتقان ئادەملەرگە سېلىشتۇرغاندا مەن بەكمۇ بەختلىك. شۇنچە يىل كېسەل تارتىپمۇ، ئەزرائىل بىلەن سانسىز قېتىم ئېلىشىپمۇ تېخىچە ھايات يۈرۈپتىمەن. مەيلى قانچىلىك قۇربان بېرىشىمدىن قەتئىينەزەر، مەن بۇ ھاياتنى سۆيىمەن.

ئەينەكنى ئېلىپ چىرايىمغا قارىدىم. خۇددى ئەزرائىلنىڭ سۈر ـ ھەيۋىسى بەدىنىمدىكى بارلىق كۈچ ـ قۇۋۋەتنى ۋە ھاياتىي كۈچىنى ئاز ـ ئازدىن ئېلىپ كېتىۋاتقاندەك، چىرايىم سامانىدەك سارغىيىپ، كۆزلىرىمدىكى ئوتلۇق نۇرلار خىرەلەشكەن، ئەينەك تۇتقان قوللىرىممۇ شامال سوققان قورايدەك تىترەپ تۇراتتى. مۇشۇ زەئىپ ھالىتىمدىمۇ ۋۇجۇدۇمدا توسۇغسىلى بولمايدىغان بىر جاسارەت، كۈچلۈك بىر ئىسيانكارلىق مەۋج ئۇرۇپ تۇراتتى. كىملەر بىلەندۇر

قارشىلاشقۇم، كىملەرگىدۇر بار ئاۋازىم بىلەن ۋارقىرىغۇم كېلەتتى.

— ياق، مېنىڭ ياشىغۇم بار. مەن ياشاشنى خالايمەن...

ئىشلار بىردىنلا قالايمىقانلىشىپ كەتتى. يۈز بەرگەن سەتچىلىكلەرنىڭ قايسىسى ئالدىدا، قايسىسى كەينىدە، قايسىسى ئوتتۇرىدا يۈز بەرگەنلىكىنى بىلەلمەيلا قالدىم. ئەسلىدە بىر ئوبدان كېتىۋاتقان ئىش بىراقلا بۇزۇلدى. ھەممىگە ئاشۇ بالا، قورسىقىمدىكى ئاشۇ بالا سەۋەب بولدى. بىز خېلى بۇرۇنلا ئايرىلىپ كەتكەن، قايتا كۆرۈشمىگەندۇق. كېيىن بىردىنلا بويۇمدا قالغانلىقىنى بىلدىم. گەرچە نىكاھىمىز قوشۇلمىغان بولسىمۇ، بالا ئىككىمىزنىڭ ئىدى. شۇڭا، ئوپېراتسىيە كارىۋىتىغا چىقىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈۋالغۇم، مۇڭدىشىۋالغۇم كەلدى. ئېھتىمال، ئاياللارغا خاس تۇغما ئاجىزلىق بىلەن كۆيۈنۈشكە، تەسەللىگە موھتاج بولغاندىمەن. نېمىشقا شۇنداق قىلغانلىقىمنى بىلمەيمەن. ئۇ كەلدى، ئۇنى كۆرۈپلا يۈرىكىمگە قايتىدىن ئوت تۇتاشتى. نېمىشقىدۇر ھاراق ئىچكۈم كېلىۋاتاتتى. ئەر ئىككىلىنىپ، كېيىن ئۇندىمەستىن قىزىل ھاراق بۇيرۇتتى. مەن ئۇنىڭ توسۇغىنىغا قارىماي قانغۇچە ئىچتىم. بىز سەللا دىققەت قىلمىساق، ئارىمىزدىكى ئامراقلىقلار، يېقىنلىقلار قايتىدىن باشلىنىپ كېتىدىغاندەك، ئاقىۋىتى بەربىر ئايرىلىش بولغان بۇ خىل مۇناسىۋەت بىزنى قايتىدىن سورۇقچىلىققا سالىدىغاندەك، ئېزىلگەن، مۇڭلانغان ھالدا سۆزلەشتۇق. كېيىن بىردىنلا شارقىراپ يامغۇر قۇيۇۋەتتى... يامغۇر

تامچىلىرى دىرىزە تەكچىلىرىگە ئەمەس، يۈرىكىمگە ئۇرۇلۇۋاتقاندەك كۆزلىرىمدىن ياش ئەگىيتتى. ئايال بولۇپ قالغىنىمدىن بەكمۇ ئۆكۈنەتتىم. ئۇنىڭ ئۆيگە قايتىش ھەققىدىكى نەسىھەتىگە قۇلاق سالماي ئولتۇرۇۋەردىم. تېنىمدا ئۇنىڭ بالىسى بار، ئەتە مەن ئۇنى تۆرەلمە ھالىتىدىلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتىمەن، ئاندىن مەن ئۆز بالامنىڭ قاتىلىغا ئايلىنىمەن. مەن گۇناھكار، ئەرمۇ گۇناھكار، لېكىن بالىمىز بولسا گۇناھسىز ئىدى... كېيىن نېمە ئىشلار يۈز بەردى، بىلمەيلا قالدىم. ئۆزۈمنى دوختۇرخانىنىڭ ئاپپاق كىرلىكىدە كۆردۈم. مەندە شۇنداق بىر مىجەز بار. قىيىنچىلىقتا، خاپىلىقتا، كېسەلگە دۇچار بولسام ئاجايىپ قەيسەرلىشىپ كېتىمەن. كۆز ئالدىمدىكى ئۆتكەلدىن تىنچ ـ ئامان ئۆتۈش ئۈچۈن بەكمۇ تەمكىن، چىداملىق بولۇۋالىمەن. ئەمما، ئىزا تارتىپ كەتسەم ئاغرىپ قالىدىغان خۇيۇم بار ئىدى. بەلكىم بىرەر ئىشتىن خىجىل بولۇپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغاندىمەن...

يۆتىلىرىمنى تۇتۇپ، تىترەك ئاۋازدا ئەھۋال سوراۋاتقان كىشىگە زەن سېلىپ قارىدىم. «بۇ كىم؟ تونۇشلا چىراي، ئىلشات! ھە، ئېسىمگە كەلدى. ئۇ مېنىڭ ئوغلۇم. باللارنىڭ كىچىكى» ئۇ تۇغۇلغاندا قانچىلىك خۇشال بولغانلىقىمنى تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن. لېكىن، بۇ بىرقانچە يىلدىن بۇيان ئۇنىڭ زادى قانداق ئادەم بولۇپ قالغانلىقىنى، زادى نېمىلەرنى ئويلايدىغانلىقىنى ئەسلا بىلەلمىدىم. پەقەت بىلگىنىم، ئۇنىڭ توي قىلىپ ھەپتە ئۆتمەي سۆرەتتەك ئايالىنى يالغۇز تاشلاپ قويۇپ، سىرتلاردا قونۇپ يۈرگىنى...

غەلىتە ئىش، زادىلا ئەقلىم يەتمەيدۇ. ئەسلىدە مەن قىز تۇغقانىدىم. بۇلار چاچلىرىنى ياسىتىپلا ئوغۇلغا ئۆزگىرىۋاپتۇ. كېيىنىشلىرىدىن تارتىپ ئاۋازلىرىغىچە ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ... بۇرۇن قۇرۇقلۇقتا ياشايتتىم. ھازىر خۇددى بېلىقلاردەك سۇ ئىچىدە ياشايدىغان بولۇپ قالدىم... بىزنىڭ بۇ يۇرتتا ئىلگىرى يامغۇر ئاز ياغاتتى. ھازىر بەك كۆپ ياغىدۇ. ئاسمان، كۈندە دېگۈدەك يېغىۋاتىدۇ دېسەكمۇ بولىدۇ. يامغۇر تامچىسى يا ئۆيۈمنىڭ تورۇسىدىن تامچىلاپ چۈشىدۇ، يا بولمىسا ئۇدۇل تامنى بويلاپ سىرغىپ چۈشىدۇ، ئاندىن بىردەمدىلا شىددەتلىك ئېقىنغا ياكى قىيانغا ئايلىنىپ مېنى قوغلايدۇ. مەن قاتتىق قورقۇنچ، ئەنسىزلىك ئىچىدە يۈگۈرىمەن. كېيىن ئاللىقانداق نەرسىگە پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشىمەن. شىددەتلىك ئېقىن مېنى سۆرەپ نەلەرگىدۇر ئاپىرىپ ئىرغىتىپ تاشلايدۇ. جېنىمنى ئېلىپ جاڭگالدا قوغلىدۇ. مەن يامغۇر تامچىسىدىن، يامغۇر ياغقان كېچىدىن ئۆلگۈدەك قورقىمەن.

ئەمەلىيەتتە، مېنىڭ ھېچ نەرسەم يوق، ئۇرۇق – تۇغقىنىم، مال – مۈلكۈم، خىزمىتىم يوق نامرات بېتىمەن... شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇلاردىن قېچىپ قۇتۇلالمايمەن... مەن نېمىشقا مۇشۇ كۈننى كۆرىمەن؟ قايسى گۇناھىم ئۈچۈن بۇنچىلا جازالىنىمەن؟

مېنى كۆرۈپلا پاڭگىدە يىغلىۋەتكەن مۇنۇ سالاپەتلىك بوۋاي كىمدۇر؟ ئۇ نېمىشقا كىچىك بالىدەك يىغلاپ بۇرىدىغاندۇ؟... ئۇمۇ بالىسىنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرگەنمىدۇ؟ ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش ئۆزى ياخشى

كۆرگەن، بارلىقىنى ئاتىغان كىشىلىرى تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەنمىدۇ؟...

ــ قىزىم، قەدرىيە، مېنى راستىنىلا تونۇمايۋاتامسەن؟

ــ سىز كىم؟ قەدرىيە دېگەن كىم ئۇ؟

ــ ئېيتقىنا بالام، زادى قەيېرىڭ ئاغرىۋاتىدۇ؟

ــ ھېچ يېرىم ئاغرىمىدى، سىز كىم؟

ــ مەن سېنىڭ داداڭ، بالام؟

ــ......

مەن دادامنى بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن. دادامنى ياخشى كۆرگەچكە، دادام دېمەتلىك ئەرلەرنىڭ ھەممىسى كۆزۈمگە ئاجايىپ ئىسسىق، ئاجايىپ مېھرىلىك كۆرۈنىدۇ. ھازىر مېنىڭ دادام يوق. مەن ئۇنى يامغۇرلۇق كېچىدە ئۇشتۇمتۇت يوقىتىپ قويغان. مېنىڭ دادام بەكمۇ ئېسىل ئادەم ئىدى. بىراق، ئۇ مېنى تاشلاپ كەتتى. شۇ كېچىدىكى مۇدھىش يامغۇر يۈرەكلىرى بىر ــ بىرىگە چەمبەرچاس باغلانغان ئاتا ــ بالىنى ئايرىۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى كۆرمىدىم، زادىلا كۆرمىدىم...

دۇنيادىكى قىزلارنىڭ ھەممىسى دادىسىغا ئامراق بولامدىكىن، ئۇنى چىن ئىخلاسى بىلەن ھۆرمەتلەمدىكىن دەيمەن. بىر قېتىم دادام ئۇشتۇمتۇت ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. نەچچە سائەتلەپ ھوشىغا كەلمىدى. مەن ئەس ــ ھوشۇمنى يوقاتقان ھالدا ئۇنىڭ مۇزدەك پۇتلىرىنى قۇچاقلاپ تۆكۈلۈپ ــ تۆكۈلۈپ يىغلىدىم. كۆزۈمگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمىدى. ئون نەچچە سائەت بىرەر ئوتلام سۇمۇ ئىچمىدىم. كېيىن دادامنىڭ يۈرەك سوقۇشى ئەسلىگە كەلدى. ئۇنىڭ لەۋلىرى، چىرايلىرى

تامامەن كۆكىرىپ كەتكەندى. شۇنداقتىمۇ كۆزىنى ئېچىپ بېشىدا قاراپ تۇرغانلارغا:

— پۇت - قوللىرىم مۇزلاپ كېتىۋىدى، قەدرىيە قوينىغا تىقىپ ئىسسىتىپ قويغاندىن كېيىن ئاندىن ساقايدىم، — دېدى.

ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى يىغا - زار قىلىشتى. مانا بۇنى مۇھەببەت — ھەقىقىي يىمىرىلمەس مۇھەببەت دەيمىز. شۇ كۈنى دادام ئاغرىپ قېلىۋىدى، نېمىشقىدۇر ماڭا ئايمۇ خىرەلىشىپ كەتكەندەك، يۇلتۇزلارمۇ بىردىنلا يارقىنلىقىنى يوقاتقاندەك بىلىندى...

بىراق، مەن بىردىنلا دادامغا ئۆچ بولۇپ كەتتىم. مەن ئۆزۈمنى خېلىلا ئەركىن - ئازادە مۇھىتتا چوڭ بولدۇم دەپ ئويلايتتىم. لېكىن مېنىڭ ئەركىنلىكىم ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقىدىغان، ئادەمنى خورلايدىغان ئەركىنلىك ئىكەن. ئاتا - ئانامنىڭ ھەددىدىن زىيادە كەڭ قورساقلىقى، ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىن پەرزەنتلىرىنى زورمۇزور بېسىپ، كېلىن - كۈيئوغۇللارنىڭ ئالدىدا تولىمۇ ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن بىزنى قىسماققا ئېلىشلىرى باشقىلارنىڭ خورىكىنى ئۆستۈرۈپ، بىزنى تەبىئىي ھالدا ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى. دادام - ئانىلار مېنى چۈشەنمەس، ھالىمغا يەتمەس بولۇۋالدى. توي قىلىپ بالىلىق بولغاندىن كېيىن، ئۇلار مېنىڭ دەردىمگە قۇلاق سېلىشمىدى. ھە دېسىلا كۈيئوغلىغا يان بېسىپ، مېنى ئەيىبلەپلا كەلدى...

ئۇلار مېنى پەشتاقتىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئاغرىپ قالدىڭ دەيدۇ. ئەمما، مەن بۇ گەپلەرگە ھەرگىز ئىشەنمەيمەن. مەن يا كىچىك بالا بولمىسام، يا يۈگۈرۈپ

ئوينىمىسام، قانداقلارچە يىقىلىپ چۈشىمەن. مەن بەلكىم ئىزادىن ئاغرىپ قالدىم، چوقۇم شۇنداق، مەن چوقۇم ئاشۇ يامغۇر ياغقان كېچىدىن خىجىل بولۇپ ئاغرىپ قالدىم...

شۇ كېچىدىكى يامغۇر ئۆيۈمنىڭ دېرىزىلىرىگە ئەمەس، بەلكى مېنىڭ يۈرىكىمگە تاراسلاپ ئۇرۇلغان. جىسمىمدا، قەلبىمدە مەڭگۈ قۇرۇماس نەملىك قالدۇرۇپ كەتكەندى. بولمىسا، نېمىشقا داۋاملىق مۆزدەك ھاۋانىڭ، مۆزدەك سۇنىڭ ئىچىدىلا ياشايمەن؟... مانا دېمىدىمۇ، ھاۋا بىر ئوبدانلا تۇرۇۋېدى، بىردىنلا چاقماق چېقىپ يامغۇر شارقىراپ قۇيۇۋەتتى. مەن يېرىلىپ كېتەي دەۋاتقان بېشىمنى چاڭگاللاپ ئەلەم بىلەن يىغلىۋەتتىم:

ــ يوقال، يوقال، مەن سەندىن نەپرەتلىنىمەن، مەڭگۈ نەپرەتلىنىمەن...

كاللام قاپاقتەك ئىششىغان، سەللا قاتتىق ھەرىكەت قىلسام مېڭىلىرىم چىڭقىلىپ، بېشىم ھازىرلا پارتلاپ كېتىدىغاندەك بىر خىل سېزىم پۈتكۈل ۋۇجۇدۇمنى ئەسىر قىلىۋالغانىدى. سائەتلەپ ـ سائەتلەپ، بەزىدە ھەتتا پۈتۈن كۈن دېگۈدەك مىدىرلىماي ئولتۇرۇپ كەتكىنىمدىن ئىچى پۇشقان «قىزلىرىم» ھە دېسىلا كۆزۈمگە كىرىۋېلىپ:

ــ ئاپا، مۇنۇ كۆرپىدە بىردەم ئولتۇرغىن. يېتىۋالساڭ تېخى ياخشى. بۇنداق قاتتىق يەردە ئولتۇرۇش سالامەتلىككە زىيانلىق، ــ دەپ نەسىھەت قىلىشىدۇ. ئۆزۈمگە ئايان، بەزىدە شۇنداق مۇلايىم، رايىش بولۇپ قالىمەن. بەزىدە بولسا ئىچىم تىتىلداپ ئۆزۈمنى

قويدىغان يەر تاپالماي قالىمەن. ئۇلار مېنى زورلىغانسېرى مېنىڭ زەردەم قايناپدۇ، تىت ـ تىتلىقىم كۆچىيىدۇ. ئۇلارغا قاراپ:

ــ نېمىشقا مېنى ئارامىمدا قويمايسىلەر؟ سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلار، باشقا ئىشىڭلار يوقمۇ؟ تولا كۆزۈمگە كىرىۋالماي بالىلىرىڭلارنىڭ ئاش ـ تامىقىنى ئېتىپ ئۆيۈڭلاردا ئولتۇرۇڭلار. نېمىدېگەن تۈگىمەس غوۋغا بۇ! سىلەرنى بىر چىرايلىق چوڭ قىلدىم، ياخشى مەكتەپلەردە ئوقۇتتۇم، خىزمەتكە چىقاردىم، تويۇڭلارنى قىلدىم، يەنە تېخى بالىلىرىڭلارنى بېقىپ، ئاش ـ تامىقىڭلارنى ئەتتىم. نە خىزمەتتىن، نە ئەردىن تەلىيىڭلار كەلمىدى. ماڭىمۇ نېمە چارە؟ يا لاياقەتلىك ئەرنى بازاردا ساتمىسا، يا بۇيرۇتۇپ سوقتۇرغىلى بولمىسا... نېمە قىلىپ بېرەي ئەمدى؟ مېنى ئارامىمدا قويۇڭلار. مەن ئەمدى قېرىدىم، داداڭلارمۇ قېرىدى. خاپىلىق كۆتۈرگۈچىلىكىمىز، دەرد تارتقۇچىلىكىمىز قالمىدى، خۇشلۇقۇڭلار بولسا كۆتۈرۈپ كېلىڭلار. تەڭ بەھرىمەن بولايلى. ياش بولغاندىكىن خاپىلىقىڭلارنى ئۆزۈڭلار تارتىڭلار. ھەرقانداق ئىش ئۆتۈپ كېتىدۇ...ـــ دەپ قايناپ كېتىمەن.

بۇ گەپنى ئەسلىدە ئانام مەندەك ۋارقىرىماي، سىلىق ـ سىپايە ئاھاڭدا دەيدىغان. ھازىر ئانامنىڭ ئورنىغا مەن قالدىم. «قىزلىرىم»نىڭ نېمىشقىدۇر تۈگىمەس غەم ـ ئەندىشىگە تولغاندەك كۆرۈنىدىغان ئەنسىز، شۈبھىلىك كۆزلىرى بىردىنلا ياشلىنىپ، ئىككىسى ئىككى تەرەپكە غايىب بولغاندا، يېنىمدىكى ئەرنىڭ ياسالما مۇلايىملىق بىلەن ماڭا تەنبىھ بەرگەنلىكىنى ئاڭلايمەن:

— نېمانداق قالايمىقان سۆزلەيدىغانسەن، قەدرىيە، باللارغا نېمىشقا قاتتىق تېگىسەن؟ ئۇلار سەندىن ئەنسىرەپ ئوقۇشى ئوقۇش، تامىقى تاماق بولمايۋاتىدۇ. سائەتلەپ يېنىڭدا ئولتۇرسا بىر ئېغىزمۇ زۇۋان سۈرمەيسەن، نە ئەھۋال سوراپ قويمايسەن. قۇچاقلاپ قوياي دېسە مەيدىسىدىن ئىتتىرىۋېتىسەن. دوختۇرخانىدا ياتقۇزساق تېخى ئىچىڭ سىقىلسا، ئۆيگە ئەكەلسەك تېخى، ساياھەتكە ئاچىقايلى دېسەك، سەپەردىن قورقىمەن دەپ ئۇنىمايسەن. راستتىنلا ھەممە نەرسىگە شۇنچىلىك ئۆچ بولۇپ كەتتىڭمۇ؟ سەن خۇشال يۈرمىسەڭ بولمايدۇ، دوختۇرمۇ نۇرغۇن قېتىم تاپىلىدىغۇ؟

خۇشال يۈرۈشۈم كېرەكلىكىنى ئاڭلاپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتىم. ئىچ - ئىچىمدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان سەۋەبسىز بىر كۈلكە تۇپەيلى، كانايلىرىم چىڭقىلىپ، قورسىقىمغا ئاغرىقمۇ كىرىپ كەتتى. ھېلىمۇ ئېسىمدە، ئۇزاق يىللار بۇرۇن باشقىلار مەن توغرۇلۇق: «ھاكاۋۇردەك كۈرۈنگىنى بىلەن مىجەزى بەك ئوبدان، يولدا ماڭسىمۇ كۈلۈپ ماڭىدۇ» دېيىشەتتى. ئەمما، ئاردىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىنتاڭ، مەن كۈلۈشنى، خۇشاللىنىشنى ئۇنتۇپ قالدىم...

«زادى نېمە ئىش بولدى؟ باشقىلاردىن نېمە سەۋەنلىك ئۆتتى؟ مەندىنچۇ؟ مۇنۇ ئىككى ‹قىز›دىنچۇ؟» كۆپلىگەن ئىشلار ئېسىمدە يوق، زېھنىم ئۆتكۈرلىشىپ، كاللام بەك ئىشلەپ كەتكەن ۋاقىتلاردا كۆپلىگەن سوئاللارنى سورىسام، يېنىمدىكى ئەرمۇ، بالىلىرىمۇ نېمە دەۋاتقانلىقىمنى چۈشىنەلمەي، كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ

ماڭا قاراپلا قالىدۇ. ئۇلاردىن بىرەر جاۋاب ئالالمىغاندىن كېيىن بىردىنلا ئىچىم سىقىلىدۇ.

ــ ۋۇ گاچىلار، نېمىشقا سۆزۈمنى چۈشەنمەيسىلەر؟ ــ دەپ كۆزلىرىمنى چەكچەيتىمەن.

ــ ئاپا، سەن زادى كىمنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىسەن؟ بىزدەك ئوغۇللىرىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ ھە دېسە «قىزىم، قىزىم»لا دەيسەن.

ــ يوقىلىش، يىراق كېتىش، مېنىڭ ئەر كىشى بىلەن، ئوغۇل بالا بىلەن خۇشۇم يوق.

ئۇلار قىلچە خاپا بولماستىن كۈلۈپ كېتىپ، بىرلا گەپنى تەكرارلىشىدۇ:

ــ بۇ ئىشلار قانداقلارچە ئېسىڭگە كېلىپ قالغاندۇ، ئاپا؟ ھېچ بىلەلمىدۇق، كۆڭۈللۈك ئىشلارنى خىيال قىلىشقا تىرىشقىن...

داۋاملىق كېلىپ بارماقلىرىمنى قانىتىپ قان ئالىدىغان، يەنە تېخى كۈندە قان بېسىمىمنى ئۆلچەپ تۇرىدىغان سېستراننىڭ دائىم تاپىلايدىغان سۆزىمۇ: «كۆڭۈللۈك ئىشلارنى ئەسلەشكە تىرىشىڭ» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. مېنىڭمۇ كۆڭۈللۈك ئىشلارنى ئەسلىگۈم، شېرىن خىياللارنى قانغۇچە سۈرگۈم بار. لېكىن، كۆڭۈللۈك ئىشلار، شېرىن خىياللار مەندىن يىراقتا، تولىمۇ يىراقتا قالغانىدى. مەن ئۇلارنى ئىزدەپمۇ تاپالمايمەن، قوغلاپمۇ تۇتالمايمەن. ئۇلار نەدە؟ مەن نەدە؟ بىلمەيمەن، ھېچنېمىنى بىلمەيمەن. پەقەت بىلىدىغىنىم كۈندە سورىلىدىغان: «ئېرىڭىزنىڭ ئىسمى نېمە؟ نەچچە بالىڭىز بار؟ نەدە ئىشلەيدۇ؟ ئىسمىنى بىلەمسىز؟» دېگەندەك مەنىسىز سوئاللار.

مەن بىلىمەن، ھەممىنى بىلىمەن، لېكىن بەزى سوئاللارغا قىرىشقاندەك جاۋاب بېرەلمەيمەن. بەزى سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ بولۇپلا، ئۆزۈمنىڭ خاتا جاۋاب بەرگەنلىكىمنى بىلىپ قالىمەن. ئۆيدىكىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن تۈزىتىمەن. ماڭا زادى نېمە بولدى؟ مەن بىلىمەن، كاللام ناھايىتى ساق، ئەمما نېمە ئۈچۈندۇر بەزىدە بىرەر ئېغىز گەپ قىلىشمۇ خۇشياقماي قالىدۇ، مېنى ئۇيقۇ بېسىپلا تۇرىدۇ، لېكىن ئۇخلىيالمايمەن. يەنە كېلىپ خاتىرجەم، قېنىپ ئۇخلىيالمايمەن.

ئۆيۈمدە چۆرگۈلەپ يۈرىدىغان ياتباش ئاياللارنىڭ مەن توغرۇلۇق پىچىرلىشىپ: «ئۇنتۇغاق بولۇپ قالسا مەيلى، ئەسلىگۈدەك نېمە بار بۇ دۇنيادا؟ بەزى ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەتسە ئادەم تېخىمۇ خاتىرجەم، خۇشال ياشىيالايدۇ... پەقەت كۆزىنى ئېچىپ، ئاش ـ تاماق يەپ مۇشۇنداق ئولتۇرۇپ بەرسىلا بولدى» دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم. مەنغۇ ماڭالايمەن، گەپ قىلالايمەن. ئالەمنىڭ ئۇ چېتىگە قويۇۋەتسىمۇ، جاپا، خاپىلىق يۇراپ تۇرغان ئۆيۈمنى تېپىپ كېلەلەيمەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلار مەندىن نېمىشقا شۇنچە غەم قىلىدىغاندۇ؟ «پەقەت كۆزىنى ئېچىپ ئاش ـ تاماق يەپ مۇشۇنداق ئولتۇرۇپ بەرسىلا بولدى» دېگىنى نېمىسى؟... ھەرقانچە ئويلىساممۇ بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەلمىدىم.

تۇرۇپلا ئۆزۈمنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن، جاپا ـ مۇشەققەتلىك مۇساپىلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، مۇكەممەل بىر ئائىلە قۇرۇپ چىقىشقا تىرىشقانلىقىمنى، بۇ كۈنلەر ئۈچۈن ھېسابسىز بەدەل تۆلىگەنلىكىمنى ئەلەملىك تولغىنىش ئىچىدە ئەسلەيمەن. يەنە ساناپ تۈگەتكۈسىز

زور قۇربانلارنى بېرىپ، كېچىچە ئەزرائىل بىلەن ئېلىشسام، كۈندۈزى دەرس مۇنبىرىدە تىرىلىپ، ھېرىش ـ چارچاش، كۆپلىگەن پۇشايمان، خاپىلىق، ھەسرەت، قورساق كۆپۈكى ۋە قىسمەن خۇشاللىق، پەخىرلىنىش، ئىپتىخارلىنىش ھېسابىغا دەم ئېلىشقا چىققانلىقىمنى، بۇ كۈنى ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم ھاردۇق يەتكەنلىكىنى ھېس قىلغانلىقىمنى، ھاياتىمنىڭ بىھۇدە، مەنىسىز ئۆتمىگەنلىكى ئۇچۇن ئۆزۈمدىن چەكسىز پەخىرلەنگەنلىكىمنى غۇۋا ئەسلىيەلەيمەن.

قىڭغىيىپ ئارانلا جېنى قالغان ئورۇندۇقۇم، يامغۇر ياغسىلا تامچە ئۆتۈپ كېتىدىغان تار، نامرات، ئەمما مېھرى ئىسسىق ئىشخانا. كۈنبويى تۈگىمەيدىغان قىزغىن پاراڭلار ئەرزىمەس ئىشلار ئۇچۇن گەپ تالىشىپ، ئەرزىمەس خۇشاللىقلار ئۇچۇن شادلىنىدىغان، ئالدىراش خىزمەتلەر ئارىسىدا يۈگۈرۈپ يۈرىدىغان خىزمەتداشلىرىم... شۇنچە كۆپ نەرسىلەر ئېسىمدە. لېكىن، مەن بۇلارنى ئەسلەشنى، ئويلاشنى، تىلغا ئېلىشنى خالىمايمەن.

كۆز ئالدىمدا پايانسىز دۇنيا. بارلىق نەرسىلەر قىمىرلاپ، قىستىلىشىپ، شاۋقۇن ـ سۈرەن سېلىپ تۇرغان. بىر خىل قىستاڭچىلىق، بىر خىل جىددىيچىلىك، بىر خىل مالىمانچىلىق، بىر خىل مەنىسىز بىھۇدە بەدەل تۆلەشلەر پۈتكۈل دۇنيانى قاپلىغان. مېنىڭ قېنىپ، راھەتلىنىپ خاتىرجەم ئۇخلاپ باقمىغىنىمغا تالاي يىللار بولدى. مېنىڭ شۇنداق ئارام ئالغۇم كەلدىكى، بۇنى تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن. مەن بىلىمەن، ھامان بىر كۈنى شۇنداق

خاتىرجەم، شۇنداق راھەتلىنىپ ئۇخلايمەنكى... ئايھاي، ئۇ چاغدا بۇ دۇنيادا مەندەك خۇشخۇي، مەندەك بەختلىك ئادەمدىن يەنە بىرى تېپىلمايدۇ. خۇددى ئەينى يىللاردا، باشقىلار ئېيتقاندەك: «يول ماڭسىمۇ كۈلۈپ ماڭىدىغان، دەل ـ دەرەخلەرگىمۇ سالام قىلىدىغان خۇشخۇي، كۈلگۈنچەك قىز»غا ئايلىنىمەن، ئاندىن ھاياتىمنى قايتىدىن باشلايمەن...

مېنى يوقلاپ كەلگەنلەر ناھايىتى كۆپ. ئۆزۈممۇ بۇ خىل يوقلاشلارغا كۆنۈپ قالدىم. بۈگۈن بىر ـ بىرىدىن كېلىشكەن قىز ـ يىگىتلەر كەلدى. ئۇلار مېنىڭ ئىلگىرىكى ئوقۇغۇچىلىرىم ئىكەن. بەزىلىرىنى تونۇدۇم، بەزىلىرىنى تونۇيالمىدىم، لېكىن بۇ قەدەر سۇمباتلىق قىز ـ يىگىتلەرنىڭ ئۇستازى بولۇش نەقەدەر خۇشاللىنارلىق، پەخىرلىك ئىش ـ ھە! ئۇلار مېنى بەس ـ بەستە ماختاپ:

ـــ ناھايىتى چىرايلىق تۇرۇپلا خۇددى پەرىشتىدەك، ـــ دېيىشىپ كەتتى.

ئۇلار كەتكەندىن كېيىن ئەينەكنى قولۇمغا ئېلىپ سائەتلەپ قارىدىم. پەرىشتە بىلەن بۇ ئايالنىڭ ئوتتۇرىسىدا زادى قانداق ئوخشاشلىق بار؟... ئەينەكتىكى قانسىز لەۋلەر، تاتارغان يۈز، چۈۋۈلغان چاچلار... خۇددى پۈشكىن يازغاندەك، «قورۇغان، پۇراقسىز، ئۇنتۇلغان بىر گۈل.» ئۇ دۇنيادىن كېلىپ قالغان ئادەمدەك قاقاھلاپ كۈلۈشكە باشلىدىم. ئەينەك قولۇمدىن چۈشۈپ پارە ـ پارە بولۇپ كەتتى. ھەممە نەرسە پارە ـ پارە بولۇپ كەتتى...

## ئۈچىنچى قىسىم

# دادامنىڭ خاتىرىسى

كۆز كۆنلىرىنىڭ يوپيۇرماق تاشلاۋاتقان كۆڭۈلسىز مەنزىرىسىگە تىكىلىپ ئولتۇراتتىم. تۇيۇقسىز يېنىمدىلا ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ، قېيىنئاچام زۇلپىيەنىڭ ئۇدۇل ماڭا قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

— قانداقراق تۇرۇۋاتىسىز؟ — ئۇنىڭ ئادەمنى ئەيمەندۈرگۈدەك سۈلىتى، مەغرۇرلۇقى، گۈلدەك رۇخسارى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان بۇ ئايالمۇ خېلىلا قېرىپ قالغاندەك قىلاتتى.

— قەدىر ئەھۋال، — مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. قانداقتۇر بىر خىل پەرىشانلىق ئىلكىدە ئۇنى ئۆيگە باشلىدىم. قەدرىيە ئۆلۈپ كەتكەن بىر يىلدىن بېرى ئۇ بۇ ئۆيگە دەسسەپ باقمىغانىدى. رەسمىيەت يۈزىسىدىن نەچچە قېتىم تەكلىپ قىلسام، كەسكىنلىك بىلەن سوغۇق تەلەپپۇزدا:

— سىڭلىمنىڭ تۇتقان نەرسىلىرىنى، ئۆينى كۆرۈشكە يۈرىكىم چىدىمايدۇ، — دەپ ئۇنىمىغانىدى. زۇلپىيە ئوغۇللىرىم بىلەن سۆيۈپ، قۇچاقلىشىپ

كۆرۈشتى. قىزىم نەجىبەنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئۇزاققىچە چاچلىرىنى سىلاپ يۈردى، ئاندىن خىلىلا يوغان لاتا سومكىسىدىن بالىلىرىمغا ئېلىپ كەلگەن كىيىم ـ كېچەك، ئاياغ، تۈرلۈك يېمەكلىكلەرنى چىقاردى. بالىلارنىڭ خۇشاللىقتىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى. ئۇلار كىيىملەرنى بىرەر قۇر كىيىپ كۆرۈپ، رازى بولغانلىقىنى ئىپادىلەپ ھاممىسىنى سۆيۈپ قويدى. ئاندىن سولياۋ خالتىدىكى يېمەكلىكلەردىن نەچچە خىلىنى تاللىۋېلىپ تالاغا چاپتى. بۇرنۇم ئېچىشقاندەك بولۇپ، كۆزلىرىمگە يىغا ياماشتى. زۇلپىيە ماڭا قاراپ قويۇپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. كېيىن ئۇن ـ تىنسىز ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆي، ھويلا ـ ئاراننى بىر قۇر نەزىرىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى نېمىگىدۇر تىكىلدى، ئارقىدىنلا قايغۇغا، مۇڭغا چۆكتى... لېكىن، ھېچ نەرسە دېمىدى.

ــ بويتاقچىلىق... يىغىشتۇرۇپ تۇرىمەن بولمىسا...

ئىختىيارسىز ئېچىم سىقىلىپ كەتتى.

ــ ئەمدى ئۆيلىنەرسىز؟ دادام ـ ئانامالار سىزگە لايىق ئىزدەۋاتىدۇ.

ــ بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

چۆچۈپ كەتتىم ۋە ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تەئەججۈپ بىلەن قارىدىم.

ــ راست دەۋاتىمەن،ــ ئۇ مېنىڭ خۇنسىز چىرايىمغا زەنمۇ سالماي باغرى تاشلىق بىلەن قولىدىكى نەرسىنى ئۇزاتتى،ــ مەڭ، بۇ سىزنىڭ...

ــ بۇ نېمە؟ــ قولۇمدىكى قېلىن كونۋېرتقا قارىغىنىمچە تۇرۇپ قالدىم. كونۋېرت خېلىلا ئېغىر ئىدى.

— كۆرۈپ چىقىڭ، سىڭلىمنىڭ پۈتكۈل ھاياتى مۇشۇ دەپتەرگە خاتىرىلەنگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇ ئىچى كۆچلۈك، ئاسان بوي بەرمەيدىغان قىز ئىدى. بىزگە دېيىشنى خالىمىغان سىرلىرىنى خاتىرە بەتلىرىگە تۆككەندۇ؟ بۇ پەقەت مېنىڭ پەرىزىم. ئۇ ئاغرىپ ياتقاندا بۇ خاتىرىنى ماڭا بېرىپ: «ئاچا، ياخشى بولالمايدىغان ئوخشايمەن، ئۆلۈمنى تولا خىيال قىلىدىغان بولۇپ قالدىم، ئالمادىس بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، خاتىرىنى ئەكبەرگە تاپشۇرۇپ بەرگىن. كۆيدۈرۈۋېتىشكە ياكى يىرتىۋېتىشكە كۆزۈم قىيمىدى. ئەگەر ساقىيىپ قالغۇدەك بولسام قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى شۇ چاغدا ئويلىشارمەن» دېگەنىدى. قانداقلا بولسۇن، سىز سىڭلىمنىڭ چىن ئىخلاسى بىلەن ياخشى كۆرگەن، بارلىقىنى تەقدىم قىلغان بىردىنبىر ئەر... خوش، مەن كەتتىم. باللار بىلەن سىرتتىلا خوشلىشىپ ماڭاي...

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى سوغۇق، مۇدھىش ئۇچقۇن، سۆزلىرىدىكى ئاچچىق تەنە ئۇدۇللا بېرىپ يۈرىكىمگە تەگكەن بولسىمۇ، مەن ئۇن چىقارمىدىم. ئۇنىڭ بىلەن تالىشىشنى ئەپ كۆرمىدىم. ئۇنىڭسىزمۇ ئۆز ھالىم ئۆزۈمگە يېتىپ ئاشاتتى. بىركىم بىلەن زاكونلاشقۇدەك ھالىممۇ يوق ئىدى.

قەدرىيەنىڭ ماڭا قالدۇرۇپ كەتكەن ئەڭ ئاخىرقى ئەستىلىكىنى باغرىمغا باسقىنىمچە خىيالغا پاتتىم. خاتىرىنىڭ ماڭا خۇشاللىق ئەكىلىشىگە ياكى ئۈمىد بېغىشلىيالايدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلالمايتتىم. بەلكىم بۇ خاتىرىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئاجىزلىقىم،

بىچارىلىكىم تۈپەيلى تېخىمۇ چۈشكۈنلىشىپ كېتىشىم مۇمكىن ئىدى. ئاخىر تاقەت قىلالماي خاتىرىنى ۋاراقلىدىم...

خاتىرىنى ئوقۇپ تۈگەتكەندە كەچ كىرەي دەپ قالغان، كۆڭلۈممۇ قاراڭغۇلۇقتا مەھكۇم بولغاندەك بىسەرەمجان بولۇۋاتاتتى. قەدرىيەنىڭ ئۆلۈمىدىنمۇ بەكرەك ئازابلىغان سىرلىق تۈگۈچ ئاخىر يېشىلگەنىدى. مېنى بىردىنلا يىغا باستى. كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ، قەلبىمدە ھەسرەت ئوتلىرى يېلىنجاشقا باشلىدى. قەدرىيەنىڭ تىنىقى، پۇرىقى، كۆز ياشلىرى سىڭىپ كەتكەن خاتىرىگە بېشىمنى قويدۇم. ئىچ ـ ئىچىمدىن قايناپ چىقىۋاتقان تۇسقۇنسىز، تەسۋىرلىگۈسىز، كۈچلۈك بىر يىغىنى بېسىۋېلىشقا ئامالسىز ئىدىم. مېگەم قاتتىق چارچاشتىن يېرىلىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. نەپسىم سىقىلاتتى، ياقا يىرتىپ يىغلىغۇم كېلەتتى. خۇددى چۆچەكلەردىكىدەك خىيالىي، غايىۋى ھاياتنى، گۈزەللىكلەرنى، شېرىنلىكلەرنى سوۋغا قىلغان بۇ قىز ئاخىر مېنى ۋەيران قىلغانىدى. مېنىڭ ئەرلىك ئىززەت ـ ھۆرمىتىمنى، دادىلىق غۇرۇرۇمنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتكەنىدى. مېنىڭ روھىي دۇنيايىمنى پۈتۈنلەي تۈگەشتۈرۈۋەتكەنىدى. توغرىسىنى ئېيتقاندا، ھەر ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزنى پۈتۈنلەي تۈگەشتۈرۈۋەتكەنىدۇق...

ئۇنى كېسەل چىرمىۋالغان يەتتە يىلدا مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن بارلىقىمنى بېغىشلىدىم. ئۆز ئىختىيارىم بىلەن ئۇيۇن ـ تاماشىدىن، كەيپ ـ ساپادىن يىراقلا قول ئۈزدۈم. ئەقلىم، ھېسسىياتىم، ئوي ـ پىكرىم، ئارزۇ ـ

ئارمىنىم بۇ ئائىلەم ئۈچۈن خوراپ تۇگەۋاتقان بولسىمۇ، ئۈنىڭغا قىلچە ئۆكۈنمىدىم. ئەمما، خاپىلىق، ھەسرەت مېنى كۈندىن ـ كۈنگە ئاجىزلاشتۇرۇپ، ھەممە نەرسە كۆزۈمگە يات ۋە سوغۇق كۆرۈنىدىغان بولدى. قەدرىيەغىمۇ ھەممىنى تاشلاپ كېتىپلا قۇتۇلدى. مەن قالدىم، يەككە ـ يېگانە، غېرىب، ئۈمىدسىز، چۈشكۈن ھالەتتە قالدىم. مەيلى ھازىر ياكى ئىلگىرى بولسۇن، قەدرىيە مېنىڭ نەزىرىمدە گويا شەيتانمۇ ئازدۇرالمايدىغان، غۇرۇرىنى، ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى جان تىكىپ قوغدايدىغان پەزىلەتلىك، ۋىجدانلىق ئايال ئىدى. ئۇ بەئەينى بىر پەرىشتە ئىدى. ئەڭ ئېغىر كۈنلەردىمۇ ئۇ ئۆز ئەقىدىسىدىن، ياشاش ئۇسۇلىدىن ۋاز كەچمەيدىغان ئايال ئىدى. ئەمما، ئۇ گويا تامامەن ئەقلىنى يوقاتقان ئادەمدەك مۇشۇ يولغا ماڭغانىدى. ھەممىمىزگە بەكمۇ كۆڭۈلسىز قارىلىق قىلغانىدى. ئۇنىڭ نېمىشقا شۇنداق قىلغانلىقىنى شۇنچە يىلدىن بېرى چۈشىنىپ بولالماي، قوبۇل قىلىپ بولالماي ئاۋارە ئىدىم. ئەمدى سىر يېشىلگەن، ئاخىرقى جاۋابكارلىق يەنىلا ماڭا كېلىپ يۈكلەنگەنىدى. دۇنيادا ئەر بولۇشنىڭ، ھەقىقىي ئەر، ھەقىقىي دادا بولۇشنىڭ بەكمۇ تەس ئىكەنلىكىنى ھېچكىم مەندەك چىن مەنىسى بىلەن چۈشىنەلمىگەندۇ. ھەممە تىراگېدىيەنىڭ يۈز بېرىشىگە مەن سەۋەبچى، پۈتۈنلەي مەن سەۋەبچى بولغانىدىم. «سەن قاتىل، سەن گۇناھكار!» دېگەن بىر ئاۋاز يەنە ئۆيىنىڭ بۇلۇڭ ـ بۇلۇڭلىرىدىن سىغدىلىپ چىقىپ، نەپسىمنى بوغۇشقا، مېنى قىيناشقا باشلىدى...

※ ※ ※

چوڭلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، مەن ئىككى قېتىم قايتا ھاياتلىققا ئېرىشىپتىمەن. تۇنجى قېتىملىقى بىر ياشقىمۇ كىرمىگەن مەزگىلىم ئىكەن. ئانام ھەر ئەتىگەندە مېنى كۆتۈرۈپ دۇيدىكى يەسلى دەپ ئاتالغان، قىشتا مايماق كەپىسى، يازدا كونىراپ كەتكەن پېشايۋىنى بار لاپاس ئاستىغا يەتتە ـ سەككىز بالا قاتارىغا ياتقۇزۇپ قويۇپ ئېتىزلىققا كېتىدىكەن. چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا كېلىپ ئېمىتىپ قويۇپ، كەچتە ھارغىن ھالەتتە ئۆيگە ئەكېتىدىكەن. ياز كۈنلىرىنىڭ بىرى، ئەمگەك راسا قىزىغان مەزگىلدە تۇيۇقسىز يەر تەۋرەپ كېتىپتۇ. يەر خېلىلا قاتتىق تەۋرەپتۇ. دېھقانلار بىرنەچچە سېكۇنتلۇق جىددىيچىلىكتىن كېيىن ھەممىيلەن مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك لاپاس تەرەپكە يۈگۈرۈپتۇ. ئانىلارنىڭ قىيا ـ چىياسى پەلەككە يېتىپتۇ. لاپاس ئۆرۈلۈپ ئالتە بالىنى بېسىۋالغان، مۆجىزە يۈز بېرىپ چەتتىرەك ياتقۇزۇلغان ئىككى بالا ئامان قالغانىكەن. مەن يۈرەك تارىنى تىترەتكۈدەك يىغا ـ زار ئىچىدە كۆزۈمنى ئېچىپتىمەن. ئانام مېنى باغرىغا باسقىنىچە چوڭ ئۆيگە يۈگۈرۈپتۇ. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى زادىلا توختىماپتۇ... چىرايى مۇردىدەك تاتارغان، ھاسىرىغان، ئۆپكىدىگەن ھالدا مېنى چوڭ ئانامغا تاپشۇرۇپتۇ. شۇنداقتىمۇ يەنىلا خاتىرجەم بولالماپتۇ...

باللىق دەۋرىم باشقا يېزا باللىرىدەك ئېتىزلىقتا سۇ تۇتۇش، ئوغۇتلاش، كۈندە ئەتىگەن ـ كەچتە ئوت ئېلىش، مال بېقىش، ئەمگەك قىلىش بىلەن

ئۆتمىگەچكە، ھەقىقىي يېزا بالىسى، تەبىئەت بالىسى بولۇپ ئۆسەلمىگەنلىكىمنى، ھەددىدىن زىيادە پەپىلەش، ئەركىلىتىش، كۆزگە قاراشلارنىڭ تەسىرىدىن مىشچان، قىرى مىجەز، تەييارتاپ ئادەم بولۇپ قالغىنىمنى خېلى يىللاردىن كېيىن نەچچە بالىغا دادا بولۇپ، بولۇپمۇ قەدرىيەنىڭ تولا ۋايساشلىرىدىن، كوتۇلداشلىرىدىن تويۇپ كەتكەندە، ئاندىن ئاستا ـ ئاستا چۈشىنىپ يەتتىم ھەم ئۆزۈممۇ ئېتىراپ قىلدىم. لېكىن، ئۇ چاغلاردا بۇ مىجەزىمنى، ھورۇنلۇقۇمنى، تۇراقسىز، چېچىلاڭغۇلۇقۇمنى ئۆزگەرتىشنى ئويلىمىغان، ئويلىساممۇ ئىرادىسىزلىك قىلىپ ئاسانلا بەل قويۇۋەتكەنىكەنمەن.

مەن تولىمۇ كېچىكىپ تۇرۇپ چۈشەنگەن، سەل قارىغان، ئېتىبار قىلمىغان ئەسكى مىجەزلىرىم كېيىنكى كۈنلەردە قەدرىيەنىڭ جەھلىنى قاتۇرغان، ماڭا بولغان ھۆرمىتىنى سۇسلاشتۇرۇۋەتكەن، ئارىمىزدىكى ھالىڭ ئادەم ھەيران قالغۇدەك دەرىجىدە چوڭقۇرلاپ بارغانىدى...

ئۆيدىكىلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئانامنىڭ يۈرىكى سۇ بولۇپ كەتكەچكە، ئەتىدىن ـ كەچكىچە مېنىڭ غېمىمدىلا يۈرەتتى. بىراق، يۈز بېرىدىغان ئىش بەربىر يۈز بەردى. مېنى يەنە بىر قېتىم پالاكەت باستى.

ھېلىمۇ ئېسىمدە، بىر كۈنى دوستلىرىمنىڭ سۇغا چۆمۈلۈشىگە ھەۋەسلىنىپ قاراپ تۇراتتىم. باللار سۇزۇك ئۆستەڭ سۈيىدە ئەركىن بېلىقلاردەك توپ ـ توپ بولۇپ ئالغا قاراپ غۇلاچ تاشلاپ ئۈزمەكتە، سۇدا مۇسابىقىلەشمەكتە. ئۇلارنىڭ بېشى بىلەن گەۋدىسى گاھ چۆكۈپ، گاھ لەيلەپ بارا ـ بارا يىراقلاشماقتا. ئاخىر

زادىلا چىداپ بولالمىدىم. مەنمۇ چاپان ـ ئىشتانلىرىمنى سىلىپ تاشلاپ ئۆستەڭگە ئۆزۈمنى ئاتتىم... «پاھ، نېمىدېگەن راھەت! دوستلىرىم دائىم مېنى ‹قىز بالا› دەپ زاڭلىق قىلاتتى. مانا ئەمدى، مەنمۇ سۇغا چۈشەلەيدىغان بولدۇم. كىم مېنى قىز بالىدەك نازۇك، سۇغا چۈشسە ئاغرىپ قالىدۇ دەيدۇ. ئاۋۋال نەچچە كۈن سۇ ئۈزۈشنى مەشىق قىلىۋالاي. تازا ئۇستا بولغاندا، ئاندىن دوستلىرىم بىلەن مۇسابىقىگە چۈشىمەن، شۇ چاغدا ئۇلار مېنىڭ كارامىتىمنى كۆرىدۇ...» دەپ ئۆز ـ ئۆزۈمگە پىچىرلىدىم.

ئۆيدىكىلەردىن ئوغرىلىقچە نەچچە كۈنگىچە دوستلىرىمدىن ئايرىلىپ سۇ ئۈزۈشنى مەشىق قىلدىم. باللار سۇ ئۈزۈپ بولۇپلا سايلىق تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشەتتى. بەزىدە پاتمىچۇق تۇتۇپ ئوينىسا، بەزىدە سايلىقنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى قويۇق ئورمانزارلىقتا بىرىپ توشقان تۇتۇپ كېلەتتى. شۇ چاغدا مەن سۇ ئۈزۈشنى مەشىق قىلىشنى باشلايتتىم. بىر كۈنى نېمىنى ئويلىدىمكىن، سۇدا ئۈزۈپ كېتىۋېتىپ خىيالغا پېتىپ قاپتىمەن. تۇيۇقسىز سۇ مېنى دەم تارتىپ كەتتى. ئالدىمدا ياغاچتىن ياسالغان ئۇزۇن، تۈۋەنگە ساڭگىلىتىلغان ئىپرىقچە بار ئىدى. مەن ئۇنىڭغا ئېسىلىۋالماقچى بولدۇم، ئەمما ئۇلگۈرەلمىدىم. قورققىنىمدىن ۋارقىرىغىنىمچە يارلىقتىن غۇلىغاندەك تۆگمەن كوپلىسىغا چۈشۈپ كەتتىم... ئېسىمگە كەلسەم، تۆگمەن يېنىدىكى سۆگەتنىڭ ئاستىدا ياتىمەن. ئەتراپىمدا شۇنچە كۆپ ئادەم. تۆگمەن ئىگىسى سالى تاغام سۆزلەۋېتىپتۇ:

— ئىشىك ئالدىدا بوغداي سورۇۋاتاتتىم. تۇيۇقسىز قاتتىق ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئالدى تەرەپكە يۈگۈردۈم. قارىسام بىر بالىنى توگمەننىڭ چاقى پىرقىرىتىپ نىرىغا ئاپىرىپ تاشلىدى. سۇدا شىددەت بىلەن ئېقىۋاتقان بالىغا قاراپ يۈگۈردۈم. سۇ سەل تېيىز يەرگە كەلگەندە دەرھال سۇغا سەكرىدىم. بالىنى كۆتۈرۈپ قىرغاققا قويۇپلا قورسىقىنى باستىم. ھېلىمۇ يەيدىغان رىزقى بار ئىكەن، ئامان قالدى.

كېيىن نىمە گەپلەر بولدىكىن، ئانامنىڭ ئېسەدەپ يىغلاشلىرى ئىچىدە ئۆيىگە كېتىپتىمەن. شۇ كۈنى كېچىچە نۇرغۇن چۈش كۆرۈپ جۆيلۈپلا چىقتىم. شۇنىڭ بىلەن كېچىنى قارا بېسىش بىلەن، كۈندۈزنى زەخىم يېگەن بېشىمنى تېڭىش، تېڭىق ئالماشتۇرۇش بىلەن ئۆتكۈزدۈم. شۇنىڭدىن كېيىن مىنىڭ ئەركىنلىكىم پۈتۈنلەي چەكلەندى...

— ئەكبەر سۇغا چۈشمىسۇن...
— ئەكبەر سۇ ئىچىۋالمىسۇن...
— ئەكبەر ئوت ئالغىلى بارمىسۇن...
— ئەكبەر قوناقلىققا كىرمىسۇن...

بىر يەرگە بارسام ھامان بىر ئادەم ھەمراھ ئىدى. نۇرغۇن ئىشلىرىم، نۇرغۇن ئارزۇلىرىم چوڭلارنىڭ ياكى قېرىنداشلىرىمنىڭ ياردىمىدە بېجىرىلەتتى. يەنە كېلىپ چوڭلارنىڭ ئەندىشىسى ماڭا ئۆتۈپ قالغاندەك ئىدى. بۇ خىل ھالەت كاللامنى چىرمىۋېلىپ ئاسان روھسىزلىنىدىغان، ئاسان يىغلايدىغان، ئاسان تېرىكىدىغان ئاجىز بالىغا ئايلىنىپ قالدىم.

ئىككىنچى قېتىم قايتا ھاياتلىققا ئېرىشكەنلىكىم

ئۆچۈنمىكىن تېخىمۇ ياۋاشلاپ، جىمغۇرلىشىپ، مىسكىنلىشىپ كەتكەنىدىم. ئەمگەك قىلىشتىن، جاپا چېكىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان مېھرىبان دادام مەن ئۆچۈن بىر يىل تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ پۇل يىغىپ ئاتايىن شەھەرگە كىرىپ كىتابخانىدىن ئىككى كىتاب سېتىۋاپتۇ. بىچارە دادامنىڭ مېنىڭ خۇشاللىقىمنى كۆرۈپ ھاردۇقى چىققاندەك يۈرىكىدىن چىقىرىپ كۈلگىنى، ئېغىر غەم ـ غۇسسىدىن بىر يولىلا قۇتۇلغاندەك يېنىك تىنىغىنى ھېلىمۇ ئېسىمدە. ھەر قېتىم دوستلىرىمغا بۇ كىتابلارنى كۆرسىتىپ ماختانغىنىمدا، كىتابتىكى ۋەقەلىكلەرنى ئۇلارغا سۆزلەپ بەرگىنىمدە، ئۇلار ئاغزىنى ئېچىپ ھاڭۋاقىنىچە ئولتۇرۇپ كېتەتتى.

ئەركىنلىكىم بوغۇلغان بىلەن سەبىي قەلبىمگە ئىز سالغان، مېنى سۆيۈندۈرگەن، يۈرىكىمنى جىغىلدىتىپ شېرىن ئاززۇ ـ ئىستەكلەرگە تويۇندۇرغان گۈزەل ئەسلىمىلىرىم كۆپ ئىدى. قوش قاناتلىق دەرۋازىمىزدىن چىقساقلا ئوڭ تەرەپتىكى بېغىمىز ئۈزۈمزارلىق، سول تەرەپتىكى بېغىمىز بولسا شاپتۇلزارلىق، بۇ باغنىڭ مېۋە كۆچەتلىرىنى شەھەردە ئىشلەيدىغان تاغام مىڭبىر جاپادا ئەكېلىپ تىككەن، بۇ يىل ئەپلەشمىسە يەنە بىر يىلى تىككەنىدى. ئاخىر كۆچەت ئەي بولغان، راسا مېۋە بەرگەنىدى. كېيىنكى مەزگىللەردە باغلار نېمە سەۋەبتىندۇر پۈتۈنلەي قۇرۇپ كەتتى. بىزنىڭ چوڭ بولۇشىمىزغا ئەگىشىپ ئۆيلەر كونىراپ، لىملار ساڭگىلاشقا، ھەممىلا يەرنى ئۆمۈچۈك تورى قاپلاشقا باشلىدى. يېزىدىكى ئۆيلەر تاشلىنىپ، ناھىيە بازىرىغا

كۆچۈش قىزغىنلىقىنىڭ تەسىرىدە ئاجايىپ ئاۋات، تولىمۇ مېھرى ئىسسىق كۆچۈم مەھەللە بىردىنلا غېرىبسىنىپ، مۇڭلىنىپ قالدى. شۇنداقتىمۇ، ئۆستەڭنىڭ سول تەرىپىگە تېرىلغان قوناقلار، يۇرتنىڭ قەدىمدىن تارتىپ مېۋە بېرىپ كېلىۋاتقان ئۆرۈك، قارا ئۆرۈك، ئەينۇلا دەرەخلىرى داۋاملىق قەددىنى تىكلەپ ياشىرىپ تۇراتتى. گەرچە نۇرغۇن كىشىلەر يېزىنى تاشلاپ ناھىيەگە بېرىپ ئولتۇراقلاشقان بولسىمۇ، تېرىم مەزگىلى، ئوغۇتلايدىغان، سۇ ئاچىدىغان، ھوسۇل يىغىدىغان مەزگىلدە بۇ يەر يەنىلا ئاۋاتلىشىپ كېتەتتى. قاينام ـ تاشقىنلىق يېزا ھاياتى، ئۆملۈك، ئىناقلىق، كۆيۈم ئۇستىگە قۇرۇلغان ئاددىي، ئەمما ئىسسىق چىرايلار ئادەمگە ھاياتنىڭ بەكمۇ گۈزەل ئىكەنلىكىنى، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ تولىمۇ يېقىملىق، ئىللىق، مېھرلىك، قەدىرلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇراتتى. بولۇپمۇ كۈن پېتىش ئالدىدىكى تولىمۇ ھەيۋەتلىك، سالماق، ئېغىر ـ بېسىق تاغلار، پايانسىز بوشلۇقتا كېڭەيگەن چىرايلىق تەبىئىي مەنزىرە ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سېلىپ، يۈرىكىدە، جىسمىدا تۈرلۈك ئارزۇ ـ ئىستەكلەرنى قوزغايتتى. يۇلتۇزسىز سۈتتەك ئايدىڭ كېچە، يىراقتىن ئاقىرىپ كۆرۈنۈۋاتقان ئاسمان بوشلۇقى، ئاپپاق بۇلۇتلار بىلەن زېمىننى بىر سىزىق تەكشىلىكىدە تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان ئۇپۇق سىزىقى، يامغۇردىن كېيىن باشقىچە جۇلالىنىپ كېتىدىغان ئاجايىپ يارقىن قۇياش نۇرى، تاغ كەينىدىن ئاستا ـ ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ بارغانسېرى چوڭىيىۋاتقان

سىھىرلىك ئاي نۇرى، پاكلىق، ساپلىق، ئىللىقلىققا تولغان ئىنسان ئۇچۇن ئەڭ زۆرۈر بولغان پاكىز ھاۋا، چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن زېمىندىكى ئادەملەرگە قىيا بېقىۋاتقان، كۆز قىسىۋاتقان ھېسابسىز يۇلتۇزلار... ئىنسان ھاياتىنىڭ گۈزەللىكىنى، قىممىتىنى كۈيلەيدىغان، چوڭقۇر ھېس قىلدۇرىدىغان ئۇچار قۇش، دەل ـ دەرەخ، ئوت ـ چۆپلەر، قۇرت ـ قوڭغۇزلارنىڭ سىرلىق پىچىرلاشلىرى، يۇمران بەرگىدە شەبنەم يالتىراپ تۇرىدىغان ھەشقىپىچەك، قىزىلگۈل، ئەتىرگۈل... يەنە مەن ھېس قىلغان ھەم ھېس قىلالمىغان تالاي مۆجىزاتلار، گۈزەل، خىيالىي مەنزىرىلەر، شېرىن ئارزۇ ـ ئۇمىدلەر، يەنە تېخى بىر تالاي خام خىياللار. ۋاي ـ ۋۇي، كىممۇ مېنى بۇ بالا جىمىغۇر، بۇرۇقتۇم، ياۋاش، ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ دېيەلەيدۇ... مەن تەبىئەتنى سۆيىمەن. تەبىئەت بىلەن سىردىشىمەن، ئۇنىڭغا ئىنسان ھېس ـ تۇيغۇسىنىڭ نەقەدەر گۈزەل، نەقەدەر مۇرەككەپلىكىنى، ئىنسان روھىنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ ۋە تەڭداشسىزلىقىنى ئېيتىپ بېرىمەن. يەنە يوكسەك ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمنى سۆزلەپ بېرىمەن... مانا بۇ مېنىڭ بالىلىق ھاياتىم. ئەسلىسەم ـ ئەسلىسەم كونىرىمايدىغان، زادىلا زېرىكمەيدىغان كۆڭۈللۈك ئەسلىمەم...

※ ※ ※

مېنىڭ ھەقىقىي ھاياتىم قەدرىيەنى كۆرگەن كۈندىن باشلاندى، ئۇ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئاخىرلاشتى.

بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىمنى ھايات دەپ قاراشقا بولامدۇ، يوق، بىرنىمە دېيەلمەيمەن.

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىردىنبىر ئالىي مەكتەپنىڭ ئاددىيلا سېلىنغان ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىدە بىزنىڭ سىنىپىمىز بار. بۇ سىنىپتا ئوتتۇز نەچچە ئوقۇغۇچى دەرس ئاڭلايمىز. سىنىپتا قىزلار كۆپ، ئوغۇللار ئاز. قارىسام قىزلار شۇنداق ئەركىن، ئوغۇللار ياۋاش، كەم سۆزرەك كۆرۈنىدۇ. مانا بۇ مېنىڭ ئوقۇش باشلىغان تۇنجى كۈنىدىكى تەسىراتىم. بۇ يورۇق، ئازادە سىنىپتا ئوقۇتقۇچىنىڭ بىرىنچى سائەتلىك دەرسكە كىرىشىنى كۈتۈپ ئولتۇراتتۇق. ئىشىك ئېچىلىپ تولىمۇ زىلۋا، قاش ـ كىرپىكلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، چىرايلىق، بۇغداي ئۆڭ يۈزى تولۇق كەلگەن، كەڭرى پېشانىسىنى رەتلىك كېسىلگەن ماڭلاي چاچلىرى ئوراپ تۇرغان، نېپىز لەۋلىرى كىشىگە كۈلۈمسىرەۋاتقاندەك تەسىر بېرىدىغان بىر قىز كىرىپ كەلدى. سىنىپتا ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى قىزىقىش، ھەيرانلىق، تەئەججۈپ، ھەۋەس ئىلكىدە بۇ يېڭى ساۋاقداشىمىزغا تىكىلىپلا قالغاندۇق. قىز سىنىپنىڭ ئارقىسىدىكى بوش ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى. ھېچكىمگە سالام قىلمىدى، قاراپمۇ قويمىدى. مانا بۇ قىز قەدرىيە ئىدى. مېنىڭ تىنچ قەلبىمنى لەرزىگە سېلىپ، ھاياتىمنى تامامەن ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتكەن بىردىنبىر قىز ئىدى. ئۇنىڭ توم، قاپقارا، بىلەكتەك ئۆرۈمە چېچى ئارقىغا تاشلىنىپ تۇراتتى. بۇ چاچلار ئۇزۇنمۇ ئەمەس، كالتىمۇ ئەمەس، قىزغا تولىمۇ ياراشقانىدى. قەدرىيە سىنىپتا ئۈن ـ تىنسىز

ئۇلتۇراتتى. نەچچە كۈنگىچە ئۇنىڭ ئاۋازىنىمۇ ئاڭلاپ باقمىدۇق. ئۇنىڭ ھېچكىمنى، ھېچنېمىنى نەزىرىگە ئالماي ئەركىن قەدەم بىلەن تاقىلداپ مېڭىشلىرى، ئوغۇللار تۈگۈل، قىزلار بىلەنمۇ ئارىلاشماسلىقى، ھېچكىمگە گەپ قىلماسلىقى سىنىپتىكى قىزىق نۇقتىلارنىڭ بىرىگە ئايلاندى. بولۇپمۇ ئاشكارا ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان، يوشۇرۇپمۇ ئولتۇرمايدىغان ھاكاۋۇرلۇقى، مەغرۇرلۇقى بەزى تۈتۈرۈقسىز، يېنىك مىجەزلىك قىزلارنىڭ زەردىسىنى خېلى ئۇزاققىچە قايىنىتىۋەتكەنىدى. ئۇ توغرۇلۇق بۇلۇڭ ـ بۇلۇڭدا كۇسۇرلاشسىمۇ ھېچكىم چىش يېرىپ بىرنەرسە دېيەلمىدى. قەدرىيە ھەققىدىكى خەۋەرلەر ئۇزاق ئۆتمەي سىنىپ ئىچىدە تارقالدى. ئۇنىڭ مۇشۇ ئالىي بىلىم يۇرتىدىن يېڭىلا پېنسىيەگە چىققان ئابرۇيلۇق مۇئەللىمنىڭ ئەڭ كىچىك قىزى ئىكەنلىكى، قىزنىڭ تولىمۇ ياخشى ئوقۇغانلىقى، شۇڭا بېيجىڭ مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدىن چاقىرىق كەلگەنلىكى، ئەمما دادىسى قىزىنى بەك ياخشى كۆرگەچكە يول مېڭىپ يۈرۈپ ئارخىپىنى قايتۇرۇپ كەلگەنلىكى، قىزنىڭ ئىچكىرىدىكى نۇقتىلىق مەكتەپتە ئوقۇش ئارزۇسى كۈچلۈك بولسىمۇ، دادىسىنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنغانلىقى مەلۇم بولدى. بىز ئاخىر ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدۇق. ئۇ پەقەت سىناق بېرىدىغان، قول كۆتۈرۈپ دەرس مەزمۇنىنى سۆزلەيدىغان ياكى سوئال سورايدىغان چاغدىلا ئېغىز ئاچاتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرى ئۆزىدەكلا تورلۇق، ئورۇنلۇق ئىدى. بەزىدە ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىلار بىلەن كۈلۈشۈپ، ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ

پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالاتتىم. مەكتەپتىكى ئوقۇش جىددىي داۋام قىلاتتى. ئۆگىنىدىغان نەرسىلەر كۆپ، ئوقۇشقا تەلەپمۇ يۇقىرى ئىدى. بىز پۈتۈن زېھنىمىزنى ئوقۇشقا قاراتتۇق. ئارىلىقتا نەچچە ئاي ئۆتۈپ كەتتى. ساۋاقداشلار ئاللىقاچان تونۇشۇپ دوستلىشىشقا، يېڭى تەبىئەتلىكلەر مۇھەببەتلىشىشكە ئۈلگۈردى. ئەمما، قەدرىيەنىڭ ئوغۇللاردىن بىرەرى بىلەن پاراڭلاشقىنىنى ياكى مەكتەپ ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرگىنىنى، ياش قىزلارغا خاس شوخلۇق بىلەن كۈلۈپ، ناز قىلىپ يۈرگىنىنى ياكى ئاۋاز چىقىرىپ قاقاھلاپ كۈلگىنىنى، چاقچاقلاشقىنىنى كۆرۈپ باقمىدىم. شۇ چاغدا كۆپ ساندىكى قىزلار، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قىزلىرى بېشىغا ياغلىق ئارتىپ، شىمنىڭ ئۈستىگە يوپكا كىيىپ يۈرىدىغان زامانلار ئىدى. شۇ كىيىنىشلەرمۇ قىزلارغا خوپ يارىشاتتى. ئۇلار ئالاھىدە سالاپەتلىك، ئېغىر ـ بېسىق، ئېسىل سۈپەت كۆرۈنەتتى. قەدرىيە دەل شۇنداق ياسىناتتى. بەزىدە چاچلىرىنى بېشىنىڭ ئارقىسىغا چەمبەرسىمان يۆگەپ چازا قىسىۋالاتتى. بېشىدىن ياغلىق ئايرىمايتتى. مەيلى كىيىنىش ياكى يۈرۈش ـ تۇرۇش، مىجەز ـ خاراكتېر جەھەتتىن بولسۇن، تەبىئىتىنى ئاسان ئۆزگەرتمەيدىغان، جاھىل مىجەزلىك، خاراكتېرى ئۈستۈن قىزلاردىن سانىلاتتى. ئۇ مەكتەپتە يېشى توختىغان ئادەملەردەك يۈرەتتى. قەلبى گويا بارلىق داۋالغۇشلار، راست ـ يالغان خۇشاللىقلار، يوللۇق ـ يولسىز تەلەپلەر ئۈچۈن تاقاقلىق ئىدى. ئۇ گويا سىرلىق تېپىشماقتەك مېنى، پۈتكۈل خىيالىمنى ئەسىر قىلىۋالغانىدى.

قەدرىيە يىرىم يىلغا بارمايلا ئۆزىنىڭ ئەڭ ئەقىللىك، ئەڭ تىرىشچان، ئەڭ ئەلاچى ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. ئۇ ئادەتتە گەپ قىلمىغىنى بىلەن پىكرى چوڭقۇر، ئىنكاسى تېز، ئىمتىھاندىكى نەتىجىسى يۇقىرى ئىدى. ئۇنىڭ يەنە دىتىغا ياقمىغان ئىشلارنى، گەپلەرنى، تېتىقسىزلىقلارنى زاڭلىق قىلىشقا تەييار تۇرىدىغانلىقى ھەرقانداق نەرسىنى كەم - كوتىسىز كۆرۈشنى خالايدىغان قىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. قەدرىيە ئادەتتىكى ئەدەپ - قائىدىلەردىن تارتىپ ئىنچىكە مەسىلىلەرگىچە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلاتتى. ئۆزىگە خاس دۇنياسى، ئۆزىگە خاس خۇشاللىقلىرى، غەملىرى، دەردلىرى، كەچمىشلىرى بار ياشلارنىڭ ئاسان ئىنتىلىپ، ئاسان ۋاز كېچىدىغان، ئاسان قىزىپ، ئاسان سوۋۇيدىغان ئۆزگىرىشلىرى ئالدىدا ئۇ ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى قىزلاردىن ئەمەس ئىدى. ئىككىمىز زادىلا پاراڭلىشىپ باقمىغان بولساقمۇ، ئۇنىڭغا بارغانسېرى باغلىنىپ قېلىۋاتاتتىم.

مەن شۇ يېشىمغىچە نۇرغۇن قىزلار بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇغان، بىر مەھەللىدە چوڭ بولغان. لېكىن، ھېچقايسىسى قەدرىيەدەك چىرايلىق، جەزبدار كۆرۈنمىگەنىدى. ئۇنىڭدىكى تۇغما ئېغىر - بېسىقلىق، غۇرۇر، گۈزەل ئەخلاق - پەزىلەت مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغانىدى. مەن قەدرىيە ھەققىدىكى پاراڭلارغا بەكمۇ قىزىقاتتىم. قەدرىيەنىڭ ماڭغان ئىزى، قىلغان سۆزى، كىيگەن كىيىملىرى، قىسقىسى، ھەممە نەرسىسىگە

دىققەت قىلاتتىم. ئادەم ۋە گەپ خالىمايدىغان، ئاسان يىقىنلاشقىنى، ئاسان تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغان، كىتابقا دوم چۈشكەن بۇ قىز ھەقىقەتەن مېنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالغانىدى.

مەن ئۈمىد بىلەن كۈتكەن يېڭى يىل كېچىسى ئاخىر يېتىپ كەلدى. مەن بۇ كېچىدە بىرەر مۆجىزە يۈز بېرىپ قەدرىيە ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرەر باغلىنىشنىڭ بولۇپ قېلىشىنى تەمە قىلىۋاتقىلى خېلى كۈنلەر بولۇپ قالغانىدى. بىز نەچچە كۈن ئىلگىرىلا پائالىيەت ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ تەييارلىق قىلىشتۇق. بۇ سىنىپىمىزدا ئۆتكۈزۈلىدىغان تۇنجى قېتىملىق پائالىيەت بولغاچقا، ھەممىمىز قىزغىنلىق بىلەن قاتناشتۇق. قىز - ئوغۇللار بىر - بىرىدىن تارتىنىپ، قورۇنۇپ تۇرسىمۇ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناشتى، ئاخىرىدا تانسىغا چۈشۈپ كەتتى. بۇ ۋاقىتنى قانچىلىك تەلمۈرۈش، ئىنتىزارلىق ئىچىدە كۈتكەنىدىم - ھە. ئەپسۇس، قەدرىيە بۇ پائالىيەتكە كېچىكىپ كىرىپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا چىقىپ كەتتى. ۋۇجۇدۇم لاسسىدە بوشاشتى. قەلبىم بىردىنلا ئازار يېدى. قەدرىيەدىن تۇنجى قېتىم ئۈمىدسىزلەندىم. ئۇ ۋاقىتلار تانسا - ئۇسسۇل تازا ئەۋج ئالغان، بولۇپمۇ شىمالنىڭ ئىلغار پىكىرلىك، جەڭگىۋار، ئەركىن، شوخ قىزلىرى مەكتەپتە ھەر شەنبە - يەكشەنبە كۈنلىرى ئېلىپ بېرىلىدىغان تانسا سورۇنىدا ماھارىتىنى، گۈزەللىكىنى تازا جەۋلان قىلىدىغان، يىگىتلەرنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋېتىدىغان ئاجايىپ بىر مەزگىل ئىدى. ئەمما، قەدرىيە تانسا - ئۇسسۇل ئويناش تۇگۇل، كۆرۈشكىمۇ چىقمايتتى. سىنىپتىكى

كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگىمۇ زورمۇزور قاتنىشاتتى ـ ده، ئۆزاق ئولتۇرمايلا چىقىپ كېتەتتى. بۇ خىل ھالەت تاكى بەش يىللىق ئوقۇش ئاخىرلاشقۇچە داۋام قىلدى. مېنىڭ، شۇنداقلا ئۇنىڭغا ئاشىق بولغان يىگىتلەرنىڭ ئۆزى سۆيگەن قىزنىڭ قولىنى، بەللىرىنى تۇتۇش شېرىن چۈشى كۆپۈككە ئايلاندى... قەدرىيە چۈشلۈك، كەچلىك تاماقنى ئۆيىدە يەيتتى، كەچتە ئۆيىگە كېتەتتى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە تاماق يېيىش، بىرەر قېتىم باغچىلاردا ئايلىنىش، گۈللۈكلەردە سەيلە قىلىش، قانغۇچە سىردىشىۋېلىش مۇمكىن بولمىدى.

※ ※ ※

سىنىپ مۇدىرىمىزنى يامان ئادەم دېگىلى بولمايتتى. ئۇ بىلىملىك، ئۆز كەسپىگە سادىق، ياش، تەجرىبىسىز ئوقۇتقۇچى ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى، نىيىتى ياخشى بولسىمۇ، لېكىن سىنىپنى ھېلىتىنلا ياشاش كويىغا كىرىۋالغان، ئالدىدا بىر خىل، كەينىدە بىر خىل گەپ قىلىدىغان شۆھرەتچى ئالىقاپلارنىڭ ئوغرىلىقچە قىلغان دوكلاتلىرىغا ئاساسەن ئىدارە قىلاتتى. ئەرزىمەس ئىشلارنىمۇ پرىنسىپقا كۆتۈرۈپ ھەممىگە چات كىرىۋالاتتى. ئوقۇغۇچىلارنى ھاقارەتلەيتتى، ئۇلارنىڭ غۇرۇرى، ئىززەت ـ ھۆرمىتى بىلەن ئوينىشاتتى. بۇنىڭ بىلەن ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا سۈركىلىش، قىلچە يول قويماسلىق، ئۆچمەنلىشىش، قارشىلىشىش كۈچىيىپ كەتتى. بۇ ئىش ئاخىر مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئالدىغا ئەرز سۇنۇشقىچە بېرىپ تاقالدى.

ئوتتۇزغا يېقىن ئوقۇغۇچى سىنىپ مۇدىرىنى ئېلىپ تاشلاش ھەققىدىكى پىكرىدە چىڭ تۇردى. ئەرزنامىدە يېتەرلىك دەلىل ـ ئىسپات، ھەتتا يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان ئاقىۋەتمۇ ئالاھىدە ئەسكەرتىلگەنىدى. ئەمما، ئۇ ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان يىل بولغاچقا، مەكتەپ تەشكىلى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەلىپىگە قوشۇلمىدى. سىنىپ مۇدىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىيالماي تەلپىكى سۇغا چۈشكەنلەرنىڭ بەزىلىرى بىر يۇمىلاپلا مەۋقەسىنى ئۆزگەرتىپ، سوۋغا ـ سالام تەييارلاپ، مۇئەللىمنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ناماقۇل بولۇپ، كەچۈرۈم سوراشقانىدى. سىنىپىمىزدا ساختىپەزلەر، ئىككى يۈزلىمىچىلەر ئاۋۇپ قالغاچقىمۇ، كېيىنكى ئوقۇش مەۋسۇمى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر، سوغۇق ھېسسىياتلار كۆرۈنشى، تالاش ـ تارتىش قىلىشلار، ھۆرپىيىشلەر ئىچىدە ئۆتتى، ھەتتا خېلى يىللارغىچە بىر ـ بىرىمىزگە ئاداۋەت بىلەن مۇئامىلە قىلىپ يۈردۇق.

قەدرىيە ئەرز قىلغانلار قاتارىدىمۇ، ناماقۇل بولغانلار قاتارىدىمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە ياقمىغان ئىشلارغا، گەپ ـ سۆزلەرگە، زىددىيەت، تالاش ـ تارتىشلارغا دۇچ كەلگەن چاغدىكى بىلىنەر ـ بىلىنمەس تەبەسسۇمى، ئىچكى ھېسسىياتىنى ئاسانلىقچە ئاشكارىلىمايدىغان بۇغداي ئۆڭ چىرايى، بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۇن ـ تىنسىز، ئىپادىسىز رەۋىشتە قاراشلىرى، ھەتتا بەزى يەڭگىلتەك قىزلارنىڭ: «دادىسىنىڭ يۈزى بىلەن يۇقىرى نومۇر ئالىدۇ» دېگەندەك پىتنە ـ پاساتلىرىغىمۇ قىلچە ئىنكاس قايتۇرماسلىقى بەزىلەرنىڭ جېنىغا پاتاتتى. نېمىلەرنىدۇر دېگۈسى

كىلەتتى، لېكىن پېتىنالمايتتى. چۈنكى، قەدرىيە ئامراق دادىسىنىڭلا ئەمەس، نۇرغۇن ئوقۇتقۇچى ـ ئۇستازلىرىنىڭ، ئەخلاق ـ پەزىلەت، شەرم ـ هايانى قەدىرلەيدىغان ساۋاقداشلىرىنىڭ، ئىشقىلىپ ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ ئەتىۋارلىق گۆھىرى ئىدى.

قەدرىيە ھېچ نەرسىگە پىسەنت قىلمايتتى، چۈشەنچە بېرىمەن دەپ ئاۋارە بولۇپ يۈرمەيتتى، ئۆزىنى ئاقلاشنىمۇ خالىمايتتى. بىر قېتىم سىنىپ مۇدىرى ئۇنى ماختاپ:

ــ قەدرىيە بىر مۆجىزە، قىزلار ئىچىدىن چىققان بىر مۆجىزە،ــ دېدى.

بۇ سۆز نۇرغۇن قىزلارنىڭ، بولۇپمۇ بالدۇرلا ئويۇن ـ تاماشا كوچىسىغا ئۆزىنى ئەركىن قويۇۋەتكەن، ئاخىرىدا نېمە قىلىشىنى، قايسى يول بىلەن قۇتۇلۇپ چىقىشىنى بىلەلمەي تېنەپ ـ تەمتىرەپ يۈرگەن قىزلارنىڭ قاتتىق ئوغىسىنى قايناتتى. بۇ تۈپەيلى قەدرىيەنى يامان كۆرۈپ تاكى ئوقۇش پۈتكۈزگىچە ئاداۋەت ساقلىدى، ئۇنىڭدىن قۇسۇر ئىزدەپ ياشىدى. قەدرىيە «مۆجىزە» بولمىغان ھالەتتىمۇ، كەم ـ كوتىسىز، تېپىلغۇسىز قىز ئىدى. مەيلى قايسى جەھەتتىن بولسۇن ھەرقانداق بىر قىز ئۇنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيتتى. ئۇ نۇرغۇن ئوغۇللار نەزىرىدە «پەرىشتە»، كەم ئۇچرايدىغان، يۈرەكنى ئويغىتالايدىغان «غايىۋى ئوبراز» ئىدى. بىز ئۇنى ياخشى كۆرەتتۇق، قەدىرلەيتتۇق، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلەتتۇق. پەرىزاتتەك، گۈلدەك نازۇك، كۆڭۈل ـ كۆكسى قاردەك ئاق ھەم پاكىز بۇ قىز ئەقلىنى، ھېسسىياتىنى كونترول قىلالايدىغان، كەلگۈسىدە چوڭ ئىشلارنى تەۋرىتەلەيدىغان

مۇكەممەل، ئىرادىلىك ئاياللار تېپىلغا كىرەتتى. بىزنىڭ پىكرىمىزچە ئۇ بىر بولسا دىپلوماتقا، بىر بولسا سىياسىيونغا تەگسە توغرا بولاتتى. شۇنداق قىلغاندىلا ئۇ ئۆزىنىڭمۇ، ئېرىنىڭمۇ قابىلىيىتىنى نامايان قىلىپ، شان ـ شەرەپىنىڭ چوققىسىغا چىقالايتتى. بىز ئۇنىڭغا يىراقتىن نەزەر سېلىشقا، خۇش ھىدىنى ھىدلاشقا لايىق، ئەمما قول ئۇزىتىشقا، يامان كۆزدە قاراشقا، يامان نىيەتتە بولۇشقا مۇناسىپ كەلمەيتتۇق. بىز ئوغۇللار شۇنداق ئويلايتتۇق ۋە شۇنداق قارايتتۇق.

كېيىنكى ئوقۇش يىللىرىدا ياش، جۇشقۇن مۇئەللىملەر، يۇقىرى يىللىقنىڭ دادىل ئوقۇغۇچىلىرى، كۇنبويى مەكتەپنى بېشىغا كىيىپ ئالىتاغىل توۋلىشىپ توپ تېپىپ، گىتار چېلىشىپ يۈرىدىغان، شوخلۇقتا، كەپسىزلىكتە، بەگباشلىقتا داڭ چىقارغان تەنتەربىيە سىنىپىنىڭ قاپ يۈرەك ئوقۇغۇچىلىرى قەدرىيەگە يېقىنلىششقا باشلىدى. ئۇنىڭغا توختىماي سۆز تاشلايتتى، مۇھەببەت مەكتۇپى يازاتتى. بىزنىڭ ھەرقانچە ئىچ تارلىقىمىز كەلسىمۇ، ئاغزىمىزنى ئېچىپ تۇرۇشتىن باشقا ئامالىمىز يوق ئىدى. بۇنى كۆرۈپ مېنىڭ ئوقۇش قىزغىنلىقىم تامامەن يوقىلىپ، روھىي ھالىتىم بۇزۇلۇشقا باشلىدى. قەدرىيەنىڭ ھاياتىمغا كۆرسەتكەن تەسىرىدىن ئۇنىڭ قىلچە خەۋىرى يوق ئىدى. ئۇ تالاي يىگىتلەرنىڭ قورشاۋىدا قۇياشتەك جىلۋە قىلىپ خۇشال ـ خۇرام ياشاۋاتاتتى. ئەمما، كۇنداشلىقتىن كېلىپ چىققان ئۆچمەنلىك، ئۇنىڭغا ئېغىز ئاچالماسلىقتىن كېلىپ چىققان بۇرۇقتۇملۇق مېنى كۇندىن ـ كۇنگە تۇگەشتۇرمەكتە ئىدى. كېچە ـ

كۆندۈز ئۈنىلا ئويلايتتىم، ئوچۇمدىلا ئەمەس، چۈشلىرىمدىمۇ ئۇ بار ئىدى. ئۇنىڭغا نۇرغۇن خەت يازدىم، ئەمما بىرىنىمۇ بېرىشكە جۈرئەت قىلالمىدىم. بۇ خەتلەر پۈتۈنلەي ھەسرەت، دەرد ـ ئەلەم، كۆز ياشلىرىم بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، قەدرىيەدىن كۈتىدىغانلىرىم مۇجەسسەملەنگەنىدى. خەتلىرىمنى بىرەلمەي ئۇلارنى توختىماي يىرتىپ تاشلايتتىم، قەدرىيەنىڭ ماڭا نەزەر كۆزىنى تاشلىمىغىنىغا قاراپ، ئۆزۈمنىڭ قول يەتمەس شاخقا ئېسىلىپ قالغانلىقىمنى ھېس قىلاتتىم. ئۇنىڭغا قەلبىمدىكىنى بىلدۈرەلمەي يا ئەستىن چىقىرىۋېتەلمەي، ئۇنىڭ زىلۋا قامىتى، چىرايلىق كۆزلىرىگە نېرىدىن مەپتۇن بولغىنىمچە ماراپ زەھەر يۇتقاندەك بولاتتىم. ئۇنى كۆرۈشمۇ، كۆرمەسلىكمۇ؛ ئويلاشمۇ، ئويلىماسلىقمۇ ئوخشاشلا ئازاب ئىدى. كۈنبويى ئۇنى كۆرۈشكە ئالدىرايتتىم، ئەمما كۆرگەن ھامان ئېغىر ھەسرەت يۈرىكىمنى قاپسىۋالاتتى. بىر كۈنى كەچلىك مۇزاكىرىدىن يانغاندا، ئۇنى بىر ئوقۇتقۇچى بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغان ھالدا كۆرۈپ قالدىم. شۇئان كۈنداشلىقىم قوزغىلىپ تاس قالدىم ھېلىقى مۇئەللىمنى دېرىزىدىن تاشلىۋەتكىلى... ئۆزۈمنىڭ قەدرىيەنىڭ ساۋاقدىشى بولغىنىمنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھېچنېمىسى ئەمەسلىكىمنى ئويلاپ ئاچچىقىمغا ھاي بېرىشكە مەجبۇر بولدۇم. توغرىسى، ئۇنىڭ ئالدىدا نوچىلىق قىلىشقا پېتىنالماي پەلەمپەيدىن يۈگۈرگەندەك چۈشۈپ كەتتىم. كاللام غوڭۇلداپ ئاجايىپلا بولۇپ كېتىۋاتاتتىم. ئاي قاراڭغۇسىدا پەرىشان

هالدا باغچىغا كىرىپ بىر توپ دەرەخكە يۆلىنىپ قىزلاردەك ئېزىلىپ يىغلاپ كەتتىم...

ئوقۇش پۈتكۈزۈشكە يېقىن قەدرىيەنىڭ روھىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان بەزى كۆڭۈلسىزلىكلەر يۈز بېرىشكە باشلىدى. بىر كۈنى تاپشۇرۇقنى ئاچقىلىپ كېتىپ ئۇزاققىچە سىنىپقا كىرمىدى. سىنىپ باشلىقى كارىدورغا چىقسا، ئۇ دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ كۆز يېشى قىلىۋاتقانىكەن. يېشى ئاللىقاچان ئاتمىشقا بېرىپ قالغان مۇئەللىم ھە دەپ يالۋۇرۇۋاتقانىكەن: «ئوينىشىپ چاقچاق قىلىپ قويغانىدىم...»

بۇ گەپنى ئاڭلاپ تالڭ ئاتقۇچە ئۇخلىيالمىدىم. چىشلىرىم غۇچۇرلاپ، غەزىپىم قايناپ تاشقاندى. خىياللىرىم شۇنچىلىك قورقۇنچلۇق، شۇنچىلىك دەھشەتلىك ئىدىكى، ئۆزۈممۇ تورۇپلا ئۆز خىيالىمدىن قورقۇپ ئەندىكىپ كەتتىم. قەدرىيەدەك ناتىۋان قىزغا ئازار بەرگەن مۇئەللىمنى دەسسەپ - چەيلىۋەتكۈم، پارچە - پارچە قىلىپ ئىتقا تاشلاپ بەرگۈم، ئاندىن كۆدە - كۆرپەمنى كۆتۈرۈپ ئارقامغىمۇ قارىماي يېزامغا كەتكۈم كېلىپ كەتتى... ئەمما، بىرلا ئادەمگە - قەدرىيەگە چىدىمايتتىم، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ ياشىيالمايتتىم. ئەمەلىيەتتە، مېنى ئازابلاۋاتقىنى كۆيۈك ئازابى ئىدى. ھەربىكتىم، كۆزلىرىم بۇ ئىشق ئازابىنى ئاشكارىلاپ تۇراتتى.

ئىككىنچى قېتىملىق ھۇجۇم سىنىپ مۇدىرىمىزدىن كەلدى. ئۇ چاغدا بىز «جەمئىيەت» پىراكتىكىسى قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئاقسۇغا بارغانىدۇق. قەدرىيە يىگىرمە يىلدىن بېرى كۆرۈپ باقمىغان تاغىسىنى

يوقلايدىغانلىقىنى ئېيتىپ توّت سائەتلىك روّخسەت سورىدى. موّئەللىم روّخسەت بەرمىدى. قەدرىيە ھېچ نەرسە دېمەستىن ئاقسوّلوّق ئوغوّل ساۋاقداشىمىزنىڭ باشلىشىدا تاغىسىنى يوقلىغىلى كەتتى. ئەزەلدىن سىڭلىسىنىڭ بالىلىرىنى كوّروّپ باقمىغان، ئائىلىسىدىكى ئون بالىنى قاتارغا قوشوّشنىڭ غېمىدە يوّرت ئاتلاپ چىقىشقا قادىر بولالمىغان تاغىسى ئوّنى باغرىغا بېسىپ توّكوّلوّپ - توّكوّلوّپ يىغلاپتوّ. سوئاللارنىڭ كوّپلوّكىدىن، تاغىسى، ھامىمىسى، نەۋرە توّغقانلىرىنىڭ مېھىر - موّھەببىتىدىن باشقىچىلا روھلىنىپ قالغان قەدرىيە تاغىسىنىڭ كوّڭلىنى ئاياپ نەچچە سائەت مېھمان بوپتوّ. ئوّلارغا قايتا - قايتا ئوّزرە ئېيتىپ قايتىپ كەلگەندە تېخى قاراڭغوّموّ چوّشمىگەن بولسىموّ، ئەمما سىنىپ موّدىرى ئوّنى زالدا يېتىشقا ئوروّنلاشتوّرغان، يىگىرمە نەچچە قىزنىڭ ئالدىدىلا:

— مەن شوّنچە يىلدىن بېرى پاختىنىڭ ئىچىدە ئوت ساقلىغانىدىم، بوّگوّن سىز ھەممىنى كوّيدوّروّپ كوّل قىلدىڭىز، ھەممىنى توّگەشتوّردىڭىز ... — دەپتوّ. قىزلاردىن بىرقانچىسى ئاۋاز چىقىرىپ كوّلوّشوّپتوّ. پىچىرلىشىپ مەسخىرە قىلغانلىرىموّ بوپتوّ، لېكىن قەدرىيە ھېچ نەرسە دېمەپتوّ. بوّ گەپلەرنى ئاڭلاپ سىنىپ موّدىرىمىزغا شوّنچىلىك ئوّچمەنلىكىم كەلدىكى، ئوّنى تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن. شوّنىڭ بىلەن قاتمال، ئەقەللىي مېھىر - موّھەببەتنىموّ چوّشەنمەيدىغان بوّ موّئەللىمنىڭ ئوبرازى كوّز ئالدىمدا بىردىنلا پوّچەكلەشتى. قەدرىيەموّ بوّ ئوّمرىدە موّئەللىمگە ئىككىنچىلەپ قارىماي قويدى.

ئوقۇشىمىز پۈتتى، قەدرىيەنىڭ ئازار بەرگەن بىرەر ئادىمى، ئايرىلىشقا چىدىمايدىغان بىرەر يېقىن دوستىمۇ يوق ئىدى. ئۇ خاتىرە سۈرەتكە چۈشۈشكىمۇ قىزىقمىدى. ساۋاقداشلىرىنى ئۇزىتىشقا بېكەتكىمۇ چىقمىدى. خوشلىشىش سائەتلىرىدە قىلچىمۇ ئىككىلەنمەي ئۆيىگە كېتىۋالدى. ئۇ يۇمىلاق تاۋۇزلارغا، ئىرادىسىز، غايىسىز، ئېتىقادسىز دۇنياغا نەپرەت بىلەن قارايتتى. ئۇ ئۆز دۇنياسىدا، ئۆزىگە تەئەللۇق ماكاندا خاتىرجەم، تىنچ، مەنىلىك هايات كەچۈرىدىغان قىز ئىدى... قىسقىسى، ۋىجدانلىق، غۇرۇرلۇق، گۈزەل، ئەمما ئاتا ـ ئانىسىنىڭ، ئائىلىسىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى، بايلىقى بىلەن ئەزىلىنىپ، روهىي ئۇستۇنلۇكتە ياشاۋاتقان، تولىمۇ تاش يۈرەك، هاكاۋۇر قىزغا باغلىنىپ قالغانلىقىم، ئۇنى ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ تېخىمۇ چىن ئىخلاسىم بىلەن ياخشى كۆرۈپ قېلىۋاتقانلىقىم، قەلبىمدىكى يارىنىڭ بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىپ، روهىمنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە چۈشۈپ كېتىشى مېنىڭ ئەڭ چوڭ بەختسىزلىكىم، تەتۈر پېشانىلىكىم، كاج تەقدىرىم ئىدى. خېلى يىللارغىچە قەدرىيەدەك قىزلارنى ياخشى كۆرۈشنىڭ، قولغا كەلتۈرۈشنىڭ، ئەڭ مۇهىمى، روهى، هەم قەلبىدىن ئورۇن ئېلىشنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىنى تولۇقى بىلەن چۈشەنمىگەن، هېس قىلالمىغان بەختسىز ياش ئىدىم...

خىزمەتكە چىقىپ بىرەر يىلغىچە روهىم چۈشۈپ، يېلى چىقىپ كەتكەن توپتەك سالپىيىپلا يۈردۈم. قەدىرىيەنى كۈندە كۆرۈپ تۇرىدىغان مەكتەپ هاياتىنى بەكمۇ سېغىندىم. ئۇنىڭغا قاراشقا، سۆزلىشىشكە، قەلب

سىرلىرىمنى ئېيتىشقا پېتىنالمىغان بولساممۇ، بۇ مۇھەببەت بارغانسېرى كۈچىيىپ، بارغانسېرى ئۇلغىيىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئوتى مېنى كۆيدۈرۈپ كۆڭۈل قىلىپ تاشلايدىغاندەكلا قىلاتتى. ھېلىتىنلا ھەممىدىن رايىم قايتقان، ياشاشتىن كۆڭلۈم قالغانىدى. بۇ مۇھەببەت ھەممىنى يەڭدى، ھەممىنى بويسۇندۇردى.

بىر قېتىملىق تويدا قەدرىيە بىلەن تاسادىپىيلا ئۇچرىشىپ قالدىم. بىز قىزغىن كۆرۈشتۇق، ئۇنىڭغا يېپىلىنىپ دېمىگەن گېپىم قالمىدى. ئۇ ئاخىر پاراڭلىشىشقا قوشۇلدى. تويدىن بالدۇرلا قايتىپ باغچىغا كىردۇق. باغچىنىڭ سىرلىرى ئۆچۈپ كېتەي دېگەن، شۇنداقتىمۇ كۆك رەڭدە سىرلانغىنىنى ئىلغا قىلغىلى بولىدىغان ئورۇندۇقىدا يانمۇيان ئولتۇردۇق. قەلبىمنى لەرزىگە سېلىۋاتقان بىر خىل بەختىيارلىق ۋە قانائەت تۇيغۇسىدا ئۇنىڭغا لەۋلىرىم، كۆزلىرىم، چىرايىمدا چوڭقۇر ئازاب، ھەسرەت ـ نادامەت ئەكس ئەتكەن، ئاۋازىممۇ تىترەپ ئارانلا چىققان، بەكمۇ دىلغۇل بولغان ھالدا قەلب سىرلىرىمنى تۆكۈپ تاشلىدىم. سۆزلىرىم گويا ئاغزىمدىن ئەمەس، جىسمىمدىن، ياق، يۈرىكىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر، ئەڭ نازۇك، ئەڭ ئازابلىق جايلىرىدىن چىقىۋاتقاندەك پۈتۈن بەدىنىم تىترەپ كېتىۋاتاتتى. ئۆزۈمنى ئىچ ـ ئىچىمنى ھەسرەت قاپلىغان، پىغانىم قىيانداك دەۋرەپ تۇرغان، ئاۋازىم بوغۇلۇپ، قاتتىق ئازار يېگەن ھالەتتىكى ئۈۋالچىلىقتا تېڭىرقاپ قالغان بىچارىدەك ھېس قىلدىم. ئۇنىڭ ئۈچۈن چەككەن تالاي رىيازەتلىرىم، ھەسرەتلىرىم، ئەلەملىك ئىزتىراپلىرىم، ئاچچىق كۆز ياشلىرىم، ئۇيقۇسىز كېچىلىرىمنىڭ

پىغانلىق نالىسىنى بىر ـ بىرلەپ ئاشكارىلىدىم. ھەتتا، سەلدەك ئېقىۋاتقان ياشلىرىمنىمۇ يوشۇرمىدىم. قەدرىيە مۇڭلىنىپ، غەمگە پېتىپ، كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ماڭا ئېچىنىۋاتقانلىقىنى، ئىچ ئاغرىتىۋاتقانلىقىنى، ھېسداشلىق قىلىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. ئۇ قاتتىق ئۇھسىنغان ھالدا چىرايىمغا تىكىلدى.

— نېمىشقا يىغلايسەن، ئەكبەر؟ ئاتا ـ ئانىسى ھايات ئادەممۇ يىغلامدۇ؟...

— سېنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ تارتقان ئازابىمغا، غېرىب، مىسكىن كۆڭلۈمگە يىغلايمەن. مېنىڭ دەردىمنى چۈشىنىدىغان، ھالىمغا يېتىدىغان كىم بار؟ مېنى زاڭلىق قىلساڭمۇ، ياراتمىساڭمۇ مەيلى، ھەرھالدا بۈگۈن دەيدىغىنىمنى دەۋالدىم. ئەمدى ئۆلۈپ كەتسەڭمۇ ئارمىنىم يوق...

قەدرىيەنىڭ كۆزلىرىدىن مەن ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان مېھىر ـ مۇھەببەت، ھېسداشلىق تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۇنى ھېچقاچان بۈگۈنكىدەك مېھرىبان، يېقىملىق، كىشىنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىدىغان مۇلايىم ھالەتتە كۆرۈپ باقمىغانىدىم.

— دېگەنلىرىڭ راستمۇ؟ سەن ماڭا شۇنچە موھتاجمۇ؟

— قىلچە يالغىنى يوق! ساڭا شۇنچىلىك ئاشىقمەنكى...

— مېنى ئۇنتۇپ كېتىشنى ئويلاپ باقمىدىڭمۇ؟

— مېنى بۇلارنى ئويلىمىدى دەمسەن؟ كۆپ ئويلىدىم، ئەمما مۇمكىن بولمىدى. سەندىن سانسىز قېتىملاپ ۋاز كەچكەندىمەن، لېكىن ئۇنتۇيالمىدىم.

— نىمىشقا شۇنچە يىلدىن بېرى ماڭا ھېچ نەرسە دېمىدىڭ؟

— سەندىن قورقۇپ بولمامدۇ؟ — دېدىم راستچىللىق بىلەن.

قەدرىيە ئىختىيارسىز پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى.

— ئەمەلىيەتتە، مەن بىلەتتىم، بۇرۇنلا بىلەتتىم...

— قانداقچە بىلەتتىڭ؟ — مەن ھاڭ - تاڭ بولۇپ سورىدىم.

— ئۈچ يىل ئىلگىرىكى كەچلىك مۇزاكىرە ئاخىرلاشقان بىر كۈنى ھەممىڭلار ياتاققا قايتتىڭلار. مەن مۇنىرە بىلەن ئەتىكى نۆۋەتچى بولغاچقا، سىنىپ تازىلاشقا قالدۇق. مۇنىرە سۇ ئالغىلى چىقىپ كەتتى. مەن سىنىڭ پارتاڭنىڭ ئاستىنى تازىلاۋېتىپ، كۈندىلىك خاتىرەڭنىڭ يەرگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆردۈم. سىنىڭ دائىم بىرنېمىلەرنى يازغىنىڭنى كۆرەتتىم. بۇنىڭ ئەخلاقسىزلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسامۇ، كۈچىيىپ بېرىۋاتقان قىزىقىش بىلەن خاتىرىنى ۋاراقلىدىم. خاتىرە بەتلىرى پۈتۈنلەي مېنىڭ ئىسمىم، ماڭا مۇناسىۋەتلىك قۇرلار بىلەن تولغانىدى. مەن خاتىرىنى ئاستىلا قول سومكامنىڭ ئىچىگە تىقىۋەتتىم. قىلىۋاتقان ئىشىم توغرا بولمىغاچقا، يۈرىكىم ئەنسىز سوقاتتى. تازىلىقمۇ تۈگىدى. ئۆيگە قايتىپ، خاتىرىنى ئاۋايلاپقىنا سومكامدىن چىقاردىم. خاتىرىنى تۈن كېچىگىچە ئوقۇپ تۈگەتتىم. خۇددى ئاجايىپ تەسىرلىك، ئاجايىپ مىسكىن، ئاجايىپ مۇڭلۇق مۇھەببەت ئالىمىنى كېزىپ چىققاندەك، سىنىڭ مۇڭلىرىڭ، ئازابلىرىڭ ماڭا ئۆتۈپ كەتكەندەك بەكمۇ تەسىرلەندىم، ھاياجانلاندىم.

كۆز ياشلىرىم يامغۇردەك قۇيۇلدى. سەندەك كىلىشكەن، ئەمما تولىمۇ جىمىغۇر، تارتىنچاق بالىنىڭ قەلبىگە بۇنچە چوڭقۇر سۆيگىنىڭ، بۇنچە كۆپ دەرد ـ ئەلەمنىڭ يوشۇرۇنغانلىقى مېنى نەچچە كۈنگىچە ئازابلىدى... ئەتىسى سەھەردىلا سىنىپقا يېتىپ كەلدىم ـ دە، خاتىرىنى پارتاڭغا سېلىپ قويدۇم. سەنمۇ ھېچ ئىشنى بىلمەي قالدىڭ...

ــ نېمىشقا؟ ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپ پەرۋا قىلماي ياشىدىڭ، شۇنداقمۇ؟

مەن بەكلا ھاياجانلىنىپ كەتكەنىدىم. قەدرىيەنىڭ قوللىرىنى تۇتماقچى بولدۇم ـ يۇ، لېكىن پېتىنالمىدىم. ئۇنىڭغا بىچارىلەرچە تەلمۈردۈم. ئاۋازىمنىڭ «گاراڭ ـ گۇرۇڭ» چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ تۇراتتىم. ئۇنىڭ خۇمارلاشقان كۆزلىرىگە تىكىلدىم. شۇ ھامان ئىسسىق ياشلىرىم تورۇكلاپ چۇشۇشكە باشلاپ، مېنى ئۇنىڭ ئالدىدا يەنە ئوسال ھالەتكە قويدى. باشقا ياققا قارىۋېلىپ ھەسرىتىم ۋە ئېسەدىشىمنى بېسىشقا تىرىشتىم.

ــ ئۇ چاغدا بەك كىچىك ئىدۇق ئەكبەر، ئەمدىلا يىگىرمە ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان ئەمەسمىدۇق؟ مەن ھەممىنى بىلگەن بولسامۇ، ماقۇل دېيەلمەيتتىم.

ــ دېمەك، سەن ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، ماڭا قىلچە پەرۋا قىلماپسەن، شۇنداقمۇ؟ ئەمدىچۇ، ھازىرچۇ، قەدرىيە، ئېيتقىنا؟

كۆڭلۈم يەنە بىر قېتىم ئازار يېگەنىدى، قەدرىيە ئەنە شۇنداق شەپقەتسىز قىز ئىدى. ئۇ بىردىنلا لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ ماڭا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى:

ــ بىلسەم نېمە بوپتۇ؟ سەن مېنىڭ كۈنبويى ئەدەبىي

ئەسەرلەر ئىچىدە تەسىرلىنىپ، مۇڭلىنىپ، ھاياجانلىنىپ ياشايدىغانلىقىمنى، يەنە تېخى ماڭا ھېكايە ئېيتىدىغانلارنىڭ كۆپلۈكىنى بىلەمسەنغۇ؟ سەن ماڭا قەلب ئىزھار قىلغانمۇ؟ ھېچبولمىغاندا بىللە دەرس تەكرارلايلى دەپ باققانمىدىڭ؟...

نېمىلا دېسۇن، نېمىلا قىلسۇن، جىمىكى سەۋدالىقنى، ئىشق ئوتىنى، يۈرىكىمدىكى جاراھەتنى پەقەت مۇشۇ قىزلا ساقايتالايتتى. ئۇنىڭدىن شەپقەت، مەدەت تىلەۋاتقاندەك كۆزلىرىگە تەلمۈرۈپ قارىدىم.

— ئەمدى جاۋاب بېرەرسەن، ماڭا ئىچىڭ ئاغرىسۇن، قەدرىيە، مېنى تۇگەشتۈرۈۋەتمىگىن.

قەدرىيەنىڭ تۇيۇقسىز مۇڭغا چۆككەندەك بولغىنىنى كۆرۈپ لىپپىدە بىر ئۈمىد شولىسىنىڭ يوگۇرۈپ ئۆتكىنىنى كۆرگەندەك ئىچىم ئىسسىق بولدى، ئەمما ئۇنىڭ لەۋلىرى مىدىرلىشى بىلەن باشقىچە گەپلەر چىقىشقا باشلىدى:

— مەن پەقەت خاتىرە ئوقۇدۇم، ھېچكىم بىلەن سۆزلەشمىدىم. كىمنىڭ، نېمە ئەھۋالدا ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. قېنى ئېيتقىنا، نېمە دەردىڭ بار، ئەكبەر؟

— سەن مۇشۇ مىنۇتلاردىمۇ مېنى كولدۇرلىتىۋاتامسەن؟ سېنىڭچە، مەن چاقچاق قىلىۋاتقان ئوخشىمامدىمەن؟ مېنىڭ ھەسرەتلىك تۇرقۇم ساڭا كۈلكىلىك تۇيۇلۇۋاتامدۇ؟ مېنى قەستەن مەسخىرە قىلىۋاتامسەن؟ بۇ تارتقانلىرىم يەتمىسە سەن ئۇچۇن يەنە بىر ئۆمۈر دەرد تارتىشنى خالايمەن!

— «تۆگىنىڭ مەيلى بولسا يانتاققا بويۇن ئەگسۇن» مېنىڭ ياشاش ئۇسۇلۇم مۇشۇ، ساڭا باشقىچە مەرھەمەت ئاتا قىلىشىم مۇمكىن ئەمەس!

— توگىنىڭ مەيلى بار، يانتاقتا بويۇن ئەگدى. مەن سىنى ياخشى كۆرىمەن، ئۆلگۈچە ياخشى كۆرىمەن. سەندىن باشقا ھېچكىمگە، ھېچنېمىگە قىزىقمايمەن.
— ئاڭلىدىم، — ئۇ پەرۋاسىزلا ئىنكاس قايتۇردى. ئۇنىڭدىن كېلىۋاتقان ئىللىق خۇش ھىد مېنى سارالڭ قىلاي دېگەنىدى.
— جاۋاب بەرمەمسەن؟ — يەنە تاقەتسىزلىنىشكە، بىئارام بولۇشقا باشلىدىم. قانداقتۇر بىر جىددىيچىلىك، بىئاراملىق ئىلكىدە ئۇنىڭغا يېقىنىراق سۈرۈلدۈم.
— ھېچقانداق يىگىت ئۆزى سۆيگەن قىزغا بۇنداق ئاۋازدا تەلەپ قويمايدۇ.
شۇنىڭدىلا ئاۋازىمنىڭ قوپاللىراق چىقىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ خىجالەت بولدۇم. قەدرىيە ئۇدۇلىغا قارىغىنىچە كۆلۈمسىرەپ ئولتۇراتتى. مەن ئاللىقانداق دېلىغۇللۇق ئىچىدە سىقىلاتتىم، تىت ـ تىت بولاتتىم.
— ئۇنداقتا، ساڭا كىتاب ئوقۇپ بەرسەم بولامدۇ، نېمە قىلىپ بېرەي، قەدرىيە؟
— ئىختىيارىڭ، ئىشقىلىپ مەن ئاسان تەسىرلەنمەيمەن.
قەدرىيە شۇنچە گۈزەل، شۇنچە جەلپكار ھالەتتە ئىدى. باھار ئاپتىپىدەك كۈلۈپلا تۇراتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن ئازراق ئۈمىد باردەكمۇ قىلاتتى. «ئۇ زادى قانداق ئويۇن ئويناۋاتقاندۇ؟»
— مېنى نېمە قىل دەيسەن؟...
كۆزلىرىمدىن ئىختىيارسىز ئىككى تامچە ياش سىرغىپ چۈشتى. ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئاجىزلىقىم،

بىچارىلىكىم، جۇرئەتسىزلىكىم پۈتۈنلەي ئاشكارىلىنىپ قالغاچقا، لەۋلىرىمنى ئەلەم بىلەن چىشلىدىم. مەن ئۇنىڭ ھاكاۋۇرلۇقى، مەغرۇرلۇقى، ئۆزگىگە بولغان ئىشەنچى ئالدىدا پۈتۈنلەي يېڭىلگەن، تەسلىم بولغان ھالەتتە ئىدىم. نە ئۇنىڭ ئالدىدىكى غۇرۇرۇمنى قوغداشقا، نە ئۇنى تاشلاپ كېتىشكە قۇربىم يەتمەيتتى. قەلبىم ئىنتاي نالە قىلاتتى: «قەدرىيە، جېنىم قەدرىيە، مېنى قۇتقۇزۇۋالغىن، سەنسىز ئۆتكەن كۈنلىرىم مەن ئۈچۈن ھارام.»

ئىنتايىن جۇشقۇن، قىزغىن، مېھرىبان، گەپدان بۇ قىز ئالدىدا مەن پۈتۈنلەي گاچىغا ئايلىنىپ قالغانىدىم. ئۇنىڭ بۇلاقتەك يوغان، نۇرلۇق كۆزلىرىدىن پاكلىقى، ئاق كۆڭۈللۈكى، سەممىيلىكى تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا قارىسامىلا تىلىم تۇتۇلاتتى. ئۇ مېنى ئۆزگەرتىۋەتكەن، روھىي دۇنيايىمنى، تۇرمۇشۇمنى، بارلىق شېرىن چۈشلىرىمنى بەربات قىلىۋەتكەنىدى. نېمە دېيىشىمنى، قانداق قىلىشىمنى، بۇ سەۋدالىقنى قانداق يېڭىشىمنى بىلمەيتتىم. دەردىمگە داۋا ئىزدىگەندەك ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قارايتتىم.

ــ ئېيتقىنا قەدرىيە، مېنى زادى نېمە قىلسۇن دەيسەن؟

ــ سېنى بىر ئىش قىلدۇرۇشقا مېنىڭ ھەددىمۇ؟ سەن مېنىڭ ھېچنېمەم ئەمەس. يەنە كېلىپ بۇنداق پەرىشان تۇرساڭ سەندىن نېمىمۇ تەلەپ قىلالايمەن؟ بۇ ھالىڭدا مەندىن نېمىنى كۈتىسەن؟

ــ ماڭا بىرەر قېتىم ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ باقساڭ نېمە بولار؟

— سەن ماڭا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلدىڭمۇ؟ تويدا كۆرۈشۈپلا يېپىشىۋالدىڭ. كۆڭلۈمنىڭ نازۇكلۇقىنى بىلگەچكە مەردلىك بىلەن ماقۇل بولدۇم. نەچچە يىلدىن بېرى ئاغزىڭنى ئېشەك قىسىۋالغانمىتى؟...
— سەن ھېچكىمنى كۆزگە ئىلماي، ياۋا غازدەك گېدىيىپ يۈرسەڭ ساڭا گەپ قىلغىلى بولاتتىمۇ؟ ئۇ چاغلاردا ساڭا ئۆگىنىشتىن باشقىسى تېتىمايتتى. بۇنداق تۇرۇقلۇق ساڭا نېمىمۇ دېيەلەيتتىم، قەدرىيە، دېسەممۇ ھالىمغا يېتەمتىڭ؟
— ھازىرچۇ؟ غازنىڭ بوينى قىسقىراپ قاپتىمۇ؟
— ياق، تېخىمۇ ئۇزىراپتۇ، قەدرىيە، ئىككىلىمىزلا جەمئىيەتكە چىقتۇق، خىلمۇخىل ئادەملەرنى، خىلمۇخىل ئىشلارنى كۆردۇق. نۇرغۇن نەرسىلەرنى چۈشەندۇق، ھېس قىلدۇق. بىر – بىرىمىزنىڭ قەدرىگە يەتتۇق، سەن شۇنداق ئويلىمىدىڭمۇ؟
— راست دەيسەن،— قەدرىيە ئويغا پاتقاندەك تۇرۇپ كەتتى. مەن ئۇنىڭدىن ئۈمىد، ئىشەنچ، يالۋۇرۇش ئاھاڭىدا سورىدىم:
— شۇنداق ئىكەن، ئەمدىغۇ گېپىمنى ئاڭلارسەن؟
— ھەرقاچان، ھەر زامان ئىپادەڭگە قارايمەن.
قەدرىيە خىيلىلا يۇمشاپ قالغاندەك، ماڭا يول قويۇۋاتقاندەك قىلاتتى.
— سەن نېمە دېسەڭ شۇنى قىلاي...
— مېنىڭ ئۇنداق مۇستەقىل قارىشى يوق، قىزلار نېمە دېسە شۇنى قىلىدىغان ياۋاش ئادەم بىلەن خۇشۇم يوق.
قەدرىيە ماڭا قاراپ كۈلۈۋاتاتتى. لېكىن، ئۇنىڭ

كۆزلىرىدىن خۇشاللىقىنىڭ ئورنىدا قانداقتۇر ھودۇقۇش، تەمتىرەش، خىجىلچىلىققا ئوخشايدىغان ئالامەتلەر چىقىپ تۇراتتى. كۆڭلۈم پاللىدە يورۇپ كەتكەندەك بولدى. دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىدا زوڭزىيىپ قوللىرىمنى تىزلىرى ئۇستىگە قويۇپ، كۆچىيىپ بېرىۋاتقان ھاياجان، جاسارەت بىلەن ئۇنىڭغا ئەھدە قىلغاندەك:

— سەن ماقۇل دەيدىغان ئىش بولسا مەن ھەممىگە رازى. سېنى پۈتۈن كۈچۈم بىلەن بەختلىك قىلىشقا تىرىشىمەن. قەدرىيە، ماڭا رازىلىق بەرگىن! — دېدىم.

قەدرىيە ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە مەندىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ كەينىگە داجىپ، مەسخىرىلىك تەلەپپۇزدا:

— بۇ گەپ بەك بالدۇر دېيىلىپ قالدى، شۇڭا تەسىرلىك بولمىدى.

مەن دېگەنغۇ، بۇ قىزغا ھېچ نەرسە كار قىلمايدۇ، بىراۋنىڭ ئاجىزلىقىنى تۇتۇۋېلىپ كۈلۈش ۋە ھۇزۇرلىنىشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ. مېنى چۈشەنمەيدۇ، زادىلا چۈشەنمەيدۇ. مەندەك ئەزەلدىن كۆپ گەپ قىلمايدىغان، كىشىلەرگە بەك ئارىلىشىشنى، يېقىنلىشىشنى ياقتۇرمايدىغان يىگىت ئۈچۈن بۈگۈنكىدەك ھاياجانلىنىش، ئاغزى بېسىقماي سۆزلەش، يېلىنىش ئېغىر كەلدى، نېرۋىلىرىمنى چارچىتىپ مېنى ساراڭ قىلاي دېدى.

— قەدرىيە، بولدى قىل ئەمدى، ماڭا ئىچىڭ ئاغرىسۇن! سەن ئۈچۈن ھەممىگە رازىمەن. پەقەت كۆڭلۈمنى قوبۇل قىلساڭلا...

— بۇ گەپنى ئۆزۈڭ دېدىڭ جۇمۇ، قىزلارنى قوغلاشقان ئادەم غەيۇر، سەۋر - تاقەتلىك، كەڭ قورساق بولۇشى كېرەك. خورلۇقنى ئۇنتۇشمۇ بۇنىڭ ئىچىدە.

قەدرىيە خېلى ئەستايىدىللىشىپ قالغانىدى. كۆزلىرىدىن، چىرايىدىن ئاللىقانداق بىر مۇلايىملىق، رايىشلىق، سەممىيلىك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

— بۇ دۇنيادا بىر كىشىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشتىن ئارتۇق ئازابلىق ئىش بولمىسا كېرەك. سەن بىر كىمنى ياخشى كۆرۈپ قالدىڭمۇ، بولدى، سۆزسىز ئۇنىڭ قۇلىغا ئايلىنىسەن... نېمە دېسەڭ مەيلى، ماڭا پۇرسەت بەرگىن، قەدرىيە.

— مەن ساڭا پۇرسەت بەرمىدىممۇ؟ پۇرسەت يارىتىشنى، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇشنى بىلمەمسەن؟ سېنىڭ گەپلىرىڭنى ئاڭلايمەن دەپ كەچ كىرىپ كەتتى، مانا، ئەمدى قايتايلى، بولمىسا گېپىمدىن يېنىۋالمەن جۇمۇ.

— دېمەك، رازىلىق بەردىڭ، شۇنداقمۇ؟

قەدرىيەنىڭ مەقسەتسىزلا ئېيتقان بۇ سۆزى ماڭا بىردىنلا جاسارەت بېغىشلىدى. ئۆزۈممۇ سەزمىگەن بىر چاققانلىق بىلەن قەدرىيەنىڭ ئالدىغا بىراقلا چامدىدىم.

— قارا، نېمىدېگەن چىرايلىق مەنزىرە، تەبىئەتتىن ھۇزۇرلىنىشنى بىلمىگەن، گۈزەللىكنى سۆيمىگەن ئادەم زېمىنغا ئارتۇقچە يۈكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بىز شەھەرنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسىدىن بىردەم زوقلىنايلى، ھازىر ماڭا پۈتۈن زېمىن كۈلۈپ قاراۋاتقاندەك، مېنى روھلاندۇرۇۋاتقاندەك تۇيۇلۇۋاتىدۇ.

— سەنمۇ چىرايلىق سۆزلەرنى قىلىشنى بىلىدىكەنسەن ـ ھە! ھەيران قالدىم...
— مەن ھەممىنى بىلىمەن...
نەدىن كەلگىنىنى بىلمىدىم، ئاجايىپ بىر جاسارەت بىلەن ئۇنىڭغا ئىنتىلدىم. تۇنجى قېتىم قەدىرىيەنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇۋالدىم. ئۇ شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى. ئوتتەك ئىسسىق، يۇمشاق قوللار يۈرىكىمنى لەرزىگە سالدى. يىگىتلىك ئىشقىمنى يېلىنجاتتى. مەن ئۇنىڭ قوللىرىنى كۆچەپ تارتىشلىرىغا پەرۋا قىلماي، تولىمۇ نازۇك، ئاپپاق قوللارنى لەۋلىرىمگە باستىم. قەلبىم يەنە بىر قېتىم لەرزىگە كەلدى. ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم قەدىرىيەنىڭ نۇرلۇق، خۇمار كۆزلىرىدىن ھۇزۇرلىنىش، بەدىنىدىن كەلگەن خۇش پۇراق ھىدتىن مەستخۇش بولۇپ بەختكە چۆمگەنىدىم. ئەمما، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي بىرەر سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويماسلىق ئۈچۈن مېڭەمنى سەگەك تۇتۇشقا تىرىشاتتىم.
نېمىشقىكىن، كۆزلىرىمگە ھېلىدىن ـ ھېلىغا ياش تولاتتى. پۈتۈن جىسمىم ھاياجاندىن ئوت بولۇپ ياناتتى. بىزنىڭ مۇھەببەتلىك ھاياتىمىز ئەنە شۇنداق باشلاندى. گويا مۆجىزە يۈز بەرگەندەك قەدرىيە ماڭا تەئەللۇق بولدى. مەن قەدرىيەنىڭ ئايدەك چېھرىگە ئوتلۇق كۆزلىرىمنى تىكىپ ئولتۇرالايدىغان، قەلب سىرلىرىمنى ئىزھار قىلالايدىغان بولدۇم. قەدرىيەدەك بىر قىزنىڭ مەندەك غەمكىن، تارتىنچاق، مىسكىن يىگىتكە كۆڭۈل بېرىشى پۈتۈنلەي تاسادىپىيلىق ئىدى. ھايات ماڭا باشقىچە مەنىدە قۇچاق ئاچقان ئاشۇ كۈنلەردە مەن بەختتىن تامامەن مەست بولغانىدىم. ئۆزۈمنى خۇددى

غەلىبە قازانغان سانغۇندەك خۇشال ھېس قىلاتتىم، مەغرۇرلىناتتىم.

قۇياش پارلاپ تۇرغان بىر كۈنى تۇمەن دەرياسى بويىغا چۈشتۇق. قويۇق مەجنۇنتاللار، قويۇق سۆگەتلىك سايە تاشلاپ تۇرغان پىنھان دالادا مەن كۈچىيىپ بېرىۋاتقان قىزغىن، ئەسەبىي تۇيغۇلارنىڭ تەسىرىدە قەدرىيەدىن قورقۇشنى، ئەيمىنىشنى ئۇنتۇپ ئۇنى باغرىمغا چىڭ باستىم. يىگىتلىك ئىشق ـ سەۋدالىق بىلەن ئۇنىڭ قاپقارا كۆزلىرىگە، سىلىق يۈزلىرىگە، قىپقىزىل لەۋلىرىگە سۆيدۇم. يىنىش ـ يىنىشلاپ سۆيدۇم. قەدرىيە دەسلەپ قارشىلىق قىلدى، ھەتتا تەھدىتمۇ سالدى. چاچلىرىمنى يۇلۇپ، قۇلاقلىرىمنى تارتتى. كۆزلىرىدىن غەزەپ، نارازىلىق ئۇچقۇنى چاچراپ تۇراتتى. ئەمما، مېنىڭ كۆزۈمگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمىدى، قۇلىقىمغا ھېچ نەرسە كىرمىدى. پەقەت ئۇنى ئاتەشتەك كۆيۈۋاتقان يۈرىكىمگە تىڭىشنى، چىڭ قۇچاقلاشنىلا ئويلايتتىم. ئاخىر ئۇنىڭ مىققىدە كۆكسى، نازۇك جىسمى ۋۇجۇدۇمدا يوپۇرماقتەك تىترەشكە باشلىدى. مەن بەختلىك ئىدىم. دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر ئەركەكتىن بەختلىك ئىدىم. شۇنچە يىل ئارزۇ قىلغان، تىلىگەن شېرىن چۈشلىرىم، مەڭگۈلۈك تىلەكلىرىم، ئارمانلىرىم ئىشقا ئاشتى. مەن ھاياتىمدىكى ئەڭ گۈزەل، ئەڭ ئەخلاقلىق قىزنى — مېنى كۆيدۈرگەن، سۆيدۈرگەن مەشۇقۇمنى باغرىمغا بېسىش بەختىگە مۇيەسسەر بولدۇم... يىللاردىن بېرى تارتقان دەرد ـ ھەسرەتلىرىم، كۈلپەتلىرىم، ھېسابسىز ئازابلىرىم، مېنى ئەقىل ـ ئىدراكىمدىن ئايرىغان ھېس ـ تۇيغۇلىرىم ئاخىر ئارام تاپتى. شېرىن سۆيۈشلەرنىڭ

لەززىتىدە تارتقان كۆڭۈلسىزلىكلىرىم بىر ـ بىرلەپ يوقىلىشقا باشلىدى. ھەممە خاپىلىق، ھەممە ئازاب بارا ـ بارا ئۇنتۇلدى. ۋۇجۇدۇمىمۇ يېنىكلەپ، ئازادىلىشىپ قالدى. بىز دەرەخكە يۆلىنىپ تۇراتتۇق، مەن ئۆز ـ ئۆزۈمگە: «مۇشۇ مەڭگۈ ئۇنتۇلماس، بەكمۇ شىرىن مىنۇتلارنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن قەدرىيەنى بىر ئۆمۈر ياخشى كۆرىمەن، مەڭگۈ قەدىرلەيمەن» دەپ ۋەدە بەردىم. قەدرىيە يىغلىغانىدى. گۈلدەك چىرايى غەمكىن، مۇڭلۇق، خىيالچان تۇسكە كىرگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ نەچچە قېتىم يىغلىدى، توي كېچىسىمۇ يىغلىدى. قىزنىڭ مۇلايىملىق، پاكلىق، ساداقەت جىلۋىلىنىپ تۇرغان ئۇياتلىق كۆز يېشى ئۇنىڭ مېنىڭ قەلبىمدىكى ئورنىنى، قىممىتىنى ۋە ئابرۇيىنى تېخىمۇ يۇكسەكلىككە كۆتۈردى. مېنى تېخىمۇ مەپتۇن قىلدى.

مۇھەببەت لەززىتىدىن مەست بولۇپ، بارغانسىرى دادىللىشىپ كېتىۋاتاتتىم. ئۇنىڭ قولىغا ئاسانلا چىقىدىغان چىرايلىق ئېڭەكلىرىنى تۇتۇپ يۇزلىرىنى ئۆزۈمگە قاراتتىم. قەدرىيە مەندىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ باشقا ياققا قارىۋالدى. ئۇ قاتتىق ئىزا تارتقان، خىجالەتكە پاتقانىدى. ئەمما، كۆزلىرىدىن ئاجايىپ بىر مەستخۇشلۇق، ھاياجان ئۇرغۇپ تۇراتتى.

ــ نېمە بولدى؟ مەندىن خاپا بولۇپ قالدىڭمۇ؟

ــ ئىشقىلىپ خۇش بولمىدىم، نېمىشقا بۇنداق قىلىسەن؟

ــ ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن، بۇ قەلبىمنىڭ بۇيرۇقى...

ــ قېلىن، ئىزا تارتىشنى بىلمەيدىغان.

ــ تىللا، قانغۇچە تىللىۋال، مېنى ماۋۇ دەرياغا تاشلاپ

ئېقىتىۋەتسەڭمۇ سەندىن رەنجىمەيمەن، لېكىن يېنىڭدا تۇرغاندا مېنى مەيدەمدىن ئىتتەرمە.

قەدرىيەنى قايتىدىن باغرىمغا باستىم. ئۇ قارشىلىق قىلمىدى. لەۋلىرىنى، يۇزلىرىنى مەندىن قاچۇرۇپ، يالۋۇرۇش ئاھاڭىدا ئېغىز ئاچتى:

— ئەمدى قايتايلى، كەچ بولۇپ كەتتى.

— يەنە بىردەم تۇرايلى.

— ياق، جازالىنىپ كېتىمەن.

— خىزمەتكە چىققان، توي قىلىش يېشىدىكى قىزنىڭ ئاز - تولا ئەركىنلىكى بولىدىغۇ؟...

— مەن بۇنداق ئەركىنلىكتىن قورقىمەن.

— نېمىشقا قورقىسەن؟

— سەن يېنىمدا بولغاچقا قورقامدىمەن؟!

— يەنە بىردەم تۇرايلى، مەن سېنى، مۇشۇ مىنۇتلارنى نۇرغۇن يىل چىدام، تاقەت بىلەن كۈتتۇم.

— بولدى ئەكبەر، سەندىن بىزار بولدۇم.

— بىزار بولساڭمۇ مەيلى، ئىشقىلىپ مېنى ئاز قىينىمىدىڭ.

— سېنى نېمىشقا قىينىدىم، بىلەمسەن؟

— بىلمەيمەن، ئېيتقىنا، مېنى نېمىشقا قىينىدىڭ؟ نېمە گۇناھىم ئۇچۇن شۇنچە يىللار قىينىدىڭ؟

— چۈنكى، سەن بىر ئەخمەق، مۆرىمەس، سەن نېمىشقا ماڭا مۇھەببەت خېتى يازمىدىڭ؟

— مەن يازغان، بەزىدە كۈندە بەش قېتىملاپ، ئون قېتىملاپ يازغان چاغلىرىم بولغان، لېكىن بىرىشقا پېتىنالمىدىم.

— مانا ئەمەسمۇ؟ قايسى كۈنى كۆرۈشكىلى ئۇنىمىغان

بولسام، سىرلىرىڭنى قانداق ئاشكارىلايتتىڭ؟ ئەر كىشى دېگەن جۇرئەتلىك بولۇش كېرەك.

— مەن راست ئەخمەق، جۇرئەتسىز، سېنىڭ دەردىڭدە نېمە بولسام بولغاندىمەن. قەدرىيە، ئەمدى ساڭا ئىشەنسەم بولامدۇ؟

— مەن ئەمدى سەن بىلەن بۇنداق يەرگە كەلمەيمەن.

ئىشتىن چۇشۇپلا شەھەرگە چاپاتتىم. قاتناش قولايسىز، ئالاقىلىشىش ئەپسىز بولغاچقا، قەدرىيە بىلەن كۆرۈشۈش ئاسانغا توختىمايتتى. كۆپ ھاللاردا شەھەرگە كىرگۈچە قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتەتتى. ھەپتىدە بىر ـ ئىككى قېتىم ئۇنى كۆرۈۋېلىش، بىللە مېڭىشتىن تارتىپ، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە مېڭىپ كىنوخانىغا كىرىش، يانمۇيان ئولتۇرۇپ كىنو كۆرگەچ پاراڭلىشىۋېلىش، ئەپلەپ ـ سەپلەپ قولىنى تۇتۇۋېلىش ياكى بىلىكىگە بىلەكلىرىمنى تەگكۈزۈۋېلىش... مېنىڭ ئەڭ چوڭ خۇشاللىقىم ئىدى. بىزنىڭ شۇ يىللاردىكى قىز ـ يىگىتلەرگە ئورتاق بولغان مۇھەببەتلىك ھاياتىمىزنىڭ ئەھمىيەتلىك، قىممەتلىك مەزمۇنلىرى ئىدى...

قەدرىيە راستتىنلا دېگىنىنى قىلدى. شۇ كۈنكى ئۇچرىشىشتىن كېيىن تۇرلۇك باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن مەندىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈردى. ئۇ ئۇسسىغان، چاڭقىغان، قۇرۇغان يۈرىكىمگە بىرقانچە تامچە نەملىك قالدۇرۇپلا، يەنە ئېگىز شاخنىڭ ئۇچىغا چىقىۋالغانىدى. ئەمدى ئۇنىڭغا كۆڭۈل سىرلىرىمنى بايان قىلغان خەتلىرىمنى ئالغاچ كېلىپ، خوشلىشىدىغان چاغدا قولىغا تۇتقۇزۇپ قويىدىغان بولدۇم. نەچچە قېتىم

بىلىنىپ ـ يالغۇزلۇق يۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن يەنە بىر قېتىم سۆگەت، مەجنۇنتاللار بىلەن قورشالغان دالادا كۆرۈشۈشكە پۇتۇشتۇم. قەدرىيەنى ساقلىغاچ كۆڭلۈمدە تۇرلۇك پىلانلارنى سوقتۇم. لىرىك تۇيغۇلار پۇتۇن ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سېلىپ ئاللىقانداق شېرىن خىياللار ئىچىدە مىنۇت ـ سېكۇنتنى ساناپ ئۆتكۈزمەكتە ئىدىم.

بىزگە ئوخشاش ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىغا نىسبەتەن باغچىلاردا، دەريا بويىدا يۈز كۆرۈشۈش ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس، ئوقۇغۇچىلىرىمىز بىلەن دوقۇرۇشۇپ قېلىش خەۋپى بار ئىدى. يەنە كېلىپ قەدرىيەمۇ بۇنداق بولۇشنى خالاپ كەتمەيتتى. قانداقلا بولسۇن، بۇگۈن قەدرىيە كەلسىلا ئۇنىڭغا توي قىلىش تەكلىپى قويىمەن. ئۇ مۇھەببەتنى ئويۇنچۇق قاتارىدا كۆرىدىغان قىز ئەمەس لېكىن، ئۆيدىكىلىرى ماڭا ماقۇل دەرمۇ ؟ قەدرىيە ئۆيدىكىلىرى ئالدىدا مېنىڭ تەرىپىمنى قىلىپ ئىككى ئېغىز گەپ قىلالارمۇ؟...

ھاياتىمدا يەنە بىر قېتىم مۆجىزە يۈز بېرىشىنى، قەدرىيە بىلەن توي قىلىشنى، زېرىكىشلىك، مەنىسىز تۇرمۇشنى يېڭىلاشنى، قاغجىرىغان دىلىمنىڭ ئارام تېپىشىنى ئىستەيتتىم. مۆجىزە ھەقىقەتەن يۈز بەردى. ھاياتىمدىكى ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشتى.

قەدرىيە قوشتەك يېنىك چامداپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ قىپقىزىل گىرىپتىن كۆڭلەك، ئاق باسنۇشكا كىيىپ، تېخىمۇ چىرايلىقلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ مېنىڭ ئالدىغا كېلىۋاتقىنىمنى كۆرۈپ بىردىنلا ھودۇقۇپ كەتتى. نېمىگىدۇر پۇتلىشىپ يىقىلغىلى تاس قالدى. مەن

ئـوقتەك ئـېـتـلـسـپ بېرىـپ ئـۇنى قـۇچـاقـلـىـۋالـدىـم. تېـپـىـرلاشلـىـرىغا پـەرۋا قـىلـمـاي يەردىن يۆلـۆپ ئېلـىـپ نەچچىنى پىرقىرىتىۋەتتىم.

ـــ سېنى بـەك سېغـىـنـدىـم. قەدرىـيە، باغـرىـمغا بـىـر بېسىۋالاي! تىنىقلىرىڭنى پـۇرىۋالاي! شۇ تاپـتا كۆزۈمگـە ھېچنېمە كۆرۈنـمـەيۋاتـىـدۇ،ـــ شۇ تاپـتـا خۇشاللـىـقتـىـن يۈتۈن ۋۇجۇدۇم ئوت بولۇپ كـۆيەتتى. ئـۇنى يىگـىـتلـىـك ئىشقىم بىلەن يىنىش - يىنىشلاپ قۇچاقلايتتىم، قىنىپ - قىنىپ پۇرايتتىم.

ـــ ۋايجان، بولدى قىلغىنا، تەنلىرىم ئاغرىپ كەتتى.

ـــ مـەن بۇگۈن سـېـنـى قويـۇۋەتـمـەيمـەن، ئـۆيگـمـۇ كەتكۈزمەيمەن.

ـــ ياخشىـغۇ، بۆرە ئۆۋۈسـىـغـا ئـۆز ئايىـغـىـم بىـلـەن كەپتىمەن - دە.

ـــ ئۇنىڭدىنمۇ خەتەرلىك، قەدرىيە، مەن سېنى ياخشى كـۆرىمەن. تەلـۋىلەرچە، ساراڭلارچە ياخشى كۆرىـمـەن. نەچچە يىلدىن بېرى تارتقانلىرىم يەتمەمدۇ؟ يەنە نىمىشقـا مېـنـى قـىـيـنـايسەن؟ نـىـمـىـشـقـا مېنـى شـۇنچە تـەقـەززا قىلىسەن؟ سېنىڭ مېنى زادىلا كۆرگۈڭ كەلمەمدۇ، مېنى ياخشى كۆرمەمسەن؟

ـــ ياق، قىلچىمۇ ياخشى كـۆرمەيمـەن، سـېنـىـڭ بـۇ بۇدۇشقاقلىقىڭدىن بەكمۇ بىزار بولدۇم،ـــ قـەدرىيە يەنـە چىشىمغا تېگىشكە باشلىدى.

ـــ نىمىـشقا ياخـشى كۆرمەيسەن؟ ئېـيـتقـىـنـا، زادى نىمىشقا؟

ـــ زادى نىـمـەڭنـى، نـەرىـڭنـى يـاخـشى كـۆرۈشنـى بىلمەيچۇ؟

قەدرىيە پوتونلەي مەندىن ئۆزىنى قاچۇرۇش بىلەن ئاۋارىدەك قىلىسىمۇ، كۆزلىرىدىن ئاللىقانداق مەستخۇشلۇق، شېرىن ھاياجانىنىڭ شولىسى پارلاپ تۇراتتى. لەۋلىرى، پوتون ۋۇجۇدى لاغىلداپ تىترەپ تۇراتتى.

— ئۇنداقتا، بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىڭ؟

— ھەرقانداق نورمال ئادەمنىڭمۇ ئۆزىنى چۈشەنمەيدىغان چاغلىرى بولىدۇ. نېمىشقا كەلگەنلىكىمنى، كىم ئۈچۈن كەلگەنلىكىمنى بىلمەيلا قالدىم.

— بۇ ھالىتىمىزنى — بىر تەن، بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كېتەي دېگەن ھالىتىمىزنى قانداق چۈشەندۈرىسەن؟ — ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا تاشلاشقا ئاران - ئاران تۇتۇۋالغان ھالدا تەشنالىق بىلەن لەۋلىرىگە تىكىلىپ توختىماي سوئال سوراپتتىم.

— ئېيتقىنا، بۇ ھالىتىمىز نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟

— مەن ھېچكىمنى سۆيمىدىم، قۇچاقلىمىدىم، قۇتۇلالمايۋاتىمەن شۇ...

— راست دەيسەن، ساڭا مەن كۆيگەن، مەن سۆيگەن، مەن قوغلاشقان، مەڭگۇ قوغلىشىمەن. سەنمۇ بارا - بارا مېنى ياخشى كۆرىدىغان، مېنى قەدىرلەيدىغان بولىسەن.

— سېنىڭ ئۈمىدىڭ مەڭگۈلۈك ئۈمىد ئوخشىمامدۇ؟ — يەنە شۇ مەسخىرىلىك كۈلكە، ئادەمنى زاڭلىق قىلىشقا ئاران تۇرغان نېپىز لەۋلەر.

— نېمىلا دېسەڭ مەيلى. سەن بىر ياخشى قىز. پەزىلەتلىك، ئاق كۆڭۈل قىز. مەن سېنى قەدىرلەيمەن، ھۆرمەتلەيمەن!

ــ ئارانلا شۇمۇ؟ سەن قاچانمۇ قىزلارنىڭ كۆڭلىگە ياققۇدەك گەپ قىلىشنى ئۆگىنەرسەن؟
ــ قالغىنىنى لەۋلىرىم دەيدۇ، مانا مۇنداق.
ــ بولدى قىل، ئەمدى سەن بىلەن ھەرگىز كۆرۈشمەيمەن، ــ قەدرىيەنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ كەتكەن، كۆزلىرى خۇمارلاشقان، تەنلىرى بوشاشقان ھالەتتە ئىدى. ئۇ قۇچىقىمدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ كېتىش ئۈچۈن خېلى تىركىشىپ باقتى.
ــ ماڭا ۋەدە بەرگىن، قەدرىيە، كۈندە كۆرۈشۈپ تۇرايلى، ساڭا زادىلا چىدىماي قېلىۋاتىمەن، تۈننى تاڭغا ئۇلاپ بولالماي قىينىلىپ كېتىۋاتىمەن، بۈنىڭدىن كېيىن سەن بىلەن كۈندە كۆرۈشمەن، بولمىسا ئىشىكىڭنىڭ ئالدىغا بېرىپ ياتىمەن.
ــ بىزنىڭ ئۆيدە ئۇنداق ياۋاش ئەركەكلەر يوق.
ــ ناھايىتى كەلسە ئىتنى قوغلىغاندەك قوغلىۋېتەر شۇ ياكى ئۇرۇپ خىمىرغا ئايلاندۇرۇپ ياتقۇزۇۋېتەر. مېنىڭ ئاشۇنداق مەنزىرىنى كۆرگۈم، بولۇپمۇ سېنىڭ شۇ خىل ئەھۋالدا قانداق پوزىتسىيەدە ئولتۇرىغا چىقىدىغانلىقىڭنى بىر كۆرگۈم بار.
ــ مېنى قويۇۋەت، ساڭا دەيدىغان مۇھىم گېپىم بار.
ــ دېگىنە قېنى؟ ــ مەن ئۇنىڭ شەھلا كۆزلىرىگە ئۈمىد بىلەن تىكىلدىم.
ــ مېنى قويۇۋەتمىسەڭ قانداق دەيمەن؟
ــ ياق، قويۇۋەتمەيمەن. مەن سەن بىلەن بەش يىل بىرگە ئوقۇپمۇ قولۇڭنى، بەللىرىڭنى تۇتۇش ئىمتىيازىغا ئېرىشەلمىگەن. سەن رەھىمسىز، باغرى قاتتىق قىز. قويۇۋەتسەملا غايىب بولىسەن.

— ئەمسە گېپىمنى دېمىدىم، بىراق بۇ ساڭا پايدىلىق گەپ ئىدى.

— ئۇنداق بولسا ئاڭلاي، نېمە گەپ ئىدى؟

— ياق، مەن بۇنداق ئەھۋالدا خاتىرجەم گەپ قىلالمايدىكەنمەن.

— بوپتۇ ئەمسە.

قەدرىيە مەندىن قېچىپ ئۇدۇلدىكى دەرەخنىڭ تۈۋىگە بېرىۋالدى. دەرەخكە يۆلىنىپ ماڭا يۈزلەندى. ئۇنىڭ بىر جۈپ ئالمىدەك كۆكسى دەم كۆتۈرۈلۈپ، دەم پەسىيىپ تۇراتتى. ئۇ شۇنداق تاتلىق كۈلۈمسىرىدى.

— ئانام: «ئەمدى ئۇ يىگىت بىلەن كۆرۈشمىگىن، تالا ـ تۈزدە كىشىلەرنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالساڭلار سەت تۇرىدۇ، يەنە كېلىپ ھەر ئىككىڭلار ئوقۇتقۇچى، مۇھەببەتلەشتىم دەپلا سۆرىشىپ يۈرسەڭلار، ئوبرازىڭلارغا تەسىر يېتىدۇ» دەيدۇ.

— ئاناڭ توغرا دەپتۇ، ئانا دېگەن قىزىنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىدۇ ـ دە، — بىردىنلا كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ روھىم چۈشتى، — ئۇ يەنە نېمە دېدى؟

— «ئۇ يىگىت قىزىمنى تولا ئاۋارە قىلمىسۇن، بولۇپمۇ دەل ـ دەرەخنىڭ دالدىسىدا» دېدى.

بۇرنۇمنىڭ ئۇچى تەرلەشكە باشلىغانىدى، قەدرىيەنىڭ كېيىنكى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ يەنە چاقچاق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدىم. ئۇ شوخلۇق بىلەن كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئۇ نەقەدەر ئەركىن، نەقەدەر خاتىرجەم، نەقەدەر مەغرۇر. مەن نەقەدەر بىچارە، نەقەدەر ئامالسىز ـ ھە!

كاشكى، ماڭا سالغان مۇھەببەت ئوتىنىڭ، سەۋدالىقنىڭ ئاز بىر قىسمىنى بولسىمۇ ئۇنىڭ

يۈرىكىگە سالغان بولسا خۇشاللىقتىن يۈرىكىم يېرىلىپ كەتمەسمىدى؟!...

ــ ئانام يەنە: «ئۇ يىگىتتىن سوراپ باق، مەيلى ئۇ هازىر ياكى كەلگۈسىدە بولسۇن سېنىڭ ياخشى كۆرۈشۈڭگە، قەدىرلىشىڭگە ئەرزىمدۇ؟» دېدى.

ــ سەن نېمە دېدىڭ؟

ئۇ مەيلى نېمىلا دېسۇن مەن جىددىيلىشىپ كېتىۋاتاتتىم. ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان هەربىر قارار هاياتىمنى ۋەيران قىلىشى مۇمكىن ئىدى.

ــ قىلچە ئىككىلەنمەي: «ياق، زادىلا ئەرزىمەيدۇ» دېدىم.

ــ ياخشى دەپسەن...

قەدرىيە ۋىلىقلاپ كۈلۈپ تۇراتتى. مەن بولسام ئۇنىڭ هەربىر سۆزى، هەربىر هەرىكىتى ئۈچۈن مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلەتتىم. بۇ قىزنىڭ مېنى چۈشىنىشى، ياخشى كۆرۈشى مۇمكىن ئەمەس. بىر كۈنلەردە ئۇ مېنى تاشلاپ كېتىدۇ، بەربىر تاشلاپ كېتىدۇ... سۆزسىزكى، كۆڭلۈم يەنە ئازار يېگەندى. «ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالسام يۈرىكىم هەسرەتتىن يېرىلىپ كېتەرمۇ؟... ئۇ مېنى ۋەيران قىلىدۇ، جەزمەن ۋەيران قىلىدۇ» دەپ پىچىرلىدىم ئەلەم بىلەن ئۆز ـ ئۆزۈمگە. ئەمما، مەن ئۇنىڭغا موهتاج، شۇنچىلىك موهتاجمەنكى، مەن ئۆزۈمۇ سەزمىگەن بىر غەمكىنلىك، مىسكىنلىك بىلەن قەدرىيە تەرەپكە چامدىدىم. ئۇنىڭ پاك ۋۇجۇدىدىن تەسەللى ئىزدىمەكچى بولغاندەك ئۇنىڭغا ئىنتىلىپ تۇراتتىم. بۇ قېتىم ئۇ مەندىن ئۆزىنى ئەپقاچمىدى، كۆزلىرىگە نازلىق بىلەن تىكىلىپ ئاجايىپ بىر نازاكەت

بىلەن مېنىڭ يېقىنلىشىشىمنى توسۇغاندەك ئىككى بىلىكىمدىن مەھكەم تۇتۇۋالدى. ئارقىدىنلا قىزىرىپ، تاتىرىپ ئۇياتچان نەزەردە باشقا ياققا قارىۋالدى.

— ئانام: «سىلەرنى ئەلچى كىرگۈزسۇن» دەيدۇ.

قەدرىيەنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قۇلاقلىرىمغا ئىشەنمەيلا قالدىم. شادلىقتىن يۈرىكىم توختىماي دۈپۈلدەيتتى، كۆزلىرىم ياشقا تولاتتى. مەن قەلبىمدىكى پەرىشتەمنى مەھكەم قۇچاقلىدىم. «مەن نېمىدېگەن ئامەتلىك، نېمىدېگەن تەلەيلىك ـ ھە!»

— قەدرىيە، خۇشالمۇسەن؟

— نېمىگە خۇشال بولىمەن؟ ھېچ چۈشەنمىدىمغۇ؟ — غالىب، مەغرۇر، پەرىشتە سۈپەت قىز يەنە شۇنداق ھۆكۈمران ئورۇندا ئىدى. ئاۋازىمۇ شۇنچىلىك تەبىئىي، شۇنچىلىك خاتىرجەم.

— راستىنى ئېيتقاندا، ئەكبەر، توي قىلىشتىن شۇنچىلىك قورقۇپ تۇرىمەن. توي قىلسىلا ھەممىدىن ئايرىلىپ قالىدىغاندەك ئازابلىق بىر تۇيغۇ باشتىن ـ ئاخىر روھىمغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ساڭا ئىشەنسەمۇ، زادىلا توي قىلغۇم يوق.

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بىردىنلا ياش ئەگىگەنلىكىنى كۆرۈپ جىددىيلىشىپ كەتتىم.

— ماڭا ئىشەن، قەدرىيە، سەن نېمە دېسەڭ شۇنى قىلىمەن، ھەممە ئىش سېنىڭ ئارزۇيۇڭ بويىچە بولىدۇ.

— قېنى كۆرەرمىز...

ئۇنىڭ مۇڭغا چۆككەن كۆزلىرىگە تىكىلىپ:

— مېنى ياخشى كۆرەمسەن؟ — دەپ يەنە بىر رەت سورىدىم.

— مۇمكىنمۇ... ئەرزىمدۇ؟...— ئۇنىڭ باشقىلارنى، ياق، يىگىتلەرنى، ئەركەكلەرنى مەسخىرە قىلىش ئۈچۈنلا يارالغاندەك، دائىم پۇرۇشتۇرۇپ تۇرىدىغان، ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشكە ماھىر لەۋلىرى...

ھاياجانلىنىپ شادلىقتىن نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قېلىۋاتقان بولسامۇ، كۆڭلۈمدىكى غەم - ئەندىشەمنى، بولۇپمۇ قەدىرىيە بىلەن ئارىلاشقاندىن بېرى تېخىمۇ كۈچىيىپ بېرىۋاتقان ئەندىشەمنى ئېيتماي بولمىدى.

— داداڭ ئۆزىنىڭ ئەڭ ئەتىۋار مەلىكىسىنى مەندەك نامراتنىڭ ئوغلىغا بېرىشكە قوشۇلارمۇ؟ مېنىڭ ئاتا - ئانام دېھقان خەق، سىلەرنىڭ ئائىلە بىزنى يارىتارمۇ؟

— دادام ھەمىشە: «نامراتلىق ئادەمنىڭ يانچۇقىدا ئەمەس، قەلبىدە بولىدۇ» دەيدۇ. يەنە: «قەدىرىيە ئالامەت بىر قىز بولدى، لېكىن ئۇ تېگىدىغان ئەركەكلەر تېخى تۇغۇلمىدى» دەيدۇ. مېنى ساڭا بېرىشكە ئەلۋەتتە چىدىمايدۇ. ساڭا تېگىدىغانلىقىمنى ئويلىسام ئۆزۈمگە بەك ئىچىم ئاغرىيدۇ، بىراق ئامالىمىز يوق.

— يەنە مېنى مازاق قىلغىلى تۇردۇڭمۇ؟ سەن قاچان چوڭ بولارسەن، قەدىرىيە، بىر قارىسا ھەممىنى بىلمىدىغان پىشقان ئايالغا، بىر قارىسا گۆدەك قىزغىلا ئوخشايسەن.

— راست دەۋاتىمەن. مەن كۆنۈپيى قىزلارنىڭ پېيىدە يۈرىدىغان شوخ، گەپدان، ئاياللارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشقا ئامراق ئەرگە ئەمەس، مىسكىن، دەردمەن، قەلبىدىكىنى سىرتقا چىقارماي مەھكەم بېسىپ ياتىدىغان بىر مۆرىمەسكە تېگىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمەن. بەلكىم بۇ مېنىڭ ھاكاۋۇرلۇقۇم، مەغرۇرلۇقۇمغا بەرگەن جازادۇر.

— ھەممىگە سەن سەۋەبچى، مەن سېنى كۆرۈپلا

ھەممىدىن ئايرىلىپ قالدىم. تىلىم تۇتۇلدى، دىلىم ئازار يېدى. مۇھەببەت ماڭا ئازاب، ئۈمىدسىزلىك، روھسىزلىق، ئېغىر ھارغىنلىق ئېلىپ كەلدى. بۇنىڭدىن كېيىن ھەممە ئىشلار ئۆزگىرىدۇ.

— ھەي تاڭ، پۈتۈن دۇنيا ئۆزگەرسىمۇ سەن ئۆزگەرمەيسەنغۇ دەيمەن. تۆگىنىڭ قۇيرۇقى قاچان يەرگە تەگكەن؟

— ئەمىسە نېمىشقا ماقۇل دېدىڭ؟ نېمىشقا ھېچكىمگە ئۇنىماي ماڭا تېگىشكە قوشۇلدۇڭ؟

قەدرىيە نېمىندۇر دېمەكچى بولغاندەك تۇرۇپ قالدى، ئاندىن شوخلۇق بىلەن سورىدى:

— راستىنى دەيمۇ، يالغىنىنىمۇ؟

— راستىنى...

— ئۇنداق بولسا راست گەپنى دەۋەتتىم، مەن شۇ پۈتۈن - سۆرۈك بىر ئەرنىڭ ھاياتىنى ۋەيران قىلماي دېدىم. سەن مەندىن ئايرىلساڭ ياشىيالمايدىغانلىقىڭنى، پۈتۈنلەي تۈگىشىدىغانلىقىڭنى ئېيتقانىغۇ... خاتىرەڭدە يېزىلغان تەسىرلىك، ھېسسىياتلىق، شېرىن سۆزلەرمۇ بار تېخى.

قەدرىيە شۇ قەدەر سەزگۈر ئىدىكى، ئۆزىنى ئەركىلىتىۋاتقان، پەپىلەۋاتقان مۇھىتتا بىمالال شۇڭغۇپ، بوۋاقلاردەك خاتىرجەم ۋە خۇشال - خۇرام ياشاشقا ئىنتىلەتتى، بۇنىڭدىن شادلىناتتى.

— راست، مەن ئېيتقان. پۈتۈن خەلقئالەم ئالدىدىمۇ بۇ سۆزلەرنى جاكارلىيالايمەن، قىلچە پۇشايمان قىلمايمەن، خىجىلمۇ بولمايمەن. ئۇنداقتا سەنچۇ؟

— بىرىنچىدىن سېنى قۇتقۇزۇش، ئىككىنچىدىن

بەربىر تويى قىلمىسام بولمايدۇ ـ دە، مەن بىچارىگە نېمە ئامال؟ــ قەدرىيە شۇنچە چىرايلىق، شۇنچە نازۇك، شۇنچە كۆڭۈلگە يېقىشلىق هالدا باهار ئاپتىپىدەك كۈلۈپلا تۇراتتى.

ــ هەي، سېنىڭ مۇشۇ ئاغزىڭنى لەۋلىرىم جىمىقتۇرمىسا باشقىسى كار قىلمايدۇ.

ــ بولدى قىلە، ئۆتۈنۈپ قالما، مېنى مۇشۇ ئاغزىم بىلەن قوشۇپ ئالسەن جۇمۇ.

ــ بىلىمەن، مەن سەن ئۈچۈن هەممىگە رازى. مەن بۇ سۆزلەرنى هەرگىزمۇ بىر دەملىك هەۋەسنىڭ كۈچى بىلەن دېمىدىم، چوقۇم شۇنداق قىلىدىغانلىقىمغا ئىشەنگەنلىكىم، چوقۇم شۇنداق قىلىش نىيىتىگە كەلگەنلىكىم ئۈچۈن دېدىم.

لېكىن، قەدرىيەگە بەرگەن ۋەدىلىرىم، قەسەملىرىمگە قانچىلىك ئەمەل قىلالىدىم؟ ئۇنىڭ ئۈچۈن قانچىلىك بەدەل تۆلىيەلىدىم؟ قانچىلىك قۇربان بېرەلىدىم؟

※ ※ ※

ــ قەدرىيە، توي قىلغىلى نەچچە ئاي بولدى، قاچانغىچە مەندىن تارتىنىسەن؟ ئۇ ئىشلارنى قويۇپ قېشىمدا بىر دەم ئولتۇرغىنا، سېنى سېغىنىپ كەتتىم.

ــ هازىرلا تۈگەيدۇ، ساڭا بارغانسېرى ئامراق بولۇپ قېلىۋاتقاچقا، سەندىن تارتىنىۋاتقان ئوخشايمەن.

ــ ئەكەل، ئاۋۇ كىيىملەرنى مەن يۇيۇۋېتەي، سېنىڭ مىجەزىڭ بولمىغاندىكىن بىر دەم يېتىۋال!

ــ توۋا دېگىنە، ئەر كىشىنى كىر يۇغۇزغان ئايالنى

ئايال كىشى دېگەنلى بولامدۇ؟ ئەر كىشىگە مەينەتنى كۆرسىتىش، مەينەت ئىشلارنى قىلدۇرۇش ياخشى ئايالنىڭ ئىشى ئەمەس...

— قورۇمىسنى مەن قورۇۋېتەي، سەن بىردەم ئارام ئېلىۋال.

— سەن ئەر كىشى قىلىدىغان ئىشنى تېپىپ قىلغىن، ئەر كىشى قازان بېشىغا ئۆتسە كوت ـ كوت بولۇپ قالىدۇ. مېنىڭ ۋاتىلداق ئەر بىلەن خۇشۇم يوق.

— قېيىنئاتامىۇ تاماق ئېتىشقا ئۇستىغۇ؟ ھەممىنى قىلالايدۇ، ئۇششاق سۆزمۇ ئەمەس، ھەقىقىي ئەركەكلىكى چىقىپ تۇرىدۇ.

— دادام دېگەن ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان دادا، بىراق ئۇلارغا نېمە ئامال؟ ئاتا ـ ئانىسى ياقا يۇرتتا قالغاندىكىن، ئانام يەتتە بالىنى تۇغۇپ، تۇغۇتتىن ئۆرە بولغۇچە ھەممىنى دادام قىلغان بولغىيتتى. بىزنىڭ شارائىتىمىز ياخشى، ھەممە نەرسىمىز تەل. ئايال كىشى دېگەن تاماق ئېتىپ، ئۆي تازىلاپ، كىر ـ قات يۇمىسا نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— راستىنى ئېيتسام، سېنىڭ مەكتەپتىكى ھالىتىڭگە قاراپ نۇرغۇن ئادەم: «بۇ قىز ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ گەپمۇ قىلالامدىغاندۇ؟ ئۆيدە ئىشمۇ قىلالامدىغاندۇ؟» دەپ ئويلايتتى. سېنىڭ تاماققا بۇنچىۋالا ئۇستا، ئۆي ئىشلىرىغا بۇنچە پىششىق ئىكەنلىكىڭنى ئويلىماپتىكەنمەن. خۇدا ماڭا سۆيۈملۈك، چىرايلىق، يەنە تېخى ئىشچان خوتۇننى ئاتا قىپتۇ.

— ئۆزۈمنىڭ ئادەتتىكى قىز ئەمەسلىكىمنى، مەن

بىلەن بىللە بولۇشنىڭ نەقەدەر بەخت ئىكەنلىكىنى ساڭا بۇرۇنلا ئېيتقانغۇ...

— تولا ئېيشىۋالما، بەختتىن سەنمۇ مەست بولۇۋاتقانسەن؟...

— مەن ساڭا دېدىمغۇ، خۇدا مېنى سەن ئارقىلىق جازالىدى دەپ.

— ماڭا تەگمىسەڭ سېنى كىم ئالاتتى؟

— ئاسانلا ئېرىشىپ قالغاندىكىن، نېمە دەۋالساڭ بولۇۋېرىدۇ.

ئۇنىڭ ئادەتتىكى مىجەزىگە زادىلا ماس كەلمەيدىغان مۇلايىم، رايىشلىقى، كەڭ قورساقلىقى، باغرىمدا يىلاندەك تولغىنىپ مەپتۇن قىلىشلىرى، تاتلىق ئەركىلەشلىرى... مەن ئۇنى بۇ قەدەر مېھرىلىك، بۇ قەدەر سۆيۈملۈك ھېس قىلمىغانىدىم. ئۇنىڭغا بولغان ئىشقىم كۆچىيىپ ھاياتىمنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملىشىدىغاندەك، بىر ئۆمۈر قانماي ئۆتىدىغاندەك قىلاتتىم.

بىزمۇ دۇنيادىكى بارلىق بەختلىك ئەر ـ خوتۇنلاردەك توي قىلغان دەسلەپكى نەچچە يىلنى بىلىپ ـ بىلمەيلا ئۆتكۈزۈۋەتكەنىدۇق.

قەدىرلىك ئايالىم ماڭا شېرىن تۇيغۇ، جۇش ئۇرۇپ تۇرغان شىجائەت، ھاياجان، ئېيتقۇسىز چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببەت ئاتا قىلىۋاتاتتى. مەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم، پۈتۈن ھېسسىياتىم بىلەن قەدرىيەنىڭ روھى ۋە جىسمىدىن تولۇق ئورۇن ئېلىش ئىستىكىدە ئوت بولۇپ يانغان، لاۋا بولۇپ كۆيۈۋاتاتتىم. بۇ قىز مېنى كۆيدۈرەتتى، سۆيدۈرەتتى، روھىمنى ئۇرغۇتاتتى. بۇلاقتەك يوغان،

نۇرلۇق كۆزلىرى، گىلاستەك نېپىز لەۋلىرى مېنى تامامەن مەست قىلغانىدى. ئىنسانلارغا ھۆزۈر، ئىللىقلىق، شېرىنلىك، خاتىرجەملىك، ئارامبەخش تۇيغۇ ئاتا قىلىدىغان جەننەتتەك ماكانىمىنىڭ ـــ ئىجارە ئالغان ئائىلەمنىڭ ھۆزۈرىنى يەتكۈچە سۈرگەنىدىم. جىسمىم ۋە يۈرىكىمدىكى ھاياجان شۇ قەدەر كۈچلۈك ئىدىكى، پۈتكۈل ئىنسانىيەت، پۈتكۈل دۇنيا قەدرىيەنىڭ نازۇك، مۇقەددەس، پاك تېنىگە، روھىغا مۇجەسسەملەنگەنىدى. ھايات ئەسلىدە مانا مۇشۇنداق گۈزەل ئىدى. تۇرمۇشمۇ ئەسلىدە مۇشۇنداق گۈزەل ئىدى. مەن پەقەت ئۇنى قۇچاقلاشنى، ئۇنىڭغا ئېرىشىشنى، قايتا ـ قايتا ئېرىشىشنى ئىستەيتتىم.

※ ※ ※

ھايات بىر خىل قېلىپتا ئۆتۈۋەرمىدى. مەكتىپىمىزدە يېشى ئەللىكلەرگە تاقاپ قالغان، بىلىمى، كەسپى، ئادەتتىكى قابىلىيىتى، خىزمەتتىكى ئىقتىدارى بىلەن ھەممىمىزنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان بىر ئايال ئوقۇتقۇچى بار ئىدى. ئۇنىڭ تەمكىن، قانائەتچان، خۇش پېئىل مىجەزىنى ھەممىمىز ياخشى كۆرەتتۇق. لېكىن، بۇ خانىم بىلەن مەكتەپ مۇدىرىنىڭ خۇشى يوق. شۇڭا، ھازىرغىچىلىك بىرىنچى دەرىجىلىك ئۇنۋانىنىمۇ ئالالماي يۈرەتتى. يىل بېشىدىكى ئۇنۋان باھالاشتا يەنە شۇ ئوقۇتقۇچى ئايرىپ قويۇلدى. مەكتەپ مۇدىرىنىڭ يولسىزلىقلىرىغا ئاران چىداپ كېلىۋاتقان بۇ خانىم ئاخىر بىراقلا پارتلىدى. مۇدىرنى سەتلەپ ئۇنىڭ

پارىخورلۇقىنى يۈزىگە سالغاندىن باشقا، يەنە مائارىپ ئىدارىسىگە ئەرز سۇندى. مەكتىپىمىزگە تەكشۈرۈش ئۆمىكى كەلدى. بىز ئۇلارغا ئامما ۋەكىلى سۈپىتىدە ھەقىقىي ئەھۋالنى دوكلات قىلدۇق. بۇ يالغۇز ئۇنىۋان مەسىلىسى، پۇل مەسىلىسى بولۇپلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى، ھەق ـ ناھەق مەسىلىسى بولغاچقا، «راست گەپتە ئەيىب يوق» دەپ كۆپرەك سۆزلەپ سايتىمەن.

مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئارقا تىرىكىنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى، مەكتەپلەرگە ئەھۋال ئىگىلەشكە چىقىشلارنىڭ رەسمىيەت ئۈچۈنلا ئىكەنلىكىنى ھەپتىدىن كېيىن ئاندىن چۈشەندىم. ئوتتۇز يىللىق خىزمەت تارىخىغا ئىگە خانىمنىڭ ئۇنۋان مەسىلىسى ھەل بولمايلا قالماستىن، بەلكى مەكتەپ مۇدىرىمىز چوڭ يىغىندا ھەممىمىزگە ئاشكارا تەھدىت سېلىپ:

ــ ھەرقانداق ئادەم ئالدى ـ كەينىمىزدە پىتنە ـ پاسات تېرىشقا، ئەرز قىلىشقا پېتىنىدىكەن، خىيالىنى خام چاغلىمىسۇن، ئۇ ھامان بىزنىڭ قولىمىزدا ئىشلەيدۇ. «ئويناشقاندا سىز يېڭىسىز، چىڭداشقاندا مەن» دېدى.

يىغىندىن قايتىپ ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كىردىم. مەقسىتىم ئۇنىڭغا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھايۋان ئەمەس، ئادەم ئىكەنلىكىنى، يەنە كېلىپ ئوقۇغان، بىلىملىك كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭ ئەلپازى يامان، سۆزلىرى قوپال بولغاچقا چىرايلىق سۆزلەشكىلى بولمىدى. مۇشتلىشىپ قالدۇق، بالا ـ قازا شۇنىڭدىن كېيىن باشلاندى. غەم ـ قايغۇسىز، بەختلىك ھاياتىمغا قارا سايە تاشلاندى.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتتى. «مەكتەپ مۇدىرىنى ئۇرغان، ئىنتىزامسىز، ئىتتىپاقلىقنى بۇزىدىغان» دېگەن نام بىلەن ناھىيەدىكى ئەڭ چەت يېزىغا پالاندىم. مەن يېزىغا بارمىدىم، لېكىن «ئەھۋالنى چۈشەندۈرىمەن، ھەققانىيەتنى ياقلايمەن» دەپ چېپىپلا يۈردۈم. ھېچبىر باشلىق مېنى ئىشخانىدىن قوغلاپمۇ چىقارمىدى، ھېچكىممۇ ماڭا «ئىشىڭنى بىجىرمەيمىز» دېمىدى. سىلىق ـ سىپايە گەپ، نەسىھەت، سىلىق ۋەدىلەر بىلەن يەنە بىر ئاي ئۆتتى. بۇ قېتىم «يېڭى خىزمەت ئورنىغا بارمىغان، ئاگاھلاندۇرۇشنى قوبۇل قىلمىغان» دېگەن جازا قوشۇلۇپ بىراقلا يېزىغا ھەيدەلدىم.

يېڭى ئىش ئورنۇم يامان ئەمەس، لېكىن شارائىتى ناچار ئىدى. ئۆيگە بېرىپ ـ كېلىشتە قاتناش بولمىغاچقا، ۋېلىسىپىتلىك ئىككى سائەت ئۆيۈمنى ئارانلا تاپاتتىم. يامغۇر ـ يېشىن بولغان، قاتتىق سوغۇق بولغان، قار ياغقان كۈنلەردە ئۆيگە قايتىش بەكمۇ تەسكە توختايتتى، سائەتلەپ ـ سائەتلەپ پىيادە مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. بىر كۈنلۈك خىزمەتتىن يېنىپ ئىككى سائەتلەپ جاپالىق ۋېلىسىپىت مىنىش مېنى تۈت كۈندىلا ھالسىراتتى. مەن ئاخىر مەكتەپنىڭ تولىمۇ كونا، زەي پۇراپ تۇرىدىغان ياتىقىنى ماكان قىلىپ ھەپتە ئاخىرىدا قايتىدىغان ئادەتنى باشلىدىم. باشقىلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغانلىقىم، يامانغا يانتاياق بولىدىغانلارنىڭ كۆپلۈكى، ھەققانىي، يوللۇق قارشىلىقلىرىمنىڭ زەربىگە ئۇچرىشى، مەكتەپ مۇدىرىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئۆسۈۋاتقان نوپۇزى روھىي

دۇنيايىمغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتكەنىدى. مەن بارا ــ بارا چۈشكۈنلىشىشكە باشلىدىم.

كېيىن بىلسەم مېھرىبان ئانامنىڭ ئىككى قېتىملىق بالا ــ قازادىن ئامان قالغان ئوغلىغا بولغان چەكسىز كۆيۈمى، دېڭىزدەك چوڭقۇر مۇھەببىتى مېنىڭ قەلبىمدە ئاجايىپ بىر نازۇكلۇقنى، ھەددىدىن زىيادە سىشچانلىقنى شەكىللەندۈرگەنىكەن.

چەتكە قېقىلىش، يەكلەش، زەربىگە ئۇچراشتىن شىكەستىلەنگەن كۆڭلۈمنى ئاۋۇتۇش، يالغۇزلۇق، غېرىبلىق ئازابىدىن قۇتۇلۇش، ئائىلەمنى، قەدرىيەنى، دادا مېھرىگە تەشنا گۆدەك پەرزەنتلىرىمنى ۋاقىتلىق ئۇنتۇش ئۈچۈن كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق تەسەللى تاپماقچى بولدۇم. لېكىن، كىتاب دېگەن نەرسىمۇ مېنىڭ غەمكىن كۆڭلۈمگە ئاراملىق بېرەلمىدى. چۈنكى، كىتابلاردا تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇش بىلەن رېئال تۇرمۇش بارغانسېرى يىراقلىشىپ پەرق چوڭىيىپ كېتىۋاتاتتى. شۇڭا، كىتابلار ئادەمنى تەسىرلەندۈرەلمەيدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتى. مەن قوشنا ياتاقتىكى بويتاق يىگىتلەرنىڭ ھە ــ ھۇسى بىلەن ئىچىملىككە بېرىلىشكە باشلىدىم.

بۇ خىل قىسمەت ئەزەلدىن ئەتىۋارلىنىپ كۆنۈپ قالغان قەدرىيەگە قاتتىق ئېغىر كەلدى. دەسلەپ ئۇ ماڭا ھېسداشلىق قىلدى، تەسەللى بەردى. ماڭا ئوخشاش ھامان بىر كۈنى ھەقىقەتنىڭ غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ ياشىدى. ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كۆڭلۈمنى ياساشقا تىرىشتى ــ يۇ، ئۆزى مىسكىنلىشىپ كەتتى.

مەكتەپنىڭ خېلى نېرىسىدا تولىمۇ خىلۋەت، پىنھان مەھەللە بولىدىغان، ئۇ يەرنى نۇرغۇن كىشىلەر چىرايلىق

قىلىپ «سەتەڭلەر كوچىسى» دەپ ئاتايتتى. كۆندۈزلىرى باشقا يېزا مەھەللىلىرىگە ئوخشاش ئەمگەك قايناپ تۇرىدىغان بۇ مەھەللە كېچىسى تېخىمۇ ئاۋاتلىشىپ كېتەتتى. شەھەردە يېڭىلا پەيدا بولغان ساناقلىق تاكسىلار بۇ مەھەللىگە قاراپ توختىماي چاپاتتى. ھاياتنىڭ ئۇزۇن، سىرلىق، مۆرەككەپ مۆجىزاتلىرى، ئېغىزغا ئالغىلى بولمايدىغان پەسكەشلىك، رەزىللىكلىرى، خىلمۇخىل ئويۇنلىرى مۇشۇ خىلۋەت كوچىدا ئوينىلاتتى.

ئىچىم پۇشۇشقا باشلىغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بەزىلەرنىڭ زورلىشى بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇ يەرگە قەدەم باستىم. مېنى خۇشخۇي، تولىمۇ يېقىملىق، مېھىرلىك چىراي كۈتۈۋالدى... ئىچىش، چېكىش، دەرد تۆكۈشلەردىن كېيىن باشقىچە شەكىل، باشقىچە ئۇسۇلدا لەززەتكە، خۇشاللىققا ئېرىشتىم. پۈتۈن بەدىنىم بوشىنىپ كەتكەن، چارچىغان ھالەتتە يېقىن ئەتراپتىكى ئېرىقتا يۇيۇندۇم. بۇ مېنىڭ قەدرىيەگە تۇنجى قېتىم خىيانەت قىلىشىم ئىدى. كېچىچە زادىلا ئۇخلىيالمىدىم. قاتتىق ئەپسۇسلاندىم، ئۆكۈندۈم، پۇشايمان قىلدىم. لېكىن، ئۇزاق كېچىنىڭ يالغۇزلۇقى، رەزىل، پاسكىنا، چاكىنا تەنلەردىن كېلىدىغان باشقىچە ھۇزۇر، تەسەللى بارا - بارا مېنى بۇ ئۇياتسىزلار دۇنياسىغا باغلىۋالدى... مەن بۇ يەردىمۇ لەززەتلىك، شېرىن بىر تۇيغۇنىڭ ھارغىن، ئېغىر بەدەنلىرىمنى ئىسكەنجىگە ئېلىۋالغانلىقىنى ھېس قىلغانىدىم...

قەدرىيە قىيىنىلىپ قالغانىدى، ئۇ دادىسىغا ئەھۋالنى ئېيتىپ مېنى ناھىيە ئىچىدىكى يەنە بىر ئوتتۇرا مەكتەپكە ئالماشتۇردى. قېيىنئاتام بۇ ئىشنى ۋاقتىدا

ئېيتمىغانلىقىمىز ئۈچۈن بىزگە تۈنجى قېتىم قاتتىق تەنبىھ بەردى. شۇ كۈنى مېنىڭ قەلبىمدە چۈشىنىكسىز بىر سىقىلىش، قاتتىق بىئاراملىق پەيدا بولدى. غۇرۇرۇم دەپسەندە قىلىنغاندەك غەشلىككە تولدۇم.

مەن ئازغىنا مائاشىمنى يەتكۈزەلمىگەننى ئاز دەپ، خېلىلا قەرزگە بوغۇلۇپ قالغانىدىم. ئىككى يىل بۇرۇنلا ئىككى بالا، ئۆي قەدرىيەگە تاشلىنىپ قالغاچقا، پەس، ئۇياتسىز ئىشلار ئۈچۈن خەجلەنگەن قەرزنىڭ گېپىنى ئۇنىڭغا ئېيتالمىدىم. لېكىن، قەرز ئىگىلىرى توختىماي سۈيلەپ تۇرغاچقا، قانداق قىلىشنى بىلمەي تىت ـ تىت بولاتتىم. يېڭى ئىش ئورنۇمدىكى ماڭا بەكمۇ يېقىنچىلىق قىلىدىغان قادىرغا بۇ ھەقتە ئېغىز ئېچىۋىدىم، ئۇ مەيدىسىگە ئۇرۇپ مەردلىك بىلەن شەنبە كۈنى مېنى ئاسانلا پۇل تاپىدىغان بىر يەرگە ئاپىرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ كۆڭلۈمنى ياسىدى.

ئويلىغىنىمدەك ئاسانلا پۇل تاپقىلى بولىدىغان يەر دەل قىمارخانا ئىدى. مەن ئۇزۇن، چىگىچ، يىرىك چاچ ۋە ساقال دۆۋسى، كۆكۈچ تومۇر، قان ئۇيۇپ قالغان ئىششىقلار، تارتۇقلار بىلەن تولغان ھاراقكەشلەر، قىمارۋازلار دۇنياسىغا قورقۇنچ، ساددىلىق بىلەن قەدەم تاشلىدىم. ھە دېگەندىلا ئامىتىم كېلىپ خېلى پۇللۇق بولۇپ قالدىم. ئۇدا نەچچە ھەپتىلىك ئويۇندا مەن ئاساسەن ئۇتتۇۋالغانىدىم. شۇ پۇل بىلەن قەرزلىرىمنى تۆلىۋالدىم. يۈرىكىمنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر يۈك، ئېغىر تاش يوقالدى. ھەقىقەتكە قايتىدىغان ۋاقتىممۇ بولۇپ قالغانىدى. لېكىن، نەچچە ھەپتىلىك قىمار سورۇنى، قولۇمغا ئاسانلا كىرىپ قالغان پۇللار،

سورۇندىكىلەرنىڭ «ئامەتلىك»نى ھەققىدە ئېيتقانلىرى قۇلاقلىرىمغا ياغدەك يېقىپ كەتكەن، ھەقىقەتەن ئامەتلىك ئىكەنلىكىمگە ئىشىنىپ قالغان بولغاچقا، بۇ ئويۇندىن ئۇزۇل - كېسىل ۋاز كېچەلمىدىم. ئەمما، بۇنىڭ قادىرنىڭ مەقسەتلىك ئويۇنى ئىكەنلىكىنى، بۇ ئويۇننىڭ مېنىڭ تەقدىرىمنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋېتىدىغانلىقىنى پەقەتلا ئويلىمىغانىكەنمەن.

مەن ئەسلىدىمۇ قادىرنىڭ ئۆيى، كىرىمى، جەمئىيەتتىكى ئورنى ھەققىدە ھېچنېمە بىلمەيتتىم. ئۇنىڭ بۇ قەدىمىي شەھەردىكى مۇزدەك سوغۇق، سۈرۈن، يېقىمسىز، دائىم قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، كۆزلىرىنى ئالايتىپ يۈرىدىغان قىمارۋازلارنىڭ كاتتىۋاشلىرىغا قەرز بولۇپ كەتكەنلىكىنى، ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن مېنىڭدەك جاھان كۆرمىگەن، ئىش كۆرمىگەن ئوقۇتقۇچىلاردىن سەككىز - ئوننى يولدىن چىقىرىپ نۇرغۇن قەرزگە بوغۇپ قويۇش بەدىلىگە ئۆزىنى قۇتقۇزغانلىقىنى بىلگىنىمدە، ۋاقىت ئاللىقاچان ئۆتكەن، جىمى يوللار ئېتىلگەن، بۇ قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇشتىن ئۈمىد قالمىغانىدى. ھەر كۈنى ئىشىكىمىز ئالدىدىن كەتمەيدىغان ھەر خىل ئادەملەر، ئۇلارنىڭ تۈلۈمدىن توقماق چىققاندەك سەۋەبسىز قىزغىنلىق بىلەن قەدرىيەگە قىلىدىغان يېقىنچىلىقلىرى، مېنىڭ كۈنلەپ - كۈنلەپ ئىشقا بارماي ئىسپىرايكا تاشلاپ بېرىپ ئۆيدىن چىقماي ئۇخلىشىم، غەم - قايغۇدىن قۇتۇلۇشنى ئىستەپ، ئەتەي ئۆزۈمنى خاتىرجەم كۆرسىتىشكە تىرىشىپ كېچىچە ئۇنى قىيناپ چىقىشلىرىم ھەرقانداق ئىشنىڭ ئالدى - كەينىنى ئەستايىدىل دەڭسەيدىغان،

بەكمۇ نازۇك، بەكمۇ مەغرۇر ئايالغا قاتتىق ئىچىم كەلگەن. ئەر خاپىلىقى ئۇنىڭ لەۋلىرىنى، چىرايلىرىنى تارتىپ، چىرايلىق ھۆسنىنى سولغۇنلاشتۇرۇپ، يۈرىكىنىمۇ ئاللىقاچان دەز كەتكۈزۈۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ مىجەزى ئۆزگىرىشكە باشلىدى. ئاسان يىغلايدىغان، ئاسان تېرىكىدىغان بولۇپ قالدى.

مەن قەدرىيەنىڭ مۇكەممەللىك قوغلىشىدىغان، پاكىز، گۈزەل، ھالال نەرسىلەرگە تەلۋىلەرچە ئىنتىلىدىغان، كەمچىلىك، خاتالىقلارغا بولسا قىلچە يول قويمايدىغان ئايال ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم. ئادەمنى تاڭ قالدۇرىدىغىنى، ئۇ كەڭ قورساقلىق، مەردلىك بىلەن ماڭا ئىشەندى. ئۇ سەۋر قىلدى، ھەممىگە چىدىدى. خاتا قىلغانلىقىمنى، بەكمۇ خاتا قىلغانلىقىمنى بىلەتتىم. تۇرمۇشۇمنى قايتىدىن باشلىسام تامامەن مۇمكىن ئىدى. ئۆزىدىكى ئاجىزلىق، يامان ئادەتنى تونۇپ يېتىش ۋە ئۆزگەرتىش ئۈچۈن جاسارەت، ئىرادە بولۇش كېرەككەن. ئەمما، ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى، سەمىمىيلىكى، ماڭا بولغان مۇھەببىتى مېنى ناچار ئادەتلىرىمنى تاشلىشىمغا ياردەم قىلالمىدى. مەن بوشاڭ، خىيالپەرەس ئادەم ئىدىم. باشقىلاردەك قانداق ياشاشنى، قانداق مېھنەت قىلىشنى، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى قانداق ئادا قىلىشنى بىلمەيتتىم. كاللامدىكى تۇرلۇك ـ تۈمەن گۈزەل خىياللارنى، قەدرىيەگە، كۈندىن ـ كۈنگە چوڭ بولۇپ ئەقىل كىرىۋاتقان باللىرىمغا بەرگەن ۋەدەمنى ئىشقا ئاشۇرۇش، مۇشكۈلچىلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئويلىنىش، سۆزلەشنىڭلا كۇپايە قىلمايدىغانلىقىنى، تۇرمۇشۇمنى قايتا باشلاش ئۈچۈن جاسارەت بىلەن

ئورنۇمىدىن دەس تۇرۇشۇم زۆرۈرلۈكىنى چۈشىنىپ يەتمىگەنىدىم.

مەن بېشىمغا كەلگەن بۇ بالا ـ قازادىن قانداق قۇتۇلۇشنى بىلمەيتتىم. قەدرىيەگە ــ مەن بىلەن توي قىلغاندىن بېرى قىلچىمۇ ماددىي كاپالەتكە ئېرىشەلمىگەن، چىشىنى چىشلەپ چىدام بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقان تولىمۇ غۇرۇرلۇق بۇ ئايالغا مېنىڭ بىر ئۆمۈر تۆلەپ بولالمىغۇدەك قەرزگە بوغۇلۇپ قالغانلىقىمنى ئېيتسام، ئۇ ھەرگىزمۇ كۆتۈرەلمەيتتى. جازانىخور ئاياللار، جەزخور ئەرلەر ئىزدەپ كېلىپ، ئۇنى ئالداشقا ئىمكانىيەت قالمىغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭغا ئاز ـ تولا راست گەپ قىلاتتىم. ھەممىنى يوشۇرۇپ قالالمايدىغانلىقىم ئۆزۈمگە ئايان ئىدى. بىر كۈنى قېيىنئىنىم دىلمۇرات ئۆيىمىزگە ئالدىراش كىرىپ كەلدى. قەدرىيە تاماققا تۇتۇش قىلدى. مەن بولسام ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم سۆزلەشتىم. ئۇنىڭ قاتتىق تەلەپ قىلغىنىغا قارىماي، يەنە بەزى گەپلەرنى ئېيتالمىدىم. مەسلىھەت پىشقاندا ئۇ قايتىپ كەتتى.

ــ دىلمۇرات نېمىدەپ كەپتۇ؟

قەدرىيە كۆزلىرىمگە مىختەك تىكىلدى. مەن ئۇندىمەي ئولتۇرۇۋالدىم. ئۇنىڭغا ھېچنېمە دېگۈم كەلمىدى.

ــ دىلمۇرات نېمە ئىش بىلەن كەپتۇ دەۋاتىمەن؟ ــ قەدرىيە يەنە سورىدى.

ــ بىزنى يوقلاپ كەلگەندۇ؟ ــ ئۆزۈمنى پەرۋاسىز، خاتىرجەم كۆرسىتىشكە تىرىشىپ تېلېۋىزورغا قارىۋالدىم.

ــ ئەجەب ئىش ـ ھە! سىنى يوقلاپ كېلىدىغانلار

نىمىدىگەن كۆپ. ئەكبەر، مەن سىنىڭ راست گەپ قىلىشىڭنى كۈتۈۋاتقىلى ئۇزاق بولدى، بۇنداق ياشاپ ئۆزۈڭنىمۇ، مىنىمۇ قىينىما. بىز دىگەن ئامراق ئەر ـ خوتۇنلار. ئارىمىزدا ئىشەنچ، سەمىمىيلىك، راستچىللىق بولۇشى كىرەك. قانداق دەرد بولسا بىللە تارتايلى...

ــ ھىچ ئىش يوق، بولسىمۇ ئۆتۈپ كىتىدۇ...

ــ ئۆتۈپقۇ كىتەر، لىكىن مۇشۇمۇ تۇرمۇشمۇ؟ كۈندۈزى ئۆلۈكتەك ئۇخلايسەن، خىزمەتكە بارمىغىلى ئىككى ئاي بولۇپ قالدى. سەن ئىستىقبالىڭنى دوغا تىكمەكچىمۇ؟ ماڭا راست گەپ قىلە، ئەھۋال شۇنچە ئېغىرمۇ؟ دىلمۇرات ساڭا نىمە دىدى؟ سەن زادى قانداق ئىشقا چىتىلىپ قالدىڭ؟ مىنى قىينىماي راستىڭنى ئېيتقىنا، ئەكبەر!

ــ ئىنىڭ بولغاندىكىن ئۆزىدىن سورىمامسەن؟ ــ كۈتۈلمىگەن بىر سەپرالىق مىڭەمنى ئۆرلىتىۋەتتى، ــ خوتۇن كىشى تۇرۇپ نىمىدەپ ئارىلىشىسەن؟ نىمانداق كۆزۈمگە كىرىۋالىسەن؟

قەدرىيە بىردىنلا ۋارقىراپ ـ جارقىراپ ئۆينى بېشىغا كىيدى.

ــ ھە، مۇنداق دە! ئەر كىشى بولساڭ مەيدەڭنى كىرىپ يۇرمەمسەن؟ ئوغرى مۇشۇكتەك ئۆز ئۆيۈڭدىمۇ خاتىرجەم ئولتۇرالمايسەن، يەنە تېخى شۇنداق بەتبەشىرە، ئەبگارلارنىڭ ئالدىغا مىنى چىقىرىپ قويىسەن... ھالىڭغا بېقىپ ئىش قىلساڭ بولمامدۇ؟!

ــ ھىلى بىكار ئاغزىڭغا يەيسەن!

ــ نىمە؟ مىنى ئۇرماقچىمۇسەن؟ ئۇرە! ئۇرمامسەن قىنى!

ئاچچىقىمدا ئاران تۇرغانىدا قەدرىيەنىڭ بىشەملىكى بىردىنلا زەردەمنى قايناتتى ـ دە، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماستىن ئۇنىڭغا ئېتىلدىم.
ــ مانا ئەمىسە!
بىر كاچات ئۇرۇش بىلەن تەڭ ھەممىنى ئۇنتۇپ ئۆزۈمنى سىرتقا ئاتتىم. قەدرىيەگە قانچىلىك ئۇۋال قىلغانلىقىمنى بىلەتتىم. لېكىن، بولغۇلۇق بولدى، ئۇنىڭ مەڭزىدىكى بەش بارمىقىمنىڭ ئىزى ھەپتىگىچە يوقالماي، مېنى پۇشايمان، خىجىلچىلىقتا يەتكۈچە قىينىدى.
بىزنىڭ جېدەل ـ ماجىرالىرىمىز شۇ كۈنىدىن باشلاندى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى بىز زادىلا چىقىشالمايدىغان، يول قويۇشمايدىغان بولۇپ كەتتۇق. تالاش ـ تارتىش، جېدەللىرىمىز ئارىلىقتا ئانچە ـ مۇنچە ئۈزۈلۈپ تۇرسىمۇ، قېتىم سانى كۆپەيدى. ئاخىر جېدەل ـ ماجىرالىرىمىزنىڭ خاراكتېرى ئۆزگىرىپ بىر ـ بىرىمىزنى ھاقارەتلەشكە، ئازابلاشقا، زىتىمىزغا تېگىشكە، ئاقىۋەت بىر ـ بىرىمىزدىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىشكە قاراپ تەرەققىي قىلدى. مەغرۇر، ئېسىلزادە بىر قىز بىردىنلا چىرايلىق ئالۋاستىغا، ھەممىنى ۋەيران قىلىدىغان، ھەممىنى بىتچىت قىلىدىغان چىرايلىق ئالۋاستىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ھەر قېتىملىق جېدەلدە رەھىمسىزلىك بىلەن تەكرارلايدىغان «ياخشى بولساڭ ئېشىڭنى يەيسەن، يامان بولساڭ بېشىڭنى» دەيدىغان سۆزى بەكمۇ جېنىمغا پاتاتتى. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى بىز بىر ـ بىرىمىزگە قىلچە يۈز ـ خاتىر قىلمايدىغان، قىلچە يول قويمايدىغان، بىر ـ

بىرىمىزدىن ئەيىب ـ نۇقسان ئىزدەيدىغان، ئاجىزلىقىمىزنى، ئەيىبىمىزنى يۈزىمىزگە سالىدىغان بولدۇق.

ئۆتكەن ئىشلارنى، ئائىلەمنى، ئاتا ـ ئانامنى تولا ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم. دادام ياۋاش، مۆمىن ئادەم، ئانام بولسا تېخىمۇ ياۋاش، ئىتائەتمەن ئايال ئىدى. ئۇلار بىزنىڭ ئۆيگە كەلسە قەدرىيە قىلغىلى قىلىق تاپالماي شۇنداق قىزغىن كۈتۈۋاتسىمۇ، بىر ـ ئىككى كۈن تۇرۇپلا قايتىپ كېتەتتى. هازىر ئۇلار يوق، كەمبەغەل بولسىمۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە خاتىرجەم، بەختلىك ياشىدى. تاپسا يېدى، تاپالمىسا شۈكۈر قىلدى. بۇ دۇنيادىن ئىمانى، ئىناۋىتى، ئېتىقادى بىلەن كەتتى. مەن بولسام تۇرمۇشۇمدا يامان يولغا ماڭدىم، ئەڭ سۆيگەن ئادىمىمنى ئالدىدىم، راست گەپ قىلمىدىم، يالغانچىلىقىم ھە دېسىلا پاش بولۇپ قالدى. ئائىلەمنى ئۆز قولۇم بىلەن ۋەيران قىلدىم. ئاقىۋەتتە، بۇ دۇنيا مېنى تاشلىۋەتتى. مۇھەببەت مېنى تاشلىۋەتتى. پەسلىك، يالغانچىلىق ئىچىدە ئۆتكەن نەچچە يىللىق هاياتىم مېنى ھەش ـ پەش دېگۈچە خاراب قىلدى.

بىر ھەپتىدىن كېيىن دىلمۇرات بىر توپ ئادەمنى ئالدىغا سېلىپ ئۆيىمىزگە كەلدى. قەدرىيە ھەممىدىن خەۋەردار ئادەمدەك ئۇن چىقارماي قازان بېشىغا ئۆتتى. ئۇ شۇ بىر تەستەك تۈپەيلى ھەپتىدىن بېرى ماڭا قارىمايلا قويدى، ھەتتا پەرۋامۇ قىلمىدى. ئىككىمىز ھېچ نەرسە دېيىشمىگەن بولساقمۇ، ئەتىگەندىن بېرى چېپىپ يۈرۈپ داستىخاننى نازۇنېمەتلەرگە تولدۇرۇۋەتكەندۇق. ئۆيىمىزگە كەلگەن مېھمانلارنىڭ

ۋاراڭ ـ چۇرۇڭى، تالاش ـ تارتىشى، ئەپسانە تىللىرى ئۆينى بىر ئالدى. قەدرىيەگە سەپسېلىپ قارىمىغان بولسامىمۇ ئۇنىڭ ئىزا، خورلۇق دەستىدىن يۈزلىرىنىڭ ئۆپكىدەك ئېسىلىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ تۇراتتىم. ساراي ئۆيگە كىرىمەن، يەنە چىقىمەن. ئولتۇرغانلارنى قاچان مۇشتلىشىپ قېلىپ بىر ـ بىرىگە پىچاق تىقىشۇېتەركىن دەپ كۆزۈم تۆت ئىدى. شۇنچە ۋالا زەھەرخەندە، ھېچكىمنى پوش دېمەيدىغان ئادەملەر ئارىسىدا دىلمۇراتنىڭ ھۇرپىيىپ، قوللىرىنى شىلتىپ كىملەرنىدۇر سەتلەۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلىپ قالدىم. ئاخىر ساراي ئۆيگە تولۇق ئەزا سۈپىتىدە چاقىرتىلدىم. دىلمۇرات سىلىق ئاھاڭدا:

— ئاكا، تەييارلاپ قويغان پۇلىڭىزنى چىقىرىڭ، بۇ ئاغىنىلەر بىلەن پۈتۈشۈپ بولدۇم. بۇگۈن ھەممە قەرزنى ئۈزىمىز، — دېدى.

بەكمۇ مۇشەققەتتە ئون مىڭ سوم جايلىغانىدۇق. كېيىن قەدرىيەنىڭ بۇ پۇلنى جايلاش ئۈچۈن تويلۇق جابدۇقلىرىنى سېتىۋەتكەنلىكىنى بىلىپ بەكمۇ تەڭقىسلىقتا قالدىم. ئۇ بۇنى دوستلىرىمدىن قەرز ئالدىم دېگەنىدى.

قىمارۋازلارنىڭ قائىدىسى بويىچە قايتا قىمار ئوينىماسلىق شەرتى ئاستىدا نۇرغۇن قەرزلەر كۆتۈرۈۋېتىلدى. لېكىن، تولىمۇ ساددا، تولىمۇ گوللۇقۇمدىن جەزخوردىن ئالغان پۇلغا «نەق پۇل ئالدىم» دەپ ھۆججەت يېزىپ بەرگەنىكەنمەن. شۇ پۇل بېشىمغا بالا بولۇپ ئېشىپ قالدى. قېيىنئىنىمنىڭ چىرايى بىردىنلا قارىداپ كەتتى. ئۇ مەن مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايدىغان

ئالاھىدە نەزەردە ماڭا تىكىلدى. ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن، ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن: «سەن ئەخمەق، بولۇمسىز، قىمار سورۇنىنىڭ ئەقەللىي قائىدىلىرىنىمۇ چۈشەنمەي تۇرۇپ قىمار ئويناپمەن دېگەنمىتىڭ؟ شۇڭا تېرىغان باللار ئىكەن ـ دە؟» دېگەن مەنە چىقىپ تۇراتتى. مۇشۇ ئاخىرقى ئون تۆت مىڭ بەش يۈز كوينىڭ ئىشىغا كەلگەندە ھۇرپىيىشلەر، غەزەپ بىلەن شىرە مۇشتلاشلار قايتىدىن ئەۋجگە چىقتى. دىلمۇرات قولىنى شىلتىپ پوپوزا قىلغان ھالدا:

ــ ھۇ خۇمسى گۇيلار، ئاكامغۇ ھېچ ئىشنى چۈشەنمەيدۇ، ھەرقايسىڭ نېمىشقا نامەردلىك قىلىشتىڭ؟ ئاچامنىڭ ئۆيى بۇزۇلسا ئىككى ئوغلىنى سەنلەر بېقىشامسەن؟ بوپتۇ، ئوغۇل باللىچىلىق قىلاي! بۇ پۇلنىڭ پارچە قىسمىنى ئېلىشساڭ، ھازىرلا ئالدىڭغا قويىمەن، بولمىسا بىر تىيىنىمۇ بەرمەيمەن. لېكىن، قايسىڭ ئاكامنىڭ مەكتىپىگە، ئىشىكى ئالدىغا كېلىشىدىكەنسەن، پىيىڭنى قىرقىۋېتىمەن...ــ دېدى.

ياللا، شۇنداق قاتتىق ھەربىي تۈزۈمدە چوڭ بولغان، يەنە كېلىپ مۇھىم ئورۇندا ئىشلەيدىغان قېيىنئىنىمنىڭ بۇنچىۋالا كارامەتلىرى بارلىقىنى زادىلا بىلمەيدىكەنمەن. قېيىنئانامنىڭ: «دىلمۇرات بەئەينى دادىسىنى تارتقان، دادىسىمۇ ياش ۋاقتىدا ھېچكىمنى پوش دېمەيتتى، ھەرقانداق سورۇننى قولىغا ئالاتتى» دېگىنىنى ئويلاپ ئېغىر خورسىندىم. ھېچكىم چىش يېرىپ بىرنەرسە دېيەلمىدى. پۇل بېرىلگەندىن كېيىن ھېلىقى يالپاق يۈز، غېنى «قاۋان» دېگىنى قولىنى تەڭلەپ مەنىلىك كۈلۈمسىرەپ:

— قېنى مۇئەللىم، قوللىرىنى بەرسىلە، بۇگۈن ئىنىلىرىنىڭ يۈزىنى قىلدۇق، بۇنىڭدىن كېيىن مەيلى قانداق سورۇندا بولسۇن، قىمار ئويناپلا قالغانلىرىنى ئاڭلىساقلا، كۆزىمىز بىلەن كۆرمىسەكمۇ پۇت - قوللىرىنى چېقىۋەتكەندىن باشقا، يەنە بىرگە ئون ھەسسە قىلىپ قەرز تۆلىتىمىز. مانا، ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ ھەممىسى گۇۋاھ، ئاڭلىدىڭلارمۇ؟

— ئاڭلىدۇق...

— سىلىمۇ ئاڭلىدىلىمۇ؟

— ئاڭلىدىم، — شۇنداق دېدىم - يۇ، دىمىم كېسىلىپ ئۆزۈمنى قويارغا يەر تاپالماي قالدىم.

— ئەكەلسىلە قوللىرىنى، — قولۇمنى ئۆزىتىشىم بىلەن ئۇ چىڭ سىقىپ قويۇۋەتتى، — بايا دېگەنلىرىم يادىلىرىدا تۇرسۇن جۇمۇ!

باياتىن قۇرۇق سۆڭەكنى تالىشىپ بىر - بىرىنى قان قىلغان ئىتلاردەك غالجىرلاشقانلار بىر - بىرىگە تەكەللۇپ قىلىشىپ قول چايقاشتى. «ئالسىلا، باقسىلا» دېيىشىپ بەھۇزۇر غىزالىنىشتى. ئارقىدىن بىرمۇنچە «رەھمەت، ھەشقاللا» بىلەن ئۇزاشتى. مەن دىلىمۇراتنىڭ ئاچىسىغا قايتا - قايتا: «پۇل دېگەن ئەر كىشىنىڭ قولىنىڭ كىرى، ئەمدى ئاكامغا تاپا - تەنە قىلما. قەرزنىڭ كۆپ قىسمى تۆلىنىپ بولدى، قالغىنىنى ئاستا - ئاستا تۆلەرسىلەر، تۆت يېرىم مىڭ كوي مېنىڭ ياردىمىم بولۇپ بولسۇن. ئالمادىن پۇل كېمىيىپ قالسا دەپ ئىدارەمنىڭ پۇلىدىن ئاچقىقاندىم، بۇ قەرزنى مەن ئۆزۈم يىل ئاخىرىغىچە ئۈزۈۋېتىمەن...» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.

دىلمۇرات گېپىنى تۈگىتىپ ماڭا قاراپمۇ قويماي «گۈس ـ گۈس» دەسسەپ چىقىپ كەتتى. ھاياتنىڭ مۇنداق كۆڭۈلسىز ئېقىمىغا غەرق بولۇش، ئەڭ ئەرزىمەس ئادەمدەك ھېچ ئىشقا قۇربىمنىڭ يەتمەسلىكى ماڭا ئېغىر زەربە بولدى.

بۇ ئاي تولغان كېچە ئىدى. قەدرىيە يېنىمدا يېتىپ توختىماي ئۇلۇغ ـ كىچىك تىناتتى، ئۇھسىناتتى. تەبىئەتمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ سوكۇتكە، مۇڭغا، ئويغا پاتقانىدى. ئۇ ئاخىر ئورنىدىن تۇرۇپ بالىلارنىڭ ھۇجرىسىغا چىقىپ كەتتى.

شۇ كېچىسى ھۇجرامدا يېتىپ تۇنجى قېتىم گويا قاتتىق ئۇۋۋالچىلىقتا، خارلىقتا ئۇچرىغان كىچىك بالىدەك يوتقىنىمنى مىجىقلاپ قانغۇچە يىغلاپ چىقتىم. بۇ ئائىلىدىكىلەر ئالدىدا مەن ئۆزۈمنى تۇنجى قېتىم تولىمۇ يار ـ يۆلەكسىز، باشپاناھسىز، خۇددى قامغاقتەك ناھايىتى ئاجىز، ناھايىتى زەئىپ ھېس قىلدىم. قەدرىيە بارغانسېرى ماڭا كۆيۈنمەيدىغان، مېنى قەدىرلىمەيدىغان بولۇپ كېتىۋاتاتتى. بۇنىڭدىن بەكمۇ بىئارام بولاتتىم.

ياشلىق دەۋرىمدىكى ماددىي ۋە مەنىۋى موھتاجلىق، بولۇپمۇ قەدرىيەگە بولغان ئىشق سەۋداسى، تۈگىمەس باش قېتىنچىلىقى مېنى تاغدەك باسقاندا، بويسۇندۇرۇشقا تىرىشقاندا، ئۆز ـ ئۆزۈمگە تەسەللى بېرىپ: «ئوتتۇرا ياشقا قەدەم قويغىنىمدا جەزمەن ياخشى ياشايمەن، ھەممە ئىشلىرىم كۆڭۈلدىكىدەك بولىدۇ» دېگەنىدىم. ئوتتۇرا ياشقا قەدەم قويغىنىمدا بولسا ھايات ماڭا پۈتۈنلەي باشقىچە قۇچاق ئاچتى. ياشاشقا بولغان رىغبىتىم ۋە غۇرۇرۇم دەپسەندە قىلىندى. ھەر ئىككىمىز ئېچىرقاپ،

روھلىرىمىز قاغجىراپ، مەنىۋى موھتاجلىق ۋە تەشنالىق ئازابىدا ھەر تەرەپكە تەلمۈرۈپ، ھەر تەرەپكە تەلپۈنۈپ يۈرىمىز... يوقاتقانلىرىمىز بەك كۆپ، لېكىن ئېرىشكەنلىرىمىزچۇ؟ بىز بۇ دۇنيادا ياشاپ زادى نېمىگە ئېرىشتۇق؟

يەنە چۈشكۈنلىشىشكە باشلىدىم. بارغانسېرى چۈشكۈنلىشىپ ھورۇنلىشىپ كېتىۋاتاتتىم. خىزمەتتىن خېلى بۇرۇنلا رايىم يانغانىدى، ئوقۇتقۇچىلىقنىڭ جاپاسىنىڭ ئېغىرلىقى، ئەمما مائاشىنىڭ تۆۋەنلىكى، بىزگە سەبىي، گۆدەك بالىلاردىن باشقا ھېچكىمنىڭ ھاجىتى چۈشمەسلىكى، ئىقتىسادقا بېرىپ تاقىلىدىغان تالاي كۆڭۈلسىز ئىشلار...

مەن ھوشۇمنى تاپقاندا «ئائىلە» دېگەن تولىمۇ بۈيۈك، تولىمۇ مۇقەددەس بۇ ئۇقۇمنىڭ مەنىسى تولىمۇ خىرەلىشىپ كەتكەن، قەدرىيەنىڭ شوخ، ئۇياتچان، جانلىق چىرايىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. ئىسسىق تاماق، ئىسسىق ئۆي، ئىسسىق يوتقان، ئىللىق كۈلكە، مېھىرلىك ئايال... ھەممە يوقالغانىدى. پەقەت تۇرمۇشۇمدا كۆزلىرىدىكى لىققىدە ياشلىرى ئېقىپ كېتەي دەۋاتسىمۇ چىرايىدىن، لەۋلىرىدىن قەتئىيلىك، مەنسىتمەسلىك، ئادەمنى ھەممىدىن بەزدۈرىدىغان سوغۇقلۇق، ئۆچەكشىش ئالامىتى چىقىپ تۇرىدىغان شەپقەتسىز ئاياللا قالغانىدى.

«مەن زادى نېمىنى يوقاتتىم؟ قاچان يوقاتتىم؟»

تۇرمۇشنىڭ بېسىمى ئارتتى. ئادەملەرنىڭ پىسخىكىسى بۇزۇلۇشقا باشلىدى. ئالدى بىلەن مېنىڭ، ئاندىن قەدرىيەنىڭ بۇزۇلدى. شوخ، روھىمۇ، جىسمىمۇ

ساغلام بۇ ئايال پۇتۇنلەي باشقا بىر ئادەمگە ــ بەئەينى چىشى يولۋاسقا ئايلىنىپ قالدى. بەزىدە ئۇ خۇددى ئېلىشىپ قالغان ئادەمدەك ئاغزىغا كەلگەننى دەيتتى. قىلچە ئاياپ ئولتۇرمايتتى. بۇنداق چاغدا ئۇنىڭ تىنماي ۋالاقلاۋاتقان ئاغزىنى يىرتىۋەتكۈم، ئۇنى ئۇرۇپ خېمىر قىلىپ ياتقۇزۇۋەتكۈم كېلەتتى. مەن چوقۇم شۇنداق قىلالايمەن، شۇنداق قىلىپ باققان، مېگەم توساتتىن كېرەكتىن چىققاندەك كاللامغا ھېچ نەرسە كەلمىگەن، ئۇنى ھارغۇچە، قانغۇچە ئۇرغان، دەسسەپ ـ چەيلىگەن، كىيىملىرىنى يىرتىپ تاشلىغان... بۇنىڭ بەدىلىگە ئىتتەك خارلىنىپ تۇرۇپ نەچچە كۈنلەپ، نەچچە ھەپتىلەپ يېلىنىپ يالۋۇرغان، ھەتتا ئەلەمگە چىدىماي يىغلىۋەتكەنىدىم.

كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان ھايات، كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان تۇرمۇش. كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان ئائىلە، كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان سۆزۈن تەلەت ئايال...

ئۆيدە ۋاقىت بەكمۇ تەستە، بەكمۇ تەستە ئۆتۈۋاتقاندەك قىلغان بىلەن چاچلىرىمغا ئاق كىرىشكە، پېشانەمگە رەھىمسىز قورۇقلار ئىز سېلىشقا باشلىغانىدى. ئالدىقاچان ھېچنېمىسى يوق، ھېچنېمىسى قالمىغان ئائىلىمىز... مۇشۇنداق ياشاپ، مۇشۇنداق قېرىپ، قاچان ئۆلۈپ بۇ دۇنيادىن ئايرىلىدىغىنىمىزغا كۆزۈم يەتمەيتتى. ھېچنېمىنى ئۆزگەرتىشكە قۇربىم يەتمەيتتى.

مەكتەپتىكى تۇرمۇش تۇرلۇك ـ تۇمەن يىغىلىقلار، تۈگىمەس ھارغىنلىقلار ئىچىدە شۇنداق تېز ئۆتۈۋاتسىمۇ، مەن زېھنىمنى يىغالمايتتىم. ئۆزۈمنى خۇشال، ئەركىن، تېتىك ھېس قىلالمايتتىم. كۆڭلۈمدە

بالىلىق دەۋرىمدىكىگە ئوخشاش ئاجايىپ بىر سولغۇنلۇق ئاستا ـ ئاستا باش كۆتۈرمەكتە. ياشاش ئۈمىدىم پۈتۈنلەي ئۈزۈلمەكتە ئىدى. گويا چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ئېغىر، مەيۈس، پەرىشان خىياللار روھىمنى كونترول قىلىۋالغانىدى. بۇ خىياللاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئىچىملىككە بېرىلىشكە باشلىدىم. دوستلىرىم كۆپەيدى، سورۇنلىرىم كۆپەيدى، بۇنىڭغا ماسلىشىپ قەرزلىرىممۇ كۆپىيىپ باردى...

مۇزدەك سوغۇق ياشلار، ئېتىبارسىز سۆيگۈلەر، قىممىتى قالمىغان، قىلچە ئەتىۋارى بولمىغان بەدەل تۆلەشلەر، غەم ـ غۇسسە، تاپا ـ تەنە، قاتتىق ـ يېنىك سۈركىلىشلەر قەدرىيەنى تامامەن ئۆزگەرتىۋەتكەن، ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسەتكەن، نېرۋىسى بۇزۇلۇشقا باشلىغانىدى. مۇئامىلىسى قوپاللىشىپ، گەپلىرى كۈندىن ـ كۈنگە سېسىپ كېتىۋاتاتتى. ماڭا، مەن بىلەن باغلىنىشلىق ھەرقانداق بىر ئادەمگە، ھەرقانداق نەرسىگە نەپرەت بىلەن قاراۋاتقان بۇ ئايالغا قاراپ نېمە دېيىشىمنى، نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قېلىۋاتاتتىم. گاڭگىرىغانسېرى يولدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتىم.

※ ※ ※

بىر كۈنى بولۇشىغا ئىچتىم، مېنى باشتىن ـ ئاخىر بىھۇدە ئازابلارغا سالغان ئايالدىن ئۆچ ئېلىش ئارزۇسى نېرۋىلىرىمنى كاردىن چىقارغانىدى. پەسكەش، چاكىنا، ۋەھشىي ئادەملەرنىڭ مەنتىقى بىلەن ئۇيگە چاپتىم.

ئەمما، ئۇ ئاللىقاچان ئوغۇللىرىمنىڭ ئارىسىغا كىرىپ يېتىۋالغانىدى. ئۇخلىمىغان بولسىمۇ ماڭا كۆز قىرىنى سېلىپمۇ قويمىدى. ئۇنىڭغا بولغان غەزەپ ـ نەپرىتىم چېكىگە يەتتى. بەربىر بۇ ئائىلىنىڭ ۋەيران بولىدىغان ۋاقتىمۇ كېلىپ قالغانىدى. بۇ ئايلىق خىراجەتكە ئىشلىتىش ئۈچۈن دادىسىدىن قەرز ئېلىپ چىققان بەش يۈز كوي پۇلنى يانچۇقۇمغا سالدىم ـ دە، ئۆينى تاشلاپ چىقىپ كەتتىم. نەچچە كېچە سىرتتا قونغاندىن كېيىن ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. ئۇنىڭغا كۆز ـ كۆز قىلغاندەك مۇنچىدا ئۇزاققىچە يۇيۇندۇم. ئاندىن ياستۇقنى قىرلاپ بەھۇزۇر ئۇيقۇغا كەتتىم.

ئۇ ماڭا پەرۋا قىلمىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ قاتتىق زەربىگە ئۇچرىغانلىقىنى بىلىپ تۇرساممۇ، ئۇنىڭ ئىپادىسىز چىرايىدىن، كۆزلىرىدىن ئۇنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي تېخىمۇ ئەسەبىيلەشتىم.

پەسلىك، مەينەتچىلىك ئەمدى باشلانغانىدى. ئارىمىزدىكى دۈشمەنلىك، ئۆچەكىشىش، قارشىلىشىش ئەۋجىگە چىققانىدى.

مەن كۈنبويى ئېغىر يۈك كۆتۈرۈۋالغاندەك بەكمۇ ئېغىر، بەكمۇ ھالسىز، بەكمۇ چارچىغان ھالەتتە ياشايمەن. روھىممۇ، تېنىممۇ زەئىپلەشكەن. قاچانغىچە مۇشۇنداق ياشايدىغانلىقىمنى بىلمەيتتىم، بىلىشنىمۇ خالىمايتتىم. بىرەر نەرسىدىن خۇش بولىدىغان، تەسىرلىنىدىغان، ھاياجانلىنىدىغان ئەپتىم يوق، گاھى ئاچچىق يۇتۇپ، گاھى بىغەم، پەرۋاسىزلارچە ياشاپ كۈن ئۆتكۈزۈۋاتاتتىم.

بۇ خىل ھالەت تاكى قېيىنئىنىم دىلمۇرات كۆزلىرى

قىزارغان غەرق مەست ھالەتتە مېنى ئىزدەپ كەلگەنگە، رېستورانىنىڭ ئايرىمخانىسىدا سۆزلەشكەنگە قەدەر داۋاملاشتى. مەن ئۇنىڭ كەيپىياتىغا قاراپ چوڭ بىر كېلىشمەسلىكنىڭ، خاپىلىقنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى جەزملەشتۈردۈم. مەن ئۇنىڭدىن خۇدۇكسىرەپ:
— ئۇكام، نېمىشقا ھاراق ئىچىسىز؟ تاماقلا بۇيرۇتايلى، — دېدىم.
— بۇگۈن ھاراق ئىچەيلى، ئاكا، چىلاشقۇچە ئىچەيلى. گەرچە بىر ئانىدىن، بىر دادىدىن بولمىساقمۇ شۇنداق چىرايلىق ئاچامنىڭ ئېرى بولغاندىكىن ئاكام - دە، سىز... بۇگۈن يوقىتىپ قويغان ئەركەكلىكىمىز ئۈچۈن، ئاندىن سىز ئامراق بولغاچقا ئىچەيلى، تويغۇچە ئىچەيلى. كىملەر بىلەن ئىچمىگەن ھاراق بۇ؟ ئىچەيلى!
— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ ماڭا ئاچچىقىڭىز بار ئوخشىمامدۇ؟ — مەن بىردىنلا سەگەكلەشتىم. تۇرۇپلا يىغانىم ئۆرلىدى. ۋۇجۇدۇم ئاللىقانداق ۋەھىمىدىن سوس تىترەيتتى. بېشىمدا يەنە قانداق يوشۇرۇن پالاكەتلەرنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى بىلىپ بولالماي ئاۋارە ئىدىم.
— ئاچچىقىڭىز؟... — ئۇ قىلچە يۈز - خاتىر قىلماي كۆزلىرىمگە مىختەك قادالدى. چىرايلىرى بىردىنلا قارىداپ، ئاۋازى كۆچەيدى، — مەن نېمە دەيتتىم؟ نېمىمۇ دېيەلەيتتىم؟ بىر قورساقتا ياتقان، بار - يوقىنىڭ دەردىنى بىللە تارتىپ چوڭ بولغان ئاچا مېنىڭ، خوتۇن بولسا سىزنىڭ - دە، بەلكىم ھېچنېمە دېمەسلىكىم كېرەكتۇ. چۈنكى، ئاچام سىزنىڭ نىكاھىڭىزغا ئۆتكىلى ئون ئىككى يىل بولدى، ئون ئىككى يىل شۇنچە ئاز ۋاقىتمۇ؟... دادام بىلەن ئانام ئۇنى سىز ئۈچۈنلا تۇغقان،

سىز ئۈچۈنلا ئارزۇلاپ ـ ئارمانلاپ، پەپىلەپ چوڭ قىلىپ بەرگەن. قىز ئىگىسى دېگەن بىزدەك بولامدۇ؟... يامانلاپ كەتسە ئەكېتىمدىغان ئېرى يوق، بىز ئاپىرىپ قويىمىز، كېسىلىگە، قەرزىگە، دەرد ـ ئەلەمىگە بىز ئىگە بولىمىز. خۇشلۇقىغا، ساغلاملىقىغا، مائاشىغا سىز ئىگە بولىسىز. بىچارە ئاچام نېمىشقا شۇنچە خارلىقتا ياشاپمۇ ئۆي دەپ ئاتالغان دوزاختىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ؟ چۈنكى، بىزنىڭ شۇنچە چوڭ ھەشەمەتلىك ئائىلىدە ئۇنىڭغا باش تىققۇدەك ئورۇن يوق. شۇڭا، بوسۇغىدىن دالجىمايدىغان ئىتتەك ھايات كەچۈرۈشكە مەجبۇر.

قېيىنئىنىمنىڭ كۆز ياشلىرى سەلدەك ئېقىپ كەتتى. نەزىرىمدىكى تولىمۇ قەيسەر، غەيۇر، دۇنيا ئالىقىنىدا تۇرغاندەك بەكمۇ خاتىرجەم ۋە مەغرۇر ياشايدىغان بۇ يىگىتنىڭ يىغىسى مېنى ھەيرەتتە قالدۇردى.

— بولدى، ھاراق ئىچمەيلى،— ئۆزۈمنى زورىغا بېسىپ ئۇنىڭ قوللىرىغا ئېسىلدىم. كۆڭلىدىكىنى بىلمەكچى بولغاندەك كۆزلىرىگە سىنچىلاپ قارىدىم. دىلمۇرات قوللىرىنى مەندىن ئاستا ئاجراتتى.

— ياق، ئىچەيلى ئاكا، ھاراق دېگەننى سىز بىلەن بىزدەك ئوقۇغان، ئەقلى بار ئادەملەر ئىچىدىغان نەرسە. ھېلىمۇ ئاز ئىچتۇقمۇ. بۇگۈن بىر قېتىم ئىچكەنگە نېمە بولاتتى. ئىچىم ئاچچىققا تولۇپ كەتتى. چىقىراي دېسەم ئېغىز يوق. دەرد دېگەن تارتىمۋەرسە بولىدىغان نەرسە ئەمەس ئىكەن. بىر كۈنى ئۆلۈپ كەتسەم شور پېشانە ئاچىسىنىڭ دەردىدە ئاچچىق يۇتۇپ ئۆلدى دەپ

چۈشىنىڭ. مېنىڭ بەش ئاچام بار، مەن ئۇلارنىڭ قىشلىق كۆمۈرىنى توشۇيمەن، قەرزىنى تۆلەيمەن، مېلىنى باقىمەن، يەنە تېخى بالىلىرىنى يەسلىگە، مەكتەپكە توشۇيمەن. ئوبدان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاپىرىپ بېرىمەن. نېمىشقا شۇنداق قىلىمەن؟ ئۇلارنىڭ ئەرلىرى ئالدىدا يۈزى، ئىززىتى چوڭ بولامدىكىن دەپ قىلىمەن. لېكىن، ئاچىلىرىم بەختلىك ئەمەس، بىزنىڭ ئادەمگەرچىلىكىمىز ئاۋۇ ئەرلەرنىڭ خورىكىنى ئۆستۈرۈۋەتكەن، ھۇ خۇمسىلار... — دىلمۇرات قوللىرىنى شىلتىپ ماڭا نەپرەت بىلەن ئالايدى، — ئاكا، بىز بۇ ھاراقنى قانغۇچە، چىلاشقۇچە، خورلۇقنى ئۇنتۇغىچە ئىچەيلى. مېنىڭ سىزگە دەيدىغان مۇھىم گېپىم بار. مەست بولغاندا دېمىسەم ساق ۋاقتىمدا دېيىش ئەپسىز. مېنىڭ ھازىر قانداق خىيالدا ئىكەنلىكىمنى بىلەمسىز؟ مېنىڭ ھازىر ئادەم ئۆلتۈرگۈم كېلىۋاتىدۇ. ئەر كىشىدەك ياشىمايدىغان، ئەر كىشىدەك ئۆلمەيدىغان نامەرد خۇمسىلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئىتقا تاشلاپ بەرگۈم كېلىۋاتىدۇ. ئەگەر ياشىنىپ قالغان ئاتا ـ ئانامنى دېمىسەم ھازىرلا ھەممە يەرنى قانغا بويايتتىم...

نېمە دېيىشىمنى، نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي قالدىم. ئۇنىڭ تىللىرى ماڭا قارىتىلغاندەكمۇ ياكى پەقەتلا قارىتىلمىغاندەكمۇ تۇراتتى. كۆڭلۈم ئېغىر بىر شۇملۇقنى سېزىپ ئەنسىز تېپىرلايتتى. غەيرەت قىلىپ ئورنۇمدىن تۇردۇم.

— سىرتقا چىقىپ كىرەي.

— ئولتۇرۇڭ، ئاچام سىز ئۈچۈن ئون ئىككى يىل خىزمەت قىلدى، مەن سىزنى ئون ئىككى يىلدىن بېرى

«ئاكا» دەپ چاقىرىپ كەلدىم، چوڭ كۆردۈم، ھۆرمەتلىدىم. مەن ئۇچۇن بىر ئاخشام خىزمەت قىلىسىڭىز نېمە بوپتۇ؟ سىزگە سەل تۇرۇپ دەيدىغان گېپىم بار، — دىلمۇرات كۇچلۇك قوللىرى بىلەن مۇرەمنى بېسىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى، — ھازىر دېمەيمەن! بىلىپ قالىسىز، ھەممىنى بىلىپ قالىسىز... ئۇ چاغدا ھەممە نەرسە تۈگەيدۇ. بىراق، نېمىشقا تۈگەيدۇ؟ بىز نېمىشقا بارلىق ئىچ پۇشۇقىمىزنى ھاراقتىن چىقىرىمىز؟ نېمىشقا تۇرمۇشىمىزنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشمايمىز؟ بىزدىن زادى نېمە سەۋەنلىك ئۆتتى؟ ئېيتىڭە، ئېيتامسىز؟ سىزمۇ ئەر كىشى بولدىڭىزمۇ؟

ئۇستەلگە قاتتىق ئۇرۇلغان مۇشت بىلەن رومكا چېقىلدى، ھاراق بوتۇلكىسى ئۆرۈلدى. دىلمۇرات ئورنىدىن دەلدەڭشىپ تۇرغىنىچە ماڭا كۆزلىرىنى ئالايتتى:

— ئاكا، ھەر ئىككىلىمىز ئەركەك، گەرچە مىجەزلىرىمىز، ياشاش ئۇسۇلىمىز، ئەسكى ئادەتلىرىمىز ئوخشاش بولمىسىمۇ يەنىلا مەيدىسىدە تۈكى بار، يۈرىكىدە قېنى بار ئەركەك. بىز بۇگۈن ئەركەكتەك سۆزلىشىمىز، سورۇندىن چىققاندىن كېيىن بىر ــ بىرىمىزنى كۆرمىدۇق، ھېچنېمىنى ئاڭلىمىدۇق. بۇ گېپىمنى ئۇنتۇپ قالماڭ!

مېڭەم توختىماي غوڭۇلدايتتى. سەللا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالمىسام كۆز ئالدىمدىكى بارغانسېرى ھەددىدىن ئېشىۋاتقان مۇنۇ ئەبلەخنىڭ ئۇستىگە تاشلىنىشىم، ئېغىز ـ بۇرۇنلىرىمىزنى ماكچايتىۋېتىشىمىز مۇمكىن

ئىدى. خەير بوپتۇ، ئۆزۈمنى بېسىۋالاي، بىر مەست بىلەن تەڭ بولماي!

— ئاكا، سىز ئاچامنىڭ ھاياتىنى ۋەيران قىلدىڭىز، قارىسام سىلەرنىڭ تۇرمۇشۇڭلار ئاخىرقى چەككە بېرىپ قالغاندەك، سەللا دىققەت قىلمىسىڭىز چەك - چېكىدىن بۆسۈلۈپ كېتىدىغاندەك تۇرىدۇ. مېنى كىچىك كۆرمەڭ، مەنمۇ ئىككى بالىنىڭ دادىسى. يەنە كېلىپ ھەممىنى بىلگۈچىلىكىم، سەزگۈچىلىكىم بار. سەتەڭلەر كوچىسىدا ئازراق يۈرۈڭ، بەك كۆپ چېپىپ كەتتىڭىز. ئۆزىڭىزگە يېنىپ قالمىسۇن يەنە. «شامال كىرمەيدىغان بۇلۇڭ بولماس، سوغۇق ئۆتمەيدىغان كامار» دەپتىكەن. سوغۇق ئۆتۈپ ئۆپكىڭىزنى ئۇششۇتۇۋالماڭ. ئايال كىشى دېگەن ۋەتەننىڭ، مىللەتنىڭ، يۇرتنىڭ، بىر جەمەتنىڭ، بىر ئائىلىنىڭ غۇرۇرى، ئىززەت - ھۆرمىتى، شان - شۆھرىتى... خوش، دەيدىغانلىرىم تۈگىدى، قالغىنىنى ئۆزىڭىز بىلىڭ، ھېساباتىنى ئۇزۇۋەتكەن، مەن ماڭغاچ تۇراي.

قېيىنئىنىم يۈرىكىمگە دەسسەۋاتقاندەك گۈرسىلدىتىپ مېڭىپ چىقىپ كەتتى. نەپىسىم توختاپ قالغاندەك، پۇتلىرىم يەرگە مىخلىنىپ قالغاندەك مىدىرلىيالماي قالدىم. ئەمەلىيەتتە، ئىككى بىسلىق گەپلەرنىڭ تولىلىقىدىن ئۇنىڭ مەنىسىگە چۈشىنىپ بولالماي جىددىيلىشىپ چارچاپ، قەدىمىمنى يۆتكىگۇدەك مادارىممۇ قالمىغانىدى. ئائىلەمدە چوقۇم بىر ئىشنىڭ، يەنە كېلىپ سەتچىلىككە ياتىدىغان بىر ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكى ياكى شەپىسى سېزىلگەنلىكى ئېنىق. بولمىسا دىلمۇرات خۇددى مەندىن ئۆمۈر بويى ئېلىپ

بولالمايدىغان پۇلى، تۆلىنىپ بولالمايدىغان قەرزى باردەك شۇنچىلا دۈشمەنلىك نەزىرىدە مۇئامىلە قىلامتى؟ يەنە تېخى دىلمۇراتنىڭ ئازابلىق، دەردلىك، زىددىيەتلىك روھىي ھالىتى ئەينەكتەكلا ئېنىقلا بىلىنىپ تۇرامدۇ؟...

«ئاچامنىڭ توغرا قىلمىغان يەرلىرى كۆپتۇ. لېكىن، سىز ئەر كىشى بولغاندىكىن ما ئىشنىڭ توغرا، ما ئىشنىڭ خاتا، ما مىجەزىڭ ماڭا ياقتى، ماۋۇ ياقمىدى، دەرھال تۈزەتكىن دېيىشىڭىز كېرەكتىغۇ... نېمىشقا ئېرىدىن يامانلىغان خوتۇن كىشىدەك ھە دېسە ئۆيىنى تاشلاپ سىرتقا قاچىسىز؟...»

«ئاكا، مەن ئاچامنى نېمىشقا شۇنچە چوڭقۇر چۈشىنىمەن؟ قېرىنداش بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ ياكى بەكمۇ ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈنمۇ؟ ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. بىزنىڭ كۆڭلىمىزدە ئانىلارنىڭ ھەممىسى ئانىمىزدەك جاپاكەش، پىداكار ئانا بولۇشى، دادىلارنىڭ ھەممىسى دادىمىزدەك مۇكەممەل ئادەم بولۇشى، ئۆز پەرزەنتلىرىنى خۇددى بىزنى تەربىيەلىگەندەك قاتتىق قوللۇق بىلەن ئەقىللىك، قائىدىلىك تەربىيەلىشى كېرەك. ئاچامنىڭ ئۆزىنى بەختسىز ھېس قىلىشى ئۇنىڭ سەۋەنلىكى ئەمەس، بىز بىر ئائىلىدىكى قىز ـ ئوغۇللارنىڭ ھەممىسى ئۆزىمىزنى بەختلىك ھېس قىلمايمىز. گەرچە تۇرمۇشىمىزنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىش قولىمىزدىن كەلمىسىمۇ... ئاچامنى ئوبدان باشقۇرۇڭ!...»

«ئايال كىشى دېگەن ۋەتەننىڭ، مىللەتنىڭ، يۇرتنىڭ، بىر جەمەتنىڭ، بىر ئائىلىنىڭ غۇرۇرى، ئىززەت ـ

ھۆرمىتى، شان ـ شۆھرىتى، ئاچامنى ئوبدان باشقۇرۇڭ!...»

دىلمۇراتنىڭ بۇ گەپلىرى ئادەتتىكى دېيىلگەن گەپتەك قىلمايتتى. ھەرقانچە ئەقىلسىز بولساممۇ بۇ گەپلەرنىڭ سالمىقىنى دەڭسىيەلەيتتىم. تاماق ئۈستىلىگە بېشىمنى قويۇپ ئويلىنىشقا باشلىدىم. ۋاقىت بىر يەرگە بارغان، رېستوراندىكى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ بېسىلغانىدى. يۈرىكىم سىقىلىپ، نەپەسىم يېتىشمىگەندەك بىئارام بولۇپ سىرتقا چىقتىم. كېچىنىڭ مۇزدەك سوغۇق ھاۋاسى مەيدەمگە، يۈزلىرىمگە توختىماي ئۇرۇلۇۋاتقان بولسىمۇ ئىچىمدىكى ئاچچىق، زەھەردەك ھارارەت بېسىلاي دېمەيتتى. ئۆزۈمنى ئەپۇ قىلالمايتتىم. تەلۋىلەرچە ياشىغان كۈنلىرىم ئاخىر گېلىمنى بوغقان، ياق، يۈرىكىمنى مۇجۇغانىدى.

قەدرىيەگە گۇمان بىلەن قاراشقا باشلىغىنىمدا ھەممىگە كېچىككەنلىكىمنى تەن ئالماي تۇرالمىدىم. قەدرىيە يېقىنىنىڭياقى روھسىز، ئۈمىدسىز، قويغان ـ تۇتقىنىنى بىلمەي يۈرەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى نەپرەتنىڭ ئورنىنى جاۋابكارلىق، گۇناھكارلىق تۇيغۇسى ئىگىلىگەنىدى. سەۋەبسىزلا تەمتىرەپ كېتىدىغان، گەپ ـ سۆزلىرى قولاشمايدىغان، مەندىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان بولۇپ كەتكەنىدى. يۈرىكىم ئېغىپ، چۈشلىرىم بۇزۇلۇپ تۇراتتى. ئىناق، بەختلىك تۇرمۇشىمىز ئاللىقاچان بۇزۇلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىشنى ئەسلا ئويلاپ باقمىغانىدىم. بىر كۈنلەردە ئائىلىمىزنىڭ ئەسلىدىكى ھالىتىگە قايتىشىنى ئارزۇ قىلاتتىم. بولۇپمۇ، پەرزەنتلىرىمنىڭ تېزرەك چوڭ بولۇپ ئارىمىزدىكى

ئارازلىقنى تۇگىتىشكە ئىنتىزار ئىدىم. ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىششىنى، سىردىششىنى، ھالىغا يېتىشنى، ئۇنىڭ بىلەن كۆڭلۇمدىكى گۇمانلارنى بىر يولىلا يوققا چىقىرىپ ئۆزۈمگىمۇ، ئۇنىڭغىمۇ تەسەللىي تېپىشنى ئويلايتتىم، بىراق پېتىنالمايدىغان مۇنداق بىر ئاجىزلىقىمۇ بار ئىدى: ئۇنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىنى ئېتىراپ قىلىشى، بويىنىغا ئېلىشى، توۋا قىلىشلىرى تۆپەيلى بارلىق ئويلىرىمنى، ئېتىقادلىرىمنى، مۇھەببەتلىرىمنى يوقىتىپ قويۇشتىن، تېخىمۇ پاتقاققا پېتىشىمدىن ئەنسىرەيتتىم. قۇتقۇزۇۋالغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يېتىپ قېلىشىم مۇمكىن ئىدى.

چىملىقتىكى ئورۇندۇقتا سائەتلەپ ئولتۇردۇم. ئۆيگە كېتىشنى ئۇنتۇغان، چىملىقتا قارتا، شاھمات، يەنە قانداقتۇر بىرنەرسىلەرنى ئويناۋاتقان توپ - توپ ئەرلەرگە كۆزۈم چۈشتى. ئايالىم بۇ يەردە يىللاپ - يىللاپ ئولتۇرغان، كۈنداشلىق ئوتىدا تۈن - تۈنگىچە پۇچىلانغان، «ئېرىم قاياقتىن كېلەركىن» دەپ تۆت تەرەپكە بىچارىلەرچە تەلمۇرگەن، كۈندە تەكرارلىنىۋاتقان بۇ مۇھىتتىن، بۇ زېرىكىشلىك قاراڭغۇ، كىشىنى بىزار قىلىدىغان ئۇزۇن كېچىلەردىن چەكسىز ئۇمىدسىزلىنىپ، سانسىز قېتىم «ئىسسىق ئۆي، ئىسسىق تاماق، ئىسسىق يوتقاننىڭ ھوزۇرىنى سۈرمەي مۇزدەك كېچىلەردە قەيەرلەردە تېنەپ يۈرىدىغانسەن؟ يازنىڭ يۈرەكنى ئۆيغىتىدىغان، ئۇيقۇدىن بىزار قىلىدىغان سېھىرلىك كېچىلىرىدە نېمىشقا ماڭا ھەمراھ بولمايدىغانسەن؟ سەن ئۇچۇنلا سوقۇۋاتقان، سەنلا

ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئاجىز يۈرىكىمنى نېمىشقا ئالدايدىغانسەن؟...» دەپ خىتاب قىلغان بولغىيتتى. شامالنىڭ ئۇرۇلۇشىدىن، ئىشىك ـ دېرىزىلەرنىڭ يېنىككىنە غىچىرلاشلىرىدىن مېنىڭ تىنىقىمنى، ھىدىمنى ئىزدىگەن، يالغۇزلۇقتا ئۆكۈنۈپ، نۇرغۇن قېتىم كۆزلىرىنى ياشلىغان بولغىيتتى... مانا ئەمدى ئۇ تارتقان كۈلپەتلەر مېنىڭ بېشىمغا كەلدى. كەلگەندىمۇ ئارتۇقى بىلەن كەلدى. «ئۇنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى قاچاندىن باشلاپ يوقاتتىم؟ ئۇ قاچاندىن باشلاپ كېچىسى تالادا يۈرىدىغان ئادەتنى يۇقتۇرۇۋالدى؟...»

بىز نۇرغۇن بەختلىك كۈنلەرنى ئۆتكۈزگەن، مامۇقتەك يۇمشاق، گۈللەردەك خۇش پۇراق، يېنىغا كېلىشىم بىلەنلا يوپۇرماقتەك تىترەپ كېتىدىغان تولىمۇ نازۇك، چىرايلىق بەدەنىنىڭ ھۇزۇرىنى يەتكۈچە سۈرگەن، ئۇنىڭ ئاتەشتەك لەۋلىرىدىن جىسمىمغا ھاياتىي كۈچ، جاسارەت تاپقانىدىم... ئۇنىڭ ھېرىپ ـ چارچاشتىن يىقىلىپ كەتكۈدەك ھالەتتە تۇرۇپمۇ بالىلىرىمنى، مېنى كۈتۈشى، مېنى كۆرپىدە، ئۆزىنىڭ داق يەردە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشى، بالىلارنىڭ تۈگىمەس ئاۋارىچىلىكى ۋە غەلۋىلىرىنى بىر ـ بىرلەپ بېسىقتۇرۇشى، تاماقتىن كېيىن ياستۇققا يۆلىنىپ تېلېۋىزور كۆرۈشلىرىم، ئۇنىڭ رازىمەنلىك بىلەن ئۆي، قاچا ـ قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ، بالىلارنى ئۇخلىتىشى، مېنىڭ ھەر خىل تەلەپلىرىمنى قاندۇرۇشى... بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇھەببەتنىڭ ئىپادىسى بولماي نېمە؟ ئۇنىڭ مەن ئۈچۈن قىلغانلىرى مېنىڭ ئۇنىڭغا ئاتا قىلغىنىمدىن شۇنچە كۆپ ۋە ھېسابسىز

ئىدى. ئۇنىڭ قاچان ئۇخلاپ، قاچان ئورنىدىن تۇرغانلىقىنى، نېمىشقا ماشىنا ئادەمدەك توختىماي ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان يەردە ئەمەس ئىدىم. ئەمما، مەن مۇھەببەتتىن، مۇھەببەتنىڭ ئىپادىلىرىدىن، ئۇنىڭ ئەركىلەشلىرىدىن، ئامراقلىق قىلىشلىرىدىن ئاسانلا ۋاز كەچكەن، قىلچە قانائەت ھاسىل قىلمىغان، ئۇنىڭدىن رازى بولمىغانىدىم...

ئەجەبا، ئۇنىڭ دادىسىدىن ئىبارەت ئۆزىنى ئاپىرىدە قىلغان ئادەمگە چوقۇنۇشى، ئۇنىڭ ئوبرازىنى بەختكە ئېرىشىشنىڭ تىمسالى قىلىۋېلىشى ئۇنىڭ گۇناھىمۇ؟ بۇ مېنىڭ نەقەدەر لاياقەتسىز، بولۇمسىز ئىكەنلىكىمنى ئىنكار قىلىشقا سەۋەب بولالامدۇ؟... مەن نېمىشقا قىزنى چەكسىز مېھىر ـ مۇھەببىتى بىلەن بېقىپ، ۋايىغا يەتكۈدەك قىز قىلىپ تەربىيىلەپ بەرگەن دادىسىدىن، قىزى تۇغۇلۇپ ئائىلە ئەزالىرى بىرلىكتە خىزمىتىمىزنىڭ، تۇرمۇشىمىزنىڭ خاتىرجەم، بەختلىك ئۆتۈشى ئۈچۈن كۈچ قوشۇۋاتقان ئانىسىدىن، خوتۇنۇمنىڭ قېرىنداشلىرىدىن ئاغرىنىپ ياشايمەن؟ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى مۇكەممەللىكنى، چىن ئەقىدىسىنى، ئىخلاسىنى، سۆيگۈسىنى خورلاشقا، دەپسەندە قىلىشقا نېمە ھەققىم بار؟ ئائىلىمىزدىكى بارلىق تىراگېدىيىلەرنىڭ، پاجىئەلەرنىڭ جىنايەتچىسى پەقەتلا قېيىنئاتام دەپ ئويلايتتىم. ئۇنىڭ ئەستايىدىللىقى، ئىشچانلىقى، مەسئۇلىيەتچان، ئۆز سۆزلۈكلۈكىدىن تارتىپ پەرزەنتلىرى، نەۋرىلىرىگە بولغان چەكسىز ئامراقلىقى، كۆيۈملىرىگىچە جېنىمغا تېگەتتى. چىشلىرىمنى غۇچۇرلىتىدىغان، ئۇنى ئىچىمدە

قارغايدىغان ۋاقىتلىرىم كۆپ ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭدىن شۇنچىلىك قورقاتتىم ھەم ئەيمىنەتتىمكى، ئۇنىڭ دانىشمەنلەرچە كەسكىن، مەردانە سۆزلىرى، ھەرىكەتلىرى مەن ئۈچۈن تېپىلغۇسىز ئۈلگە ھەم غايەت بېسىم ئىدى. ئالدىدا ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكلىرىم ئۈچۈن كۆزلىرىمگە سوئال نەزىرىدە قاراپ قويۇشلىرىمۇ مېنى ئاجايىپ ساراسىمىگە سالاتتى. قېيىنئانامنىڭ چىن كۆڭلىدىن چىقىرىپ قىلغان خەير - ئېھسانلىرىنى، شەپقەتلىرىنى ئايىماي قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلايتتى. گەرچە ياردەمگە ئېرىشىۋاتقان ئادەم يالغۇز مەنلا بولمىسامۇ، نېمىشقىدۇر ئۇ بۇ ئىشلىرى ئارقىلىق ئائىلىدىكى غوجايىنلىق ھوقۇقۇمنى تارتىۋالغاندەك، بىزنىڭ قوشۇلۇشىمىزنى ۋە ئايرىلىشىمىزنى ئۇلا بەلگىلەيدىغاندەك، گويا ئۇ مېنى ئۆزىنىڭ شەپقىتى، ياردىمى بىلەن ئىدارە قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم. ئەجەبا، ئۇنىڭ قىزى ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ قېيىنلىپ، جاپا چېكىپ قالماسلىقى، ياخشى ياشىشى ئۈچۈن قىلغان مەرھەمەتتىمۇ ئۇنىڭ گۇناھىمۇ؟....

ئۆزۈمنىڭ ئىرادىسىز، بىر ئىشلاردا ئاسانلا بەل قويۇۋېتىدىغان مىجەزىمنىڭ بارلىقىنى، ئائىلەمنىڭ يۈكىدىن، ئېنىقراقى تۆت ئادەمنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشنىڭ ئۇنچىۋالا ئاسان ئىش ئەمەسلىكىنى ئويلىشىم، ۋۇجۇدۇم بىلەن ئائىلەمنى بەختلىك قىلىشقىلا تىرىشىشىم كېرەكلىكىنى غۇۋا ھېس قىلسامۇ، قانداق قىلىش كېرەكلىكى ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلىنىپ باقمىغاندىم. بۇ قەدەر شەخسىيەتچى، بۇ قەدەر ئىنسابسىز بولمىغان بولسام،

ھەق ـ ناھەقنى پەرق ئەتكەن، كۆز ئالدىمنى توسۇۋالغان قارا بۇلۇتلارنى ئەقىل ـ ئىدراكلىرىم بىلەن قوغلىۋەتكەن، ئۇنىڭ دادىسىغا ئۆزۈمنى سېلىشتۇرمىغان، بۇ قەدەر ئۇمىدسىز، چارىسىز ھالەتتە ياشىمىغان بولاردىم... ئەپسۇس، كۇرمىڭ ئەپسۇس...

پەرزەنتلىرىمگە قىلغان ۋاپاسىزلىقلىرىمنى ئويلىسام خىجىلچىلىقتىن يۈزلىرىم ئوت بولۇپ كۆيىدۇ. پەرزەنتلىرىم بۇ دۇنياغا كېلىپ تۇنجى قېتىم كۆرگىنى دادىسى ئەمەس، بەلكى تۇغۇت ئازابىنى يەتكۈچە تارتىپ ئارانلا جېنى قالغان ئانىسى، چوڭ ئانا، چوڭ دادىلىرى ئىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلار ئاجايىپ مېھىر بىلەن ماڭا تەبىئىي ھالدا باغلىنىپ قالغان. مېنىڭ قۇچىقىمدىن چۈشمەس بولۇۋالغان. شۇنداق چوڭقۇر، چەكسىز مۇھەببەت بىلەن ئىزچىل ياخشى كۆرۈپ كەلگەنىدى. ئۇلار ماڭا موھتاج بولغاندا ئۇلارنىڭ يېنىدا بولالمىغان، كۆڭۈل بۆلەلمىگەنىدىم.

ــ دادام باغچىدا ئوينىتىمەن دېگەن، ئاداشلىرى تېلېفون قىلىپ ئاچىقىپ كەتتى...

ــ دادام توپ ئېلىپ بېرىمەن دېگەن، ھازىرغىچە ئېلىپ بەرمىدى...

ــ دادام بىر قېتىممۇ «ئاتا ـ ئانىلار» يىغىنىغا قاتنىشىپ باقمىدى...

ــ دادام ئاخشاممۇ مەست كەلدى. ئالجوقا سۆزلەپ مەھەللىنى بېشىغا كىيدى. كىچىچە بىزنى ئۇخلاتماي، ئانام بىلەن قاتتىق سوقۇشتى...

ئۇلارنىڭ شۇنداق دەپ چوڭ دادىسى ـ چوڭ ئانىسىغا شىكايەت قىلىدىغانلىقى ماڭا بەش بارماقتەك ئايان ئىدى.

ئۇلارنىڭ ئادەم ئالداشنى بىلمەيدىغان قەلبى، گۈدەك تىلى ئائىلىدىكى سىرلارنى ھەر ۋاقىت ئاشكارىلاپ قوياتتى. ئەمما، ئۇلار ئەزەلدىن ماڭا يامان كۆزدە قارىمايتتى. خوتۇنۇمنىڭ، پەرزەنتلىرىمنىڭ ئالدىمدىكى ئەڭ ئاددىي قەرزلىرىمنىمۇ ئادا قىلالمىغان تۇرۇقلۇق، مېنىڭ يەنە ئۇلاردىن قۇسۇر تېپىشقا، ئۇلارنى خورلاشقا، ئازابلاشقا نېمە ھەققىم بار؟...

ئۆزۈمنى پەزىلەتلىك، باي، تەلەپچان قېيىنئاتا ـ قېيىنئانىلىرى تەربىيەدىن ئىززەت ـ ھۆرمەتنى يەرگە ئۇرۇلغان بىچارە ئادەم دەپ قارىغانلىقىمنىڭ، بەكلا قارا نىيەت، قارا كۆڭۈللۈك بىلەن ياشىغانلىقىمنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولدى؟....

بىر قېتىملىق قاتتىق جېدەلدىن چوڭ چاتاق چىقتى. قەدرىيە ھېچنېمىگە، ھەتتا بالىلارنىڭ يۇتىغا ئېسىلىپ يىغلاپ ـ يالۋۇرۇشلىرىغىمۇ پەرۋا قىلماي چوڭ ئۆيگە يامانلاپ كەتتى. ئۇنىڭ سەۋر ـ تاقىتى تۈگىگەن، مەندىن زېرىككەن، تويغان، بىزار بولغانىدى. ئەمدى ئۆيىمىزنى قوغداپ قالالمايدىغانلىقىمغا تولۇق ئىشەندىم. ئۆيۈمنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىنى پەقەتلا خالىمىساممۇ، ئۇنى تۈتۈۋېلىشقا، توسۇۋېلىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. «گۇناھكار» قېيىنئاتامدىن ئۆچ ئېلىش مېنى ئەقىل ـ ھوشۇمدىن ئايرىغانىدى. ئاخشىمى مەن لالما ئىتلاردەك لاي ـ پاتقاقتا مىلىنىپ ئۆيگە ئارانلا كەلگەنىدىم. ئۇ غەزەپتىن لاغىلداپ تىترەپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، لاي پۇتلىرىم بىلەن پاكىز گىلەمنى، كىرلىكلەرنى خالىغانچە دەسسەشلىرىمگە ئەلەملىك سۈكۈت ئىچىدە قاراپ تۇرغانىدى. ئۇستىباشلىرىمدىن ئۆزۈممۇ يىرگىنىپ

تۇراتتىم، لېكىن ئۇنى ئازابلاش ئۇچۇن مەن ھەرقانداق ئەسكىلىكنى قىلىشتىن يانمايتتىم. ئۇنىڭ يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇشلىرىغا، كۆزلىرىدىكى لىغىلداپ تۇرغان، ئىچىگە پاتمايۋاتقان كۆز ياشلىرىغا پەرۋا قىلماي، ئۇستىگە تاشلانغىنىم، تاڭ ئاتقۇچە قىيناپ مىڭبىر زۇلۇملارنى سالغانلىقىم ئاز ـ تولا ئېسىمدە قالغاندى.... ئۇنىڭ مېنىڭ ئالدىمدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ يۈيۈنۈپ چىقىپ ئاندىن يېنىغا كېلىشىم ھەقىقىدىكى تەلىپىنىمۇ رەت قىلغاندىم...

ساراڭلىقتا، ئىنسابسىزلىقتا، ئەخلاقسىزلىقتا شۇ قەدەر چېكىگە يەتكەنىدىمكى... ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق بىر ئايال بولغان بولسا سازايى تىۋۋلاپ كوچىغا چىقىپ كېتىشى، مېنى بىر تىيىنغا ئالغۇسىز قىلىۋېتىشى، قىلغان ـ ئەتكەنلىرىم ئۈچۈن سوتنىڭ ھۆكمىگە تاپشۇرۇپ بېرىشى مۇمكىن ئىدى.

ھاراقنى ئۆلگۈدەك ئىچكەن بولسامۇ ئەر كىشىنىڭ بۇنداق ئەھۋالدا قانداق قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلمىگۈدەك دەرىجىدە ئەمەس ئىدىم. لېكىن، ئۆزۈمنى كونترول قىلالمايتتىم. شۇنچىلىك ئەقلىمدىن ئازغانىدىمكى، ئايالىمنىڭ نومۇسچان ئاياللىقىنى بىلسەممۇ، خورلۇققا تاقەت قىلىپ تۇرالمايدىغانلىقىنى، ھامان بىر كۈنى پارتلايدىغانلىقىنى، بۇ پارتلاش سەۋەبلىك ھەممىدىن مەھرۇم قالىدىغانلىقىمنى بىلسەممۇ، مەن يەنىلا ئۇنى خورلايتتىم. پۈتۈن مەغلۇبىيەتلىرىمنىڭ سەۋەبچىسى قەدرىيە دەپ ئويلايتتىم. بولۇپمۇ ئىچكەن، قىمار ئوينىغان، ئاشنا

ئوينىغان چاغلىرىمدا، مېنىڭ بەختىمنى ۋەيران قىلغان، ئارزۇلىرىمنى كۆپۈككە ئايلاندۇرغان، ھاياتىمنى بەربات قىلغان ئادەمگە نەپرىتىم، ئۆچمەنلىكىم كۈچىيىپ، مېنى ئېغىزغا ئالغىلى بولمايدىغان، ئەمما لۆمۈلدەپ يۇرۇپ كىشىنىڭ ۋۇجۇدىنى سىپىستىدىغان قۇرتتەك تالاي پەسكەشلىكلەرنى قىلىشقا مەجبۇرلايتتى...

سوغۇق كېچىدە بارلىق سۆيگۈلەردىن، ئامراقلىقلاردىن، ئارزۇ - ئۇمىدلەردىن، شېرىن چۇشلەردىن خالىي يەككە - يېگانە قالغىنىمدىلا، ئاندىن بۇ ھەقىقەتنى تونۇپ يەتكەنىدىم.

مەستچىلىكتە قىلغان - ئەتكەنلىرىمنى ئويلىسام، ئايالىمنىڭلا ئەمەس، يات كىشىلەرنىڭ يۈزىگىمۇ قارىغۇدەك جاسارىتىم يوق ئىدى. شۇ قەدەر ياۋايىلاشقان، ۋەھشىيلەشكەن، پەسلەشكەنىدىمكى، ئايالىمنىڭ گۈلدەك ياش ۋە چىرايلىق سىيماسىنى، كۈندۈزدىكى ئايال پادىشاھلاردەك مەغرۇر، ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالىتى بىلەن دەپسەندە قىلىنغاندىن كېيىنكى سولاشقان، زەئىپ، خۇنۇكلەشكەن ھالىتىنى، تاياقتىن كۆكەرگەن چىرايى، بەدەنلىرىنى، مېنى كۆرەلمەسلىك، چىدىغۇسىز يىرگىنىچ، ئۆچمەنلىكىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن مەھكەم يۇمۇۋالغان كۆزلىرىدىن ئىككى مەڭزىنى بويلاپ قۇيۇلۇۋاتقان ئۇنسىز ياشلىرى، پۈتۈنلەي يالىڭاچلىۋېتىلگەن تېنىنى، گويا مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەندەك كۆرۈنىدىغان بىھوش ھالىتىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ ھۇزۇر ئالاتتىم.

مۇشۇنداق ياشاش قايسى ۋاقىتلاردىن باشلاندى؟... ئۇنىڭ چۇۋۇلغان چاچلىرىنى، يېقىملىق ھىدلىرىنى

پۇراپ، يىلىنىپ ـ يالۋۇرغانلىرىم، كۆكسىگە بېشىمنى قويۇپ، سائەتلەپ پۇشايمانلىرىمنى، ئۆكۈنۈشلىرىمنى ئىپادىلىگەنلىرىم، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى ياشنى مېھرىلىك سۆيۈشلىرىم بىلەن قۇرۇتقانلىرىم، كىچىك بالىنى پەپىلىگەندەك ئاۋايلىغانلىرىم، تاكى چىرايىدىكى، لەۋلىرىدىكى كۈلكىنى كۆرگۈچە خىزمىتىنى قىلغانلىرىم... ئۇنىڭ تەرسالىقى، جاھىللىقى سەۋەبلىك كۆز ياشلىرىمنى ھاراققا ئارىلاشتۇرۇپ ئاستا ـ ئاستا يۇتقانلىرىم... بۇ مۇھەببەتنىڭ، ئۇنىڭغا بولغان چەكسىز سۆيگۈمنىڭ ئىپادىسى بولماي نېمە؟... ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭ مېنى كۆرمەسلىك، كېچىسى ماڭا زادىلا قارىماسلىق، گەپ قىلماسلىق ئۈچۈن ھۇجرىنىڭ ئىشىكىنى تاقىۋېلىشلىرى، بەزىدە باللارنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ يېتىۋېلىشلىرى كۆپەيگەنىدى. ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىش چارىلىرىم ئاستا ـ ئاستا كار قىلماس بولۇپ قالغانىدى. ئۆز ئۆيۈمدە، ئۆز كارىۋىتىمدا، ئۆز ئايالىمنى تولۇق ھوقۇقلۇق ئەر سۈپىتىدە قېنىپ ـ قېنىپ سۆيەلمىگەن، جېدەلدىن كېيىن ھەر ئىككىمىزنى قىيناۋاتقان ئىزتىراپتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن دادىللىق بىلەن قۇچىقىمغا ئېلىپ ئەركىلىتەلمىگەن، ھەتتا ئۇنىڭ ئۆزۈم دۈشمەنلىك، تەلۋىلىك بىلەن يارىلاندۇرغان جىسمىنى سىلاپ، سۆيۈپ قويۇشقا جۈرئەت قىلالماي، ئاچچىق يۇتقان ۋاقىتلىرىم ئاز بولدىمۇ؟.... مېنى ئەڭ قىيىنايدىغىنى، تىرىك ئۆلتۈرگىنى، كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭ ماڭا پەقەتلا ئىشەنمەس بولۇپ قالغىنى، سۆزلىرىمنى، پۇشايمانلىرىمنى، ۋەدىلىرىمنى، قىلغان

يېقىنچىلىقلىرىمنى ھەممىدىن رايى قايتقان، ھەممىدىن ۋاز كەچكەن، ئەجەل سائەتلىرى يېقىنلاشقان ئادەمنىڭ بىپەرۋالىقى، زەئىپلىكى بىلەن قوبۇل قىلىشى ئىدى. ئۇ ماڭا زادىلا ئىشەنمەيتتى، راست سۆزلىرىمنىمۇ ئاڭلاشنى خالىمايتتى. قەسەم ئىچىپ قىلغان ۋەدىلىرىمگىمۇ ئەسلا ئىشەنمەيتتى. مەن ئۇنىڭ نەزىرىدىن چۈشكەن، ئاللىقاچان ھۆرمىتىدىن مەھرۇم قالغانىدىم. بۇ ئائىلىنى قۇتقۇزۇشتىن ئۈمىد قالمىغان، ئەسلا قالمىغانىدى... ئۇنىڭ بىلەن ئاخىرقى قېتىم سۆزلىشىپ بېقىشنى خالايتتىم. ئۆرۈنۈشلىرىم كار قىلمىدى. بەكرەك گەپ قىلىشقا پېتىنالمايتتىم. ئۇنىڭ چىرايلىق لەۋلىرىدىن شۇنداق زەھەرلىك سۆزلەر چىقاتتىكى... گەپ يوق قارغىش، تاپا ـ تەنە، كۆز ياشلار ئىچىگە غەرق بولاتتىم. رەسمىيەت ئۈچۈن ئاجرىشىش قەغىزىنى ئېلىشلا قالغانىدى. گەرچە ئېغىزدىن چىقارمىغان بولساقمۇ، ھەر ئىككىلىمىز بەكلا دەرمانسىز، چۈشكۈن ئىدۇق. مۇشۇ ئايرىلىش، سورۇقچىلىق سەۋەبىدىن ياشىنىپ قالغان ئاتا ـ ئانىمىزغا قانچىلىك ئېغىر كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىپ بېرىدىغانلىقىمىزنى، ھەتتا ئويلىمىغان يەردىن بىرەرىنىڭ بېشىغا چىقىشىمىز مۇمكىنچىلىكىنى ئويلىغىنىمىزدا، دېمىمىز ئىچىمىزگە كېتەتتى. شۇڭا، ئاجرىشىپ كېتىشنى ھېچقايسىمىز ئاغزىمىزدىن چىقىرالمايتتۇق.

يۈرىكىم ئاجايىپ ۋەيرانە ئىدى. ياشلىقىمىزدا سەل قارىغان، ئۆتتۈرا ياشقا بارغاندا بىزنى زېرىكتۈرگەن، بىزار قىلغان بۇ ئائىلىنىڭ بىزنى ھامان بىر كۈنى قىيناپ، تۇگەشتۈرۈۋېتىدىغانلىقىنى بالدۇرراق بىلگەن

بولسام، ھېچنېمىگە قارىمىغان، بۇ مەغرۇر، ئاسان تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغان، ئەمما ئۆزى ياخشى كۆرگەن نەرسىلىرى ئۈچۈن ھېچ نەرسىنى ئاياپ ئولتۇرمايدىغان بۇ نازۇك ئايالىنىڭ پۇتلىرىغا ئېسىلىپ گۇناھىمنى تىلىگەن، ئۇنىڭ ئۆز قولۇم بىلەن تىغ ئۇرغان، يارىلاندۇرغان جاراھەتلىرىنى يەنە ئۆز قولۇم بىلەن داۋالاپ ساقايتقان بولماسمىدىم؟... نېمىشقا شۇنچە كېچىكتىم؟ نېمىشقا بىر ئەر سۈپىتىدە ئۇنىڭ ئۈچۈن، پەرزەنتلىرىمنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن بىرىنشقا تېگىشلىك بولغان زۆرۈر بەدەل ـ قۇربانلىقلارنى بېرەلمىدىم؟...

كېچە زۇلمەتكە تولغانىدى. يۈرىكىم پىچاقتا تىلغاندەك ئېچىشماقتا. ئۆيدە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى، ئۇيۇندىن، خاپا قىلىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان بەگباش، تەرسا ئوغۇللىرىم ئۇخلىماقتا. چوڭقۇر خورسىنىشتىن ئۇلارغا خىتاب قىلماقتىمەن: «داداڭلارنىڭ گۇناھى ئېغىر، ئۇنى كەچۈرۈڭلار، يامان شارائىتتا ئۆسۈپ قالماسلىقىڭلار، ناچار ئادەتنى يۇقتۇرۇۋالماسلىقىڭلار ئۈچۈن داداڭلار خاتالىقتىن پۇتۇنلەي قول ئۈزدى. ئەمما، ئۇ بەكمۇ كېچىكتى، ئورنىنى تولدۇرۇۋالغۇسىز دەرىجىدە كېچىكتى.»

قەدرىيە تۇنجى قېتىم يامانلىغان ۋاقىتتا، مەن ئەركەكلىكىمگە ئېلىپ بالىلارنى ئۆز قولۇم بىلەن تەربىيەلىمەكچى بولدۇم، ئەمما يېرىم كۈندىلا «ۋاھ» دېدىم. شۇ كۈنىگىچە مەن بالىلارغا بىرەر قېتىم تاماق ېىگۈزۈپ، تەييارلاپ قويغان كىيىملىرىنى كىيگۈزۈپ، ئۇلارنى ئانچە ـ مۇنچە سىرتلاردا ئويناتقاندىن باشقا، ئەجىر قىلىپ بېقىپ باقمايتىكەنمەن. ئۇلار بىلەن

سىردىشىپ تۇرمىغاچقا، ئارىمىزدا ئورتاقلىق يوق ئىدى. چۈشكىچە ئاران بەرداشلىق بەردىم، باللار بولسا ئاللىبۇرۇن تۇمشۇقلىرىنى ئۇچلاپ:

— بىزنى ئانامنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ قويۇڭ، — دەپ غەلۋە قىلىشىپ، بىشەملىك قىلىشقا ئۆتكەنىدى. نائىلاج باللارنى تاكسىغا ئولتۇرغۇزدۇم. چوڭ ئۆينىڭ دەرۋازىسى كۆرۈنگەندە، ئۇلارنى چۈشۈرۈپ قويۇپ كەينىمگە ياندىم. باغچە ئالدىدىكى پائالىيەت مەيدانىدا تازا بېرىلىپ شاھمات ئويناۋاتاتتىم. تۇيۇقسىز بىر قول مۈرەمگە قويۇلۇپ، مېنى كەينىمگە قاراشقا مەجبۇر قىلدى.

— ئاكا، سىزنى كۆپ ئىزدەپ كەتتىم.

بارلىق گەپ - سۆزلىرى، ھەرىكەتلىرى بىلەن كەم - كوتىسىز قېيىنئاتامنى تارتقان دىلمۇرات كۆرۈشۈش ئۈچۈن قوللىرىنى تەڭلەۋاتاتتى. ئۇ تەمكىنلىكىنى بۇزماي، سالماق بىر ھالەتتە ھودۇقۇش ئىچىدە ئۇزاتقان قوللىرىمنى تارتقىنىچە سورۇندىن ئاچىقتى:

— ئۆيدىكىلەر ساقلاپ قالغىنى نېكەم، تېلېفونىڭىزنى ئېتىۋاپسىز، مەن ھەممە يەرنى ئىزدەپ چىقتىم. بۇ يەردە ئىكەنلىكىڭىزنى ئويلىماپتىمەن، دەرھال قايتىلى.

«ئىلاجىم قانچە؟ ھەممە گۇناھ ئۆزۈمدىن ئۆتتى. بوينۇمنى ئېگىپ تۇراي...»

ئۆيدىكى كەيپىيات مەن ئويلىغاندىن كۆپ ياخشى ئىدى. قەدرىيەنىڭ تەتۈر قارىۋالغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەممەيلەن قىزغىن كۈتۈۋېلىشتى. ھېچقانداق گەپ - سۆز بولۇنمىدى. دۇئادىن كېيىن قېيىنئاتامنىڭ ئىشارىتى بىلەن ساراي ئۆيگە كىردىم. نېمىشقىدۇر،

پۈتۈن بەدىنىمنى ۋەھىمە چۇلغىۋالدى. بۇ ئادەمنىڭ ئاچچىقلىرىغا سۈكۈت قىلىشىمۇ، تىغمۇتىغ تاقابىل تۇرۇشىمۇ خالىمايتتىم.

— ئوغلۇم، قىزىم ئىككىڭلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەل قىلغىلى بولمايدىغان تالاش ـ تارتىش بارمۇ؟

قوپۇللا، پەرۋا قىلمىغان قىياپەتتە دېرىزە سىرتىغا قارىدىم:

— يوق...

— ماڭا راست گەپ قىلىڭ، بالىنىڭ سول مەڭزىدىكى بەش بارمىقىڭىزنىڭ ئىزىنى كۆرۈپ، ئانىڭىز ئىككىمىزنىڭ كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بولدى، يېگەن تايىقىنىڭ ھەق ياكى ناھەق بولغانلىقىنى سۈرۈشتۈرمەيمەن. لېكىن، قىزىمنىڭ تۈزەتمىسە بولمايدىغان قانداق كەمچىلىكى بارلىقىنى بىلىشىم كېرەك. بۇنىڭ سىزگىمۇ، قىزىمغىمۇ پايدىسى بار. ھەر ئىككىڭلار ئىككى بالىنىڭ دادىسى، ئانىسى بولۇپ قالدىڭلار ئەمەسمۇ.

بۇ مېھرىبانلىققا تولغان سۆزلەر ئالدىدا نېمىمۇ دېيەلەيمەن؟ ئەگەر ئۇ قاتتىق قوللۇق بىلەن قىزىغا قىلغان ئەسكىلىكلىرىمنى يۈزۈمگە سالغان، مېنى سوتلىغان، پوپوزا قىلغان بولسا ئىدى، بۇنچىۋالا ۋىجدان ئازابى تارتمىغان بولارىدىم. ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن يەرگە كىرىپ كەتكىلى تاسلا قېلىۋاتاتتىم.

— ئوغلۇم، قىزىمنىڭ مىجەزى مېنى تارتقان، ئانىسىغا ئوخشىمايدۇ. ئىنتائەتمەنلىككە ئادەتلەنمىگەن، ئۇۋالچىلىققا چىدىمايدۇ. بۇ مىجەزىنى ئۆزگەرتىشى مېنىڭمۇ، سىزنىڭمۇ قولىمىزدىن كەلمەيدۇ. ئەر كىشى

بولغاندىكىن، كەڭ قورساقلىق بىلەن ئاز ـ تولا يول قويىسىڭىزلا ئۇ ئۆزىنى بىلىۋالالايدۇ. شۇنداق قىلالامسىز؟

ــ ھەئە، دادا...

مەن پۇتۇنلەي بويسۇندۇرۇلغانىدىم. ئۆزۈمگە ئىچ ـ ئىچىمدىن ئۆچ بولۇپ كېتىۋاتاتتىم، ئۆزۈمنى چايناپ ـ چايناپ پۇركۈۋەتكۈم كېلىپ كېتىۋاتاتتى.

ــ ئائىلىدە قىيىنچىلىق بارمۇ؟

ــ ھېچقانداق قىيىنچىلىق يوق.

ــ خىزمەتتىچۇ؟

ــ يوق...

ــ ياخشى ئىشلەڭ، ئوغلۇم، ئىشلىگەن، ئەجىر قىلغان ئادەمنىڭ يۈزى يورۇق، نېنى پۈتۈن بولىدۇ. قىزىمىزغا كۆپ نەسىھەت قىلدۇق. قەدرىيەنىڭ سىز بىزگە ئېيتالمىغان ئەيىبلىرى، كەمچىلىكلىرى بولۇشى مۇمكىن، ئۇنى سىز تۈزىتەلەيسىز، چۈنكى قىزىم سىزنى ياخشى كۆرىدۇ. ئوغلۇم، ئايال كىشى دېگەن گۈلگە ئوخشايدۇ. ئۇنى سۇغارغانسېرى ياشىرىدۇ، ئاسرىغانسېرى سىزگە مەھكەم يېپىشىدۇ، خارلىسىڭىز قاچىدۇ. بۇ سۆزۈم ئېسىڭىزدە تۇرسۇن، ئاياللار مېھىر ـ شەپقەتكە، تەسەللىگە، چىرايلىق سۆزگە بىزدىنمۇ بەك موھتاج...

بۇ ئىشلارغا نەچچە يىل بوپتۇ. ئەينى چاغلاردىلا ئەمەس، ھازىرمۇ ئۆزۈمنىڭ قانداق بولۇپ كەتكەنلىكىمنى، چىرايىمنىڭ قانداق تۈسكە كىرگەنلىكىنى بىلمەيمەن. بىراق، نېمىشقا قېيىنئاتامنىڭ گېپىنى شۇ ۋاقىتتا قوبۇل قىلمىدىم؟ نېمىشقا ئايالىمنى ياشارتىشقا، قۇتقۇزۇشقا تىرىشمىدىم؟

مەن يىغلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم دېرىزە سىرتىغا قارىۋالدىم. «نېمىشقا مېنى ياخشى كۆرىدىغان، مېنى قەدىرلەيدىغان ئادەملەردىن شۇنچە قاچىمەن؟ ئۇلارنى كۆرسەملا بىئارام بولىمەن؟...»

— بولدى، قايتىپ بېرىپ ئۆيۈڭلارنى تۇتۇڭلار، گۆھەردەك ئىككى ئوغۇلنىڭ يۈزىنى قىلىڭلار.

سىرتتا قەدرىيەنىڭ يىغلامسىرىغان، ھەسرەتلەنگەن ئاۋازى ئاڭلاندى:

— بۇ ئۆيگە پاتمايدىغانلىقىمنى بىلەتتىم، بۇنىڭدىن كېيىن خاپىلىق تارتىسام، ئۆي ئىجارە ئېلىپ ئولتۇرىمەن.

قېيىنئاتامنىڭ شۇ قەدەر ئادەمگەرچىلىكىنى كېيىنكى كۈنلەردە قەدرىيەدىن ئۆچ ئېلىشنىڭ، ئۇنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە تېگىشنىڭ قورالىغا ئايلاندۇرۇۋالغانىدىم.

— بۇ ئۆيدە كوتۇلداۋەرگىچە، چوڭ ئۆيدە بىرەر ھەپتە تۇرۇپ كەلسەڭ بولمامدۇ؟...

— بەك ئاجراشقۇڭ بولسا قېيىنئاتامنىڭ رازىلىقىنى ئال، شۇ چاغدا دەرھال ئاجرىشىمەن. ئۇ تويىدىن ئىلگىرى ماڭا: «قىزىم بىلەن بىللە ياشاش ئوڭاي ئەمەس، ئۇنى بەختلىك قىلالىشىڭىزغا كۆزىڭىز يەتمىسە، بۇ توينى قىلماڭ. كېيىن بالىلارنى يېتىم قىلىدىغان ئىش بولمىسۇن» دېگەن. مەن قېيىنئاتامغا ۋەدە بەرگەن. سەن بىلەن ھەرگىز ئاجراشمايمەن...

پەرىشتىدەك دادا، پەرىشتىدەك قىز...

بىر ئىنسان ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بەخت، بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ۋاپا، ساداقەت نېسىپ بولارمىدى؟

※ ※ ※

ئايال كىشى ئۆزگەرسە نېمانچە تېز ئۆزگىرىدىغاندۇ؟ ئۇنىڭدىكى مۇلايىملىق، رايىشلىق، ئىتائەتمەنلىكتىن ئەسەرمۇ قالمىدى. باللار بىلەنمۇ كارى يوق، ئۆي ئىشلىرى تۇگۇل، كۇندە ئېتىدىغان ئىككى ۋاقلىق تاماقمۇ خۇشياقماس بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۇچۇن قىلغان سۆزلىرىم، يېقىنچىلىقلىرىم، ئۇنى خۇش قىلماقتا يوق، ئەكسىچە ئۇغىسىنى قايىنىتىۋەتتى. كۇندىن ـ كۇنگە سوغۇقلىشىپ، هۇرۇنلىشىپ كېتىۋاتقان، هەممە نەرسىگە پەرۋاسىز، ئۆچمەنلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتقان ئايالىمغا قاراپ نېمە قىلىشىمنى بىلمەيلا قالدىم. ئۇنىڭدىكى ئاياللىق نازاكەت، ئىشچانلىقلار بارا ـ بارا يوقىلىۋاتاتتى، بىزدىن قەدەممۇقەدەم يىراقلاشماقتا ئىدى. مىجەزىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ سالامەتلىكى تېخىمۇ ناچارلىشىپ بېرىۋاتاتتى. كېچىچە ئۇخلىغىنىنىڭ تايىنى يوق، ئاللىنېمىلەرنى دەپ جۆيلۈيدىغان، ھەتتا ئۇشتۇمتۇت ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرىدىغان، چاچلىرى چۇۋۇلغان، يۇزلىرى ئىسسىلغان، پۇتكۇل تۇرقىدىن روهسىزلىق، چۇشكۇنلۇك چىقىپ تۇرغان هالەتتە ئۆيلەرنى ئەرۋاهلاردەك ئايلىنىپ يۇرىدىغان ئادەتنى چىقىرىۋالدى. بەزىدە بولسا كۆكسىنى سوغۇق شامالغا توغرىلاپ، ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىۋاتقانلىقىنى، ئىچىدە قانداقتۇر دەرد ـ ئەلەمنىڭ كۆچىيىۋاتقانلىقىنى بىلىپ ئاستا ئورنۇمدىن

تۇرۇپ، مۇرىلىرىدىن قۇچاقلىغىنىمچە جايىغا ياتقۇزۇپ قويىمەن. چاچلىرىنى سىلاپ مېھرىبانلىق بىلەن:

— نېمانچە ئۆزۈڭنى قىيناپسەن؟ سالامەتلىكىڭنى ئاسرا! ئۆزۈڭگە ئىچىڭ ئاغرىسۇن، — دەپ تەسەللى بېرىمەن.

ئۇ بولسا كۆزلىرىمگە تىكىلىپ، كۆچىيىپ كېتىۋاتقان ئۆچمەنلىكى، نەپرىتى بىلەن: «نېمە بولغىنىمنى بىلمەيۋاتامسەن؟ مېنىڭ ماڭغان، تۇرغان، ياتقان، قوپقانلىرىمنىڭ سەن بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوق ئىدىغۇ؟ سەن قاچاندىن بېرى مېنى ئويلاپ قالدىڭ؟ قاچاندىن بېرى غېمىمنى يەپ قالدىڭ؟ قاچاندىن بېرى ماڭا كۆيۈنىدىغان بولۇۋالدىڭ؟ سېنىڭ بۇ ساختا كۆيۈمچانلىقىڭ، ساختا مېھرىبانلىقىڭغا مېنى ئىشىنىدۇ دەمسەن؟ ھازىرقىدەك ھالغا چۈشۈپ قېلىشىمغا پۈتۈنلەي سەن سەۋەبچى ئەمەسمۇ؟...» دەۋەتقاندەك مېنى سوتلايدۇ. ئاندىن توختىماي ئۆھسىنىدۇ. بېشى ياستۇقتا بولسىمۇ، نېمىلەرنىدۇر ئىزدىگەندەك ئەتراپىغا تەلمۈرىدۇ. كېچىچە يارىلانغان يىلاندەك تولغىنىپ چىقىدۇ.

كېچىكىپ ھوشۇمنى تاپقان بولسامىمۇ، ئۆزۈمنىڭ بىر تىيىنغا ئالغۇسىز ئوسال ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىمنى بىلمىگۈدەك دەرىجىدە ئەمەسمەن. ئۇنىڭغا ھەددىدىن زىيادە ئىشىنىپ كەتكەچكە، بەكمۇ بىپەرۋالىق قىلغانىكەنمەن. ماڭا ئوخشاش ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان ئەر كىشى نېمە قىلالايدۇ؟ نېمە قىلالىشى مۇمكىن؟

يىرتقۇچلاردەك ھۆركىرەپ، ئۇنى دەسسەپ يېقىتسام ياكى بويىنىدىن تۇتۇپلا چۇجىنىڭ بويىنىنى ئۈزۈۋەتكەندەك

ئۇزۇۋەتسەملا ئىش تۈگەيدۇ. ئوغۇللىرىمنى تارتىۋېلىپ، تالاق قىلىۋېتىپ، ئۆيدىن قوغلىۋەتسەمۇ بولىدۇ. لېكىن، پۈتۈن ئاھانەت، پۈتۈن خورلۇق ئوغۇللىرىمغا كېلىدۇ، ئۇلار پەسكەش ئانىنىڭ بالىسى سۈپىتىدە ئۆمۈر بويى باش كۆتۈرەلمەي، بويىنىنى قىسىپ كۈن ئۆتكۈزسە بولىدۇ. ئۇ پەرىشتىدەك ئىككى ئوغلۇمنىڭ ئانىسى، ئۇنى قوغلىۋەتسەم، قويۇۋەتسەم، روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن پۈتۈنلەي ۋەيران بولىدۇ. بۇ زەربىلەر ئۇنى ھەر جەھەتتىن تۈگەشتۈرۈۋېتىشى، ھەتتا ئۇ ئۆلۈم يولىنى تاللىۋېلىشى مۇمكىن. بۇلارنى دېمىگەندىمۇ، ئۇنىڭ قىلمىشلىرى ئاشكارىلىنىپ كەتسە ياكى كوچىغا چىقىپلا كەتسە، «پالانىنىڭ قىزى، پۇستانىنىڭ خوتۇنى پالانى يەرلەردە يۈرىدۇ» دېسە، بۇ ئىش ماڭا ھازىرقىدىنمۇ ئېغىر كەلمەمدۇ؟ تۇنجى ھاقارەت كالتىكى ماڭا كېلىپ ئۇرۇلىدۇ. ئۇ چاغدا مېنىڭ يۈزۈم يەر بىلەن يەكسان بولۇپلا قالماي، مېنىڭ ئائىلەمنىڭ، پۈتۈن جەمەتىمىزنىڭ نام ـ ئابرۇيىمۇ تۈگىشىدۇ. شۇڭا، مەن سەۋر قىلاي، بەرداشلىق بېرەي.

ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمىدىم. كەچ قالغانلىقى، بەزى كۈنلىرى خىزمەت ۋاقتىدىمۇ ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن سوراقمۇ تارتمىدىم. جەڭگى ـ جېدەلمۇ قىلمىدىم. ھېچ ئىشنى سەزمىگەن قىياپەتتە ئۇنى ئاستىرتىن نازارەت قىلىشقا باشلىدىم. يەنە بىر جەھەتتىن ئۇنى تەسىرلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۆيدىكى بۇزۇلغان، چۇۋۇلغان نەرسىلەرنى بىر ـ بىرلەپ ئوڭشاپ قويدۇم. ئەتە ـ ئاخشىمى ئۆيلەرنى تازىلايدىغان، تاماق ئېتىپ قويىدىغان، يېڭى توي قىلغان چاغدىكىدەك

ئىدارىسى ئالدىدا ساقلايدىغان، كەچقۇرۇنلىرى مەجبۇرلاپ دېگۇدەك باغچىلارنى، كوچىلارنى ئايلاندۇرىدىغان، ئۇنى - بۇنى ئېلىپ بېرىدىغان بولدۇم. ئۇ سەل - پەل يۇمشىغاندەك، ئوڭايسىزلانغاندەك، ھەتتا نېمىگىدۇر قاتتىق ئازابلانغاندەك، پۇشايمان قىلغاندەك بولدى، لېكىن...

ئۇ بۇگۇن كەچكىچە ئۆيگە كەلمىدى، تېلېفونمۇ ئۇرۇپ قويمىدى. ئىككى بالىنىڭ ئانىسى بولغان ئادەم ئۇن - تىنسىز غايىب بولسا... قارىغاندا، ئۇ مەندىن ئۆچ ئېلىۋاتقاندەك قىلاتتى. دەسلەپ ئادەمگەرچىلىك سورۇنغا كەتتىمكىن دەپتىمەن. كېيىن چوڭ ئۆيگە، ئاكا - ئاچىلىرىنىڭ ئۆيىگە تېلېفون قىلىپ ئەھۋال سورىغان بولدۇم. لېكىن: «خوتۇنۇم يوقاپ كەتتى، كۆردۈڭلارمۇ؟» دېيەلمىدىم. دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر ئىش بولمىسا كېرەك. ئۆيگە كىرمىگەن خوتۇننى نەدىن ئىزدەيمەن؟ كىمدىن سورايمەن؟ غەزىپىم قايناپ تاشتى. كۇنداشلىقتىن ئېلىشىپ قالايلا دېدىم. ئۇ كىم بىلەن نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەندۇ؟ نېمىشقا مېنى، ئۆزىنى ئايىمايدۇ؟... يېرىلىپ كېتەيلا دېدىم، ھېلىغىچە يوق، چاچلىرىمنى چاڭگاللاپ، مىڭ تۈرلۈك گۇمان، ئەندىشە، ئۆچمەنلىك، ھەسرەت، پۇشايمان ئىچىدە ئۆزۈمنى ئۆزۈم جازالىماقچىمەن... مېنىڭ ساق ۋاقتىمدىكى پەرۋاسىزلىقىم، مەست بولۇپ قالغان چاغدىكى يولسىزلىقلىرىم ئۇنىڭ جېنىغا پاتقان، تۈرمۇشىدىكى، خىزمىتىدىكى بارلىق كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ، ئوڭۇشسىزلىقلارنىڭ مەنبەسىنى مەندىن ئىزدىگەن، مەندىن قۇتۇلۇش، ھېچنېمىگە قارىماي، ئادا - جۇدا

بولۇش ئۈچۈن ئاخىر بۇ يولنى تاللىۋالغان ھاياتىدىكى ھەممە نەرسىنى دوغا تىككەندى. مېنى ئىختىيارسىز تىترەك بېسىپ كەتتى. بۇ مېنى تىرىك تۇرۇپلا ئۆلسۇن دېگەنلىك بولماي نېمە؟ يولسىزلىقىمنىڭ، ئەخلاقسىزلىقىمنىڭ جازاسىنى تارتتىم، يەتكۈچە تارتتىم. غۇرۇرۇم، ۋىجدانىم يەرگە ئۇرۇلدى، ھەيۋەم پەسەيدى. ئائىلەمنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىم پۈتۈنلەي بەربات بولدى. ئۇ بولسا ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي پاتقاقتا بېشىچىلاپ ياتماقتا ئىدى... ئائىلىمىز ئۈچۈن قورقۇنچلۇق ئاپەتكە، بالا - قازاغا ئايلىنىۋاتقان بۇ خوتۇننى قىيما - چىيما قىلىۋەتسەممۇ دەردىم چىقمايتتى، ئوتقا تاشلاپ مىڭ يىللاپ كۆيدۈرسەممۇ ئازلىق قىلاتتى. ئۇدۇل تامدىكى ئەينەككە قاراپ چۆچۈپ كەتتىم. چىرايىمنى پۈتۈنلەي ھەسرەت - نادامەت، غەزەپ - نەپرەت، پۇشايمان قاپلىغان، چاچلىرى ئاقارغان، كۆزلىرىدىن خۇنۇكلۈك، چۈشكۈنلۈك، ئازاب چىقىپ تۇرغان بىر ئەر بوشاشقان، ھارغان جىسمىنى ئاران كۆتۈرۈپ تۇراتتى. قەدىرىيە ئۈچۈن — بۇ بالاخور، يولسىز خوتۇن ئۈچۈن، قىلمىش - ئەتمىشلىرى ئۈچۈن ھەسسىلەپ زەھەر يۇتۇۋاتقان مۇدھىش كېچىدە ئۇنى نېمىشقىدۇر ئىچ - ئىچىمدىن ياخشى كۆرۈپ قېلىۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلماقتا ئىدىم. مەن دۈشمەنلىك نەزىرىم بىلەن قاڭغىر قاقشاتقان، ئەمدىلىكتە ئاداشقان بۇ خوتۇننى ھېچقاچان بۇ كېچىدىكىدەك ياخشى كۆرۈپ باقمىغان، ھېچقاچان بۇ ئاخشامقىدەك چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن سېغىنىپ باقمىغانىدىم.

چوڭ يولنى نەچچە ئايلىنىپ كەلدىم، نەچچە دوقمۇشتا ساقلاپ باقتىم، ئۇ بۈگۈن كېچە ئۆيگە قايتىدىغاندەك ئەمەس. بىردىنلا شارقىراپ يامغۇر قۇيۇۋەتتى. ماگىزىنلارنىڭ لەمپىلىرى ئاستىدا سائەتلەپ تۇرۇپ باقتىم، ھېچ دېرىكى يوق. ئامالسىز ئۆيگە ياندىم، دەھشەتلىك ئويلار مېڭەمنى پارتلىتىۋېتەي دېدى. خاپىلىق، كۈنداشلىق، غەزەپتىن بوغۇلۇپ كېتەي دېگەندە، ئۇنى ساقلاپ كۆزلىرىم تېشىلەي دېگەندە، ئۆيدىكى تېلېفون سايرىدى.

— ئاكا، سىز نەدە؟— دىلمۇراتنىڭ سوغۇق، قوپال ئاۋازى ئاڭلاندى، يۈرىكىم قارتتىدە قىلىپ قالدى. ئۇنىڭ ئەنسىز، قوپال ئاۋازىدىن قانداقتۇر ئېغىر بىر خاپىلىق، دەرد ـ ھەسرەتنىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى.

— ئۆيدە...

— ئاچامچۇ؟ ئۇ ئۆيدە يوق، شۇنداقمۇ؟

— ......

— سىز قاچان كەلدىڭىز؟

— ئىشتىن چۈشۈپلا كەلگەن،— دېمىم كېسىلگەن، يېرىلىپ كېتەيلا دېگەندىم.

— نېمە قىلىۋاتىسىز؟

— ئولتۇردۇم شۇ.

— بەك بەلەن قىپسىز، خاتىرجەم ئولتۇرۇۋېرىڭ! ھەرگىز ئەنسىرىمەڭ.

قېيىنئىنىمنىڭ تەنىسى جان ـ پىنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى. «خەپ، سەنلەردىن قۇتۇلۇپلا كېتەيچۇ زادى. بۇنداق ئوسال ھالەتتە ياشىغاندىن ئۆلگىنىم ئەۋزەل ئەمەسمۇ؟ بۇ ئائىلىدىكىلەر گەپىنىمۇ، ئىشىنىمۇ...

ئىشقىلىپ، ھەممىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىدىغان، ياپتا گەپ بىلەن جاننى ئالىدىغان ئۆلگۈرلەر...»

قاراڭغۇ كېچە، پۈتكۈل تەبىئەت ئۇيقۇغا كەتكەن. پەقەت مەنلا ئويغاق، سىقىلىش، بوغۇلۇشتىن ئۆلۈپ قالاي دېگەنىدىم. بىردىنلا پەلەمپەيدىن يېنىك ئاياغ تىۋىشى ۋە شۇنداق بەخىرامان ھالدا ئالىلىقانداق ئاھاڭلارغا غىڭشىۋاتقان ئاۋاز ئاڭلاندى. پۈتۈن بەدىنىم تىكەنلىشىپ، يۈرىكىم توختاپ قالغاندەك بولدى. «بۇ ئاياللىمنىڭ تىۋىشى، چوقۇم شۇ.» مەن ئىشىك ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردىم ـ دە، ئۇنىڭ كىرىشىنى مۇدھىش سوغۇقلۇق ئىچىدە ساقلاپ تۇردۇم. قەدرىيە ئىشىكنى ناھايىتى ئەستە ئېچىپ دەڭدەڭشىگىنىچە كىرىپ كەلدى. ئۇ ئون سەككىز ياشلىق كەپسىز قىزلاردەك ئوتلۇق بىر نەزەردە كۆزلىرىمگە تىكىلىپ شوخلۇق بىلەن كۈلۈپ تۇراتتى. بىر خىل غەلىتىلىكنى ھېس قىلىشقا ئۈلگۈرمەيلا، بۇرنۇمغا ئۆتكۈر بىر پۇراق ئۇرۇلدى. ئۇ تامامەن مەست ھالەتتە ئىدى...

ھوشۇمنى يوقىتىپ قويغۇدەك دەرىجىدە غەزەپلەنگەنىدىم. ئۇنى ئىشىك تۈۋىدىلا ئۇرۇپ ياتقۇزۇۋېتىشتىن ئۆزۈمنى تەستە تۇتۇۋالدىم. قوللىرىدىن تارتقۇشلىغانچە ھۇجرىغا كىرگۈزۈۋەتتىم ـ دە، ئىشىكنى جاققىدە ياپتىم. ئۇنىڭ بىرنېمىلەرنى دەپ غودۇڭشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم، ئاندىن بېرىپ ئوغۇللىرىمنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكىنى ئەتتىم. ئارقىدىن ھۇجرىغا كىرىپ ئىشىكنى مەھكەم ياپقاندىن كېيىن چىراغنى يورۇتتۇم. ئۇ بىر بۇلۇڭدا تۈگۈلۈپ يېتىۋالغانىدى. جالاقلاپ تىترەپ تۇرغىنىمغا قارىماي،

مۇرىلىرىدىن سىلىكىپ ئولتۇرغۇردۇم، ئاندىن بارلىق نەپرىتىمنى كۆزلىرىمگە يىغىپ ئەلەم بىلەن:

— هاراق ئىچىپسەن، كىم بىلەن ئىچتىڭ؟ نېمىشقا ئىچتىڭ؟ دېگىنە، ئايال كىشىمۇ هاراق ئىچەمدۇ؟ — دەپ سوراققا تارتىشقا باشلىدىم. بۇ رەھىمسىز خوتۇن خۇددى هېچ ئىش بولمىغاندەك، كۆزلىرىمگە هاياسىزلىق بىلەن تىكىلدى، ھەتتا كۈلۈپمۇ قويدى.

— ئىچتىم، نېمە بوپتۇ؟ بىزنىڭ بۇ دەۋردە هاراق ئىچىش، ئاشنا ئويناش، قىمار ئويناش قانچىلىك ئىشتى؟ ئۇ بىر مەدەنىي دەۋرنىڭ، باياشات تۇرمۇشنىڭ ئىپادىسىغۇ... سەن بەك ئەخمەق ئىكەنسەن، بەكلا ئەخمەق. مۇشۇ ئىشقىمۇ شۇنچىۋالا خاپا بولۇش كېتەمدۇ؟...

ئۇنىڭغا قاراپ باشلىرىم قايتىدىن زىڭىلداپ ئاغرىشقا باشلىدى. ئالدىمدىكى بۇ بىھايا ۋە ۋاپاسىز ئايالنىڭ كاچاتلىرىغا ئۇرۇپ ــ ئۇرۇۋەتكۈم، ئاجىز بەدىنىنى دەسسەپ ــ چەيلەپ، خىمىرغا ئايلاندۇرۇۋەتكۈم كېلەتتى. ئەمما، ئۇنى هېچ نەرسە قىلالمىدىم. ۋۇجۇدۇمدىكى بارلىق نەرسىلەر يوقىلىپ، ئەتراپىم چۆلدەرەپ قالغاندەك ئىدى.

— بوپتۇ، مېنىڭدىنمۇ نومۇس قىلما، ئەمما ئاتا ــ ئاناڭدىن، ئۇرۇق ــ تۇغقانلىرىڭدىن نومۇس قىلمامسەن؟ ئائىلەڭنىڭ ئابرۇيىچۇ؟ — يولدىن ئازغان، ئەمما تامامەن تۈگىشىپ كەتمىگەن بۇ ئايالغا قاراپ ئىچ ــ ئىچىمدىن بوغۇلۇپ كېتىۋاتاتتىم.

ئۇنىڭ چىرايىنى شۇ هامان غەمكىنلىك قاپلىدى. كۆزلىرى ياشقا تولدى. ئۇ تويۇقسىز ئالىقانلىرىنى كەڭ ئېچىپ قوللىرىنى سوزدى.

— ئاتا – ئانام ماڭا نېمە قىلىپ بەردى؟ سەندەك بىر ئەسكىگە مەجبۇرىي تۇتۇپ بەردىغۇ؟ باشقىلارنىڭ ئاتا – ئانىسىدەك مېنىمۇ ياماнلىغىلى قويغان، ئاجراشتۇرۇۋالىمىز دەپ بېسىم ئىشلەتكەن بولسا، سەن مېنى شۇنچىۋالا بوزەك قىلالامتىڭ؟... — ئۇ مەن ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان كۈچلۈك بىر نەپرەت بىلەن قارىدى، — ئاتا – ئانىمىش تېخى، قۇرۇپ كەتسۇن، ئۇنداق مېھرىبانلىق، مېنى ئاچچىق يۇتۇپ ئۆلسۇن دېدى ئۇلار، ئۆلسەم ئۆلدۈم، سەن بىر ئاسماندىن چۈشكەن كۆك مۇنچاق، مەن يەردىكى ئەسكى، مەينەت لاتىمىدىم؟... مېنى نېمانچە بوزەك قىلىسەن؟ نېمانچە قىينايسەن؟ ئەر دېگەن يوغان نەرسىمۇ؟ سەن قانچىلىك نېمىتىڭ؟... بۇنداق ياشىغاندىن ئۆلۈپلا تۈگەشكەن ياخشى. ۋاقتى كەلگەندە... جاجىسى ئۆلۈم... ئۆلسەمغۇ ھەممە دەرد – ئەلەمدىن قۇتۇلۇپ كېتەرمەن؟!

ئۇنىڭ شەپقەتسىزلىكى، رەھىمسىزلىكى شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، بۇنىڭدىن قۇلاقلىرىم ۋىڭىلداپ، تېنىم جۇغۇلداپ كەتتى. خۇددى يوقاتقۇدەك غالجىرلاشقان، بوغۇلغان، سىقىلغان، ھەسرەتلەنگەن ھالدا ۋارقىرىدىم، ئەمما ئاۋازىم ئۆزۈمگە ئارانلا ئاڭلاندى:

— سەن نېمە بولدۇڭ؟ نېمانچە ئۆزگىرىپ كەتتىڭ؟ ھاراقنى كىم بىلەن ئىچتىڭ؟ ئېيتە، ئېيتمىساڭ ھازىرلا بوغۇزلىۋېتىمەن... سەن نومۇسسىز...

ئۇ سۆزۈمنى چۈشەنمىگەندەك، باشلىرىمغا، لەۋلىرىمگە، چىرايىمغا، مۈرىلىرىمنى سىلكىشلەۋاتقان قوللىرىمغا ئۇزاقىچە تىكىلدى. ئۇنىڭ خامۇشلۇقى تارقاپ، سەل سەگەكلەشكەندەك بولدى.

— نېمە دېمەكچىسەن؟ مەقسىتىڭ نېمە؟

— ھەي، مەن سېنى نېمىشقا ھاراق ئىچتىڭ؟ كىم بىلەن ئىچتىڭ دەۋاتىمەن؟ ھېلى بىكار...

ئۇ بىردىنلا ئەسەبىيلەشتى. كۆزلىرىنى ئالايتىپ، تولىمۇ يۈزسىزلىك ۋە يولسىزلىق بىلەن ۋارقىرىدى:

— ئىچسەم نېمە بوپتۇ؟ سەن ئون نەچچە يىل ئارزۇلاپ - ئارمانلاپ ئىچكەن نەرسىنى مەن بىر قېتىم ئىچسەم بولمامدىكەن؟ مېنى قورقىتىمەن دەپ خام خىيال قىلما. مەن پاك، ھالال، گۈلدەك چاغلىرىمدىمۇ سېنىڭ ئەتىۋارلىشىڭغا ئېرىشەلمىگەنىدىم. ھازىر مەن تۆيۈق يولغا كىرىپ بولدۇم. ئەمدى مېنى ھېچكىم قۇتقۇزالمايدۇ... ئايىغىنى سالغان ئادەم سۇغا كىرىشتىن، پاتقاق كېچىشتىن قورقامدۇ؟ بۇ ئۆي، بۇ تۇرمۇش ماڭىلا لازىممىتى؟ بالا مېنىڭلا بالاممىتى؟ مەنمۇ ئەمدى ياشاشنى خالىمايمەن، بىلەمسەن؟ مەن ئاللىقاچان تۈگەشتىم، لېكىن سەن بىلمەيسەن، ھېچنېمىنى بىلمەيسەن... ھەتتا ئىشتانلىرىڭغا سىيىپ قويغىنىڭنىمۇ بىلمەيدىغان تۇرساڭ... سەن ھاراقكەش، ئىپلاس...

ئۇرماسلىقتا ئامالىم بولمىدى. ئاغزى - بۇرنىنى بىر قولۇم بىلەن مەھكەم بېسىۋېلىپ، تىزلاپ تۇرۇپ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە سېلىۋەردىم. توختىماي ھاسىرايتتىم، كۆزلىرىمدىن تۆكۈلگەن ياشنىڭ ھېسابى يوق ئىدى. پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى مىسلىسىز ئاچچىق پۇشايمان، ئۆكۈنۈش، جىنايەت تۇيغۇسى قاپلىدى. ئۆزۈمنى كەچۈرەلمەيتتىم، مەڭگۈ كەچۈرەلمەيتتىم، ئۇنى تېخىمۇ شۇنداق...

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتى. نېمە ئىشلار يۈز بەردى، ئېسىمدە يوق. بىر كەمدە ئېسىمگە كەلسەم، ئۇ قورسىقىنى چاڭگاللاپ، قار ـ يامغۇر يىغلاپ، يۇمىلاپ كېتىپتۇ... ھۇجرا ئۆيىنىڭ گىلىمى، كىيىم ـ كېچەكلىرى، پاقالچاقلىرى چىلىق ـ چىلىق قان...

ئوقتەك ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنى يۆلىدىم. ئۇنىڭ چىرايى ھەددىدىن زىيادە سارغىيىپ، لەۋلىرىدە قان دىدارى يوق... ئۇ نۇرسىز كۆزلىرى بىلەن كۆزلىرىمگە تىكىلىپ مەنىستىمىگەن ھالدا كۈلۈپ قويدى. بۇ خوتۇنغا ھېچ نەرسە كار قىلمايتتى. ئۇنىڭغا قاراپ ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى. قورقۇپمۇ كەتتىم، يۈرىكىم قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك دەھشەتلىك سوقاتتى. ئۇنىڭ بەدەنلىرى مۇزلاپ كەتكەندەك قىلاتتى. قارا باسقاندەك ئېسەنگىرەپ سورىدىم:

ــ نېمە بولدى؟ نېمانچە كۆپ قان بۇ؟...

ــ بويۇمدىن ئاجراپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ...

ــ نېمە، قورسىقىڭدا قالغانمىتى؟... ــ بۇ سوئالىم ئۇچۇن ئۆزۈمنى مىڭ قېتىم بوغۇزلىۋەتسەممۇ كەملىك قىلاتتى. بۇ سوئالىم ئۇچۇن مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلدىم. ئۇنىڭغا قارىمىغىلى نەچچە ئاي بولغان تۇرسا... پۇت ـ قولۇمدا جان قالمىدى، ئەمدى نېمە ئامال؟ ئىش بۇ ھالغا يەتكەندە كېسەلنى ئەزرائىلنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇشتىن باشقا چارە يوق ئىدى...

ــ بىلمەيمەن... بولالمىدىم، ۋايجان، ئاتا ـ ئانامغا خەۋەر قىلىڭلار، تېزرەك!...

ئۇنىڭ يىغا ئارىلاش ۋارقىراپ ـ جارقىراشلىرىدىن پۈتۈن ئۆي لەرزىگە كەلدى. ئوغۇللىرىم يۈگۈرۈپ

چىقىشتى. ئۇدۇل قوشنامنى چاقىردۇق. ئۇ تۇل خوتۇن ئىدى. قەدرىيەنىڭ كىيىملىرىنى «هە ـ هۇ» دېيىشىپ ئالماشتۇردۇق. باللارنى قوشنامغا تاپشۇرۇپ، ئۇنى كۆتۈرگىنىمچە سىرتقا چاپتىم.

ماشىنا ئاستا، بەكمۇ ئاستا مېڭىۋاتقاندەك قىلاتتى. يۈرىكىم رىتىمسىز دۈپۈلدىمەكتە ئىدى. شوپۇرنى تىنىماي ئالدىرىتاتتىم.

ــ ئەڭ تېز سۈرئەتتە كېتىۋاتىمەن، ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، هازىرلا يېتىپ بارىمىز...

ئەجەل بارغانسېرى يېقىنلاشماقتا. قولاشمىغان هالەتتە قۇچىقىمدا سوزۇلۇپ ياتقان ۋاپاسىز باش پۈتۈنلەي چىلىق ـ چىلىق تەرلەپ بارغانسېرى ئېغىرلاشماقتا، پۈتۈن ئەزاسى جاقىلداپ تىترىمەكتە. ئىگرىماقتا... دوختۇرخانىغىمۇ كەلدۇق. هوشسىز تەننى قۇچاقلىغىنىمچە جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە ئۆزۈمنى ئاتتىم...

※ ※ ※

دوختۇرلار قەدرىيەنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قۇتقۇزۇشقا تىرىشتى. ئۇ هەپتىنىڭياقى توختىماي قىزاتتى، كېچىچە جۆيلۈپ چىقاتتى، خېلى كۆپ تىرىشچانلىقلاردىن كېيىن ئۇنىڭ قىزىتمىسى ئاستا ـ ئاستا چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇ ئاخىر كۆزىنى ئاچتى، ئۇ تۇنجى كۆزىنى ئاچقاندا هېچكىمنى تونۇمىدى. بىز چۈشەنمەيدىغان سۆزلەرنى قىلىپ جۆيلۈيتتى. بىردەم كۈلەتتى، بىردەم يىغلايتتى، ئۇنىڭغا قاراپ ئىچىم باشقىچە سىيرىلىپ كەتكەندى.

قبېىنئاتا ـ قبېىنئانام، قبرىنداشلىرى چىش يېرىپ بىرنەرسە دېمىگەن بولسىمۇ، ياشاڭغىرىغان، نۇرغۇن سوئالغا تولغان كۆزلىرى بىلەن ماڭا: «بۇ نېمە ئىش، قىزىمىز قانداقلارچە بۇ ھالغا چۈشۈپ قالدى؟» دېگەندەك تىكىلىپ تۇرۇپ كېتىشەتتى. بۇ چاغدا مەن ئۆزۈمنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالاتتىم، بېشىمنى گۇناھكارلارچە ئېگىشكە مەجبۇر بولاتتىم...

بىرقانچە ھەپتە ئۆتتى. ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرىدىغان بولدى. ئۇ ئەمدى بىر ئېغىز گەپمۇ قىلماي، چوڭقۇر ئويغا چۆكۈپ، سائەتلەپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. ئۇ مېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇمنى سەزمىگەندەك قىلاتتى. ئىككىيلەن قېيىداپ قالغان كىچىك بالىغا ئوخشاش ھېچنېمە دېيىشمىدۇق، بىر ـ بىرىمىزگە كۆڭۈلمۇ قويمىدۇق. تاپا ـ تەنىمۇ قىلىشمىدۇق. ئۇ زىيادە كۆپ قان يوقاتقاچقا، يولىنمۇ ئاۋايلاپ ماڭاتتى. گەپ قىلغاندا ئاۋازى بوش، تىترەپ چىقاتتى. مېنىڭ ئالدىمدا ئۆزىنى پەس ساناپ، نومۇس قىلىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپمۇ قارىيالمايتتى. ئۇنى چوڭ ئۆيدىن ئەكېتىدىغان چاغدا بەكمۇ جاھىللىق قىلىپ:

ـــ ئەمدى سىنىڭ ۋە بالىلارنىڭ يۈزىگە قاراش مەن ئۈچۈن ئۆلۈم بىلەن باراۋەر. بىزنىڭ بىر ئۆيدە تۇرۇش ئىمكانىيىتىمىز قالمىدى. ئۆزۈڭلا قايتىپ كەتكىن!ـــ دەپ تۇرۇۋالدى.

كاللامدىكى زىددىيەتلىك خىياللار پەسكويغا چۈشمىگەن بولسىمۇ، بالىلار ۋە چوڭلارنىڭ ئالدىدا ھېچ نەرسىنى چاندۇرمىدىم. پەقەت سەۋرچانلىق بىلەن مۇلايىم ئاۋازدا:

ــ قالغان گەپنى ئۆيگە بارغاندا دېيىشەيلى، ماقۇلمۇ؟ــ دېدىم. قەدرىيە ئامالسىز ماڭا ئەگەشتى. ئۇنى ئۆيگە قايتۇرۇپ كەلگەن تۈنجى كۈنى ئولتۇرغان يېرىدە نەچچە سائەتلەپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ چىرايىدىن بىر خىل مىسكىنلىك چىقىپ تۇراتتى. باللارغىمۇ گەپ قىلمايتتى. بۇنىڭدىن بەكلا بىئارام بولساممۇ، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئازابلارنى بىر كۈندە ياكى بىرنەچچە كۈندىلا يوقىتىۋېتىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇنداق قىلىش قولۇمدىن كەلمەيتتى. قەدرىيەنى قۇتۇلدۇرۇش ئەمەس، ئۆزۈمنى قۇتۇلدۇرۇشقىمۇ قۇربىم يەتمەيتتى. ھاياتنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرى، ئىسسىق ـ سوغۇقلىرى مېنى ھېچقاچان مۇنداق قىينىمىغاندۇ دەيمەن. قانداقلا بولسۇن مەن بىر ئەر كىشى. شۇ كۈنى كەچتە ئۇنى قورۇنغان ھالەتتە باغرىمغا تارتتىم. ئۇ قارشىلىق قىلدى، كېيىن بويسۇندى. خۇددى باغرىمغا مەڭگۈلۈك سىڭىپ كىرىپ كەتمەكچى بولغاندەك، ھەممىنى ئۇنتۇپ مېنى قايتا ـ قايتا قۇچاقلايتتى. ئۇنىڭ تىترەپ تۇرغان ۋۇجۇدى مېنى مەست قىلاتتى. ئەمما، كۆكرەكلىرىمگە يامغۇردەك قۇيۇلۇۋاتقان ياشلار، كۇچلۇك ئىسسىدەش تۇپەيلى، تۇيۇقسىز ئەندىكىپ كەتتىم. ئۇنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ تەسەللى بەرمەكچى بولدۇم، ئەمما ئۇ تېخىمۇ تۇگۇلۇۋالدى. ئۇنىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆكسۈنۈپ، پۇچىلىنىپ، ھەسرەتلىنىپ، خۇددى بىر ئۆمۈر تۇرمۇشنىڭ دەرد ـ ھەسرىتىنى تارتقاندەك ئېزىلىپ ـ ئېزىلىپ يىغلاۋاتقان ھالىتى يۈرەك باغرىمنى ئۆرتەندۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭغا بەكمۇ ئىچىم ئاغرىدى. چاچلىرىنى، مۇرىلىرىنى سىلاپ تۇن كېچىگىچە

پۇشايمانلىرىمنى، ئۆكۈنۈشلىرىمنى، ۋىجدان ئازابىمنى، ئۇنى يۇتۇنلەي كەچۇرۇۋەتكەنلىكىمنى، ئۆتكەن ئىشلارنى يۈزىگە سالمايدىغانلىقىمنى... قۇلىقىغا قۇيۇۋەتتىم. ئۇنىڭدىن ئايرىلسام بۇ دۇنيادا ياشىيالمايدىغانلىقىمنى، ياشىغان ھالەتتىمۇ بەختلىك بولالمايدىغانلىقىمنىمۇ يۇرىتىپ ئۆتتۇم... ئايالىمنىڭ ئەندىشىلىرى توگىدى، ئىلھامبەخش ئەتكۈچى ھاياجانغا تولغان سۆزلىرىم ئۇنىڭ كۆڭلىنى يايرىتىۋەتتى. ئۇ چىن دىلىدىن ئېيتقۇسىز خۇشاللىققا تولۇپ، يۇرىكىنى يېرىپ بەرگۈدەك بولدى. بىز يېڭى تويى بولغان ئاشىق - مەشۇقلاردەك ئۇنتۇلغۇسىز بىر كېچىنى ئۆتكۈزدۇق. ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇس... بىزنىڭ بەختىمىزگە كۆز تەگكەندى... ئەڭ يامان بولغىنى، ئېغىزغا ئالغىلى بولمايدىغان رەسۋاچىلىق... نېمىدېگەن ئازابلىق كۇنلەر، ئۇيقۇسىز تۇنلەر... كۆزۈمنى يۇمسام زومچاق - زومچاق قەبرىلەر، قاپقاراڭغۇ، نەم گۆرلەر، چىرىپ كەتكەن تاۋۇت ۋە ئادەمنىڭ پارچە - پارچە ئىسكىلىتلىرى، يېڭىلا كۆمۈلگەن جەسەتلەر ئەتراپىمنى چۆرىدەپ توختىماي ئايلىنىپ، ۋۇجۇدۇمنى ئاجايىپ قورقۇنچلۇق ۋەھىمە چۇلغىۋالدۇ. پۇتۇن ئەزايىم تەرگە چۆمۈلۇپ، تاڭ ئاتقۇچە كىرپىك قاقماي چىقىمەن. ئەزرائىل بىلەن مۆكىمۆكىلەڭ ئويناۋاتقاندەك قورقۇنچ، ئەندىشە، ۋەھىمە ئىچىدە كۆرۈۋاتقان كۇنلىرىم ئادەم چىداپ تۇرغۇسىز ئىدى. گېلىمدىن تاماق ئۆتمەي، كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەي نەچچە ئايلار ئۇمىدسىزلىك ئىچىدە ياشىدىم، ئۆزۈمنى مۇشتلاپ، يەرگە تېپىپ قاتتىق پۇشايمان قىلدىم...

ئەسلىدە بۇرۇنلا مەن هامان بىر كۈنى مۇشۇ كۈنگە قالىدىغانلىقىمنى ئويلىشىم، بىلىشىم كېرەك ئىدى...

خاپىلىقىنىڭ، خورلۇقىنىڭ، چۈشكۈنلۈكىنىڭ، ئىزانىڭ دەستىدىن ئۆلۈپ كەتمىدىم، يەنە ياشىدىم. ماشىنا ئادەمدەك ھەرىكەتلىنىپ تۇردۇم. خوتۇنۇمنىمۇ، بالىلىرىمنىمۇ باقتىم، خىزمەتمۇ قىلدىم. يەنە تېخى زورمۇزور كۈلۈپ يۈردۈم. قەدرىيەنىڭ ئاز ئۇچرايدىغان سۆيۈملۈك، ئوماق چىرايى، يىغىدىن قىزارغان، تېخىمۇ ئوتلۇق، خۇمارلىق بولۇپ كەتكەن شەھلا كۆزلىرى... مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ ياشىيالمايتتىم. «ئۇ مېنىڭ يۈرەك پارەم، بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىمدا ئۇنى خۇشال قىلسام قىلىمەنكى، ھەرگىزمۇ قايغۇ ـ ھەسرەتكە قويمايمەن...» دەپ قەسەم قىلغانىدىم.

قەدرىيەنىڭ بويىدىن ئاجرىغان كۈنى سەھەردە، رۇخسەت سوراش ئۇچۇن يېقىن بۇرادىرىم ھەم باشلىقىم مەردانغا تېلېفون قىلدىم. تېلېفون ئۇلاندى، ئەمما زادىلا ئالمىدى. «بىر ئىشلارغا ناھايىتى ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدىغان دوستىمىزنىڭ نېمە قىلغىنىدۇ بۇ» دەپ ئاغرىندىم. ئۆيىگە قايتا ـ قايتا تېلېفون قىلدىم. تېلېفوننى ئالىدىغان ئادەم يوق ئىدى. ئۇنىڭ بىشەم، ھازازۇل، يولسىزلىقتا ئۇچىغا چىققان، يا ئۆي تۇتۇپ خاتىرجەم ياشىمايدىغان، يا ئاجرىشىپ كېتىشكە ئۇنىمايدىغان، ھە دېسە ئېرىنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىنى، بويۇنلىرىنى تىرناق يارىسىغا كۆمۈۋېتىدىغان ئايالى بار ئىدى. ھەر قېتىم ئۇنىڭ ئۆيىدە مۇشۇنداق جەڭگى ـ جېدەل بولغاندا، ئۇ تېلېفون ئالمايتتى. بۈگۈنمۇ شۇنداق بولغانمىدۇ؟...

تۆيۇقسىز يان تېلېفونۇم ئەنسىز سايراپ كەتتى. تېلېفوننى بىر ئىشخانىدا ئىشلەيدىغان خىزمەتدىشىم ئۇرغانىكەن.

— ۋەي، سەن نەدە؟

— دوختۇرخانىدا، نېمە ئىش بولدى؟

— مەردان مۇدىرنى باشقىلار ئۇرۇپ چالا ئۆلۈك قىلىۋېتىپتۇ...

— قاچان؟ نېمە سەۋەبتىن؟ — مەن ھەيرانلىقتا تولۇقلىۋەتتىم.

— ئاخشام شەھەرگە كىرىپتىكەن. نەگە بارغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن. پۇتۇن بەدىنى قانغا بويالغان يەردىن تېپىلىپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلىپتۇ. ھېلىمۇ تەلىيى باركەن، ۋاقتىدا بايقىلىپتۇ، بولمىسا... ئۇ ھازىر دوختۇرخانىدا جىددىي قۇتقۇزۇلىۋاتىدۇ. ئۆلۈمدىن قۇتۇلغان بىلەن ئەھۋالى بەك ئوسال. ھازىر ئوپېراتسىيەگە ئەكىرمەكچى، كېلەلەمسەن؟

— بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنىپتىمۇ؟

— ياق، كۇسىرىدىن باشقا كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ ھەممىسى سالدۇرۇۋېتىلىپ، يولنىڭ چېتىگە تاشلاپ قويۇپتۇ، ھەتتا يېنىدىكى يان تېلېفونىنىمۇ چىقىلماپتۇ.

— يېنىدا ھېچكىم يوقمىكەن؟ ئىچىپتىكەنمۇ؟

— يېنىدا ھېچكىم يوقكەن، ھاراق ئىچكەن ئوخشايدۇ، كېلەلەمسەن؟...

— ھە... ياق، بارالماسلىقىم مۇمكىن، — تۆيۇقسىز يۈرىكىم سىلىپ كەتتى، — ئۆزى يالغۇز نەگە بارغان بولغىيتتى؟...

— قالغىنىنى خۇدا بىلىدۇ. كىيىم - كېچەكلىرى

سالدۇرۇۋېتىلگەندىكىن، چوقۇم ئىشقۇۋازلىققا چېتىلىدۇ... ئىشىڭنى تۈگىتىپلا بۇ يەرگە كەلگىن. ساقچىلارمۇ ئۇنى ـ بۇنى سوراپ ئەھۋال ئىگىلەپ يۈرىدۇ. ئاغىنە، خىزمەتداش بولغاندىكىن خەتەر ئۆتۈپ كەتكۈچە بېشىدا تۇرايلى...

— ماقۇل...

پۇت ـ قولۇمدا جان قالمىدى. ئۆزۈمنىڭ گۇماندىن ئۆزۈم قورقۇپ كەتتىم. تېلېفوننى بېسىۋېتىپ ياتاققا يۈگۈردۈم. ئايالىمنىڭ تۇغقانلىرى ياتاقتا يېغىپ كەتكەندى. سوئال ـ سوراقنىڭ كۆپلۈكىدىن كىمگە، نېمە دېيىشىمنى بىلمەي قالدىم. ئاخشامنىڭكىياقى خاپىلىق، ئازاب، جىددىيچىلىك، ئەنسىزلىك، قورقۇنچىنىڭ دەستىدىن ئۆلەر ھالەتكە كېلىپ قالغانىدىم. قېيىنئانامنىڭ:

— ئوغلۇم، سىز بەك چارچاپ كەتتىڭىز، ئۆيگە بېرىپ بالىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغاچ ئارام ئېلىۋېلىڭ، كەچ تەرەپتە كېلەرسىز، — دېگەن سۆزىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك ئۆزۈمنى سىرتقا ئاتتىم. نەچچە كۈندىن بېرى ئويلىغان، ئەمما پېيتىنالمايۋاتقان ئىشنى ئورۇنلاش ئۈچۈن تېلېگراف شىركىتىگە يۈگۈردۈم...

قولۇمدا تالون، تالوندىكى تەكرار ـ تەكرار ئۇرۇلغان تونۇش نومۇرلار...

مۇنۇ پەسكەش، نومۇسسىز سولىياۋ «دەللال» قاچان پەيدا بولىدى؟ شۇنىڭدىن بېرى بالا ـ قازا كۆپەيدى. بولۇپمۇ، بىر ـ بىرىنى ئىزدەيدىغان، دىدارلىشىدىغانلارنىڭ سۈرئىتى تېزلەشتى. ئىنساب يوقالدى، ھايا يوقالدى... ئاھ خۇدا، بۇ خورلۇقلارغا قانداق چىدايمەن؟! ئۆلۈم

بىلەنمۇ پاكلانمايدىغان بۇ مۇناسىۋەتكە، بۇ خىل شەپقەتسىزلىككە قانداق بەرداشلىق بېرىمەن؟
ھاۋا بەكمۇ ساپ، قۇياش چوغدەك پارلاپ تۇراتتى. لېكىن، مېنىڭ روھىم پۇتۇنلەي ئۆلگەنىدى. مېنىڭ ئەڭ يېقىن ئادەملىرىم بىرلىشىپ ماڭا ئورا كولىغان، ئارقىمدىن يۈرىكىمگە ئەجەللىك خەنجەر ئۇرغانىدى. «ياتنىڭ ياندىن، تۇغقاننىڭ جاندىن ئۆتىدۇ» دېگۈچىلەر نېمىدېگەن توغرا ئېيتقان ـ ھە...
يېرىم يىل، توپتوغرا يېرىم يىل... توختىماستىن تېلېفون قىلىشلار، زېرىكمەي قەلب ئىزھار قىلىشلار... تالوندىكى سان ـ سېپىرلار... نېمىدېگەن كۆپ، سۆزلىشىش ۋاقتى نېمىدېگەن ئۇزۇن... بىر قېتىم كىچىك ئوغلۇم نارازى بولغان ھالدا ئاغزىنى ئۇمچەيتىپ: «ئانام تېلېفوندا سائەتلەپ ـ سائەتلەپ سۆزلىشىۋاتىدۇ. بىز بىلەن مۇڭداشقىلى چولىسى تەگمەيدۇ» دېگەندە، ئانىسى ئاددىيلا قىلىپ: «ئاتا ـ ئانام ياشقا چوڭىيىپ قالدى. سىلەرنى باقىمەن، كۆتىمەن دەپ پات ـ پات يوقلىيالمايمەن. شۇڭا، تېلېفوندا بولسىمۇ ھېكايە سۆزلىمەمدىمەن؟ يەنە ئالتە تۇغقىنىم بىلەنمۇ تېلېفوندا كۆرۈشۈپ تۇرىمەن، داداڭلارنىڭ ئۆيىدىكىلىرىدىن ئەھۋال سوراشمۇ مېنىڭ ۋەزىپەم. داداڭلار ئاتا ـ ئانىسىغا، تۇغقانلىرىغا تېلېفون قىلىشقىمۇ قىرىق ئەمەسمۇ؟...»
ئۇنىڭ تېلېفون ئۇرۇش ئارقىلىق يېقىن ـ يورۇقلىرىدىن ئەھۋال سورايدىغانلىقى، تېلېفوندا ھېكايە سۆزلەيدىغانلىقى، تېلېفون ئارقىلىق ھەممە ئادەمنى خۇش قىلىدىغانلىقىمۇ راست. لېكىن، بۇ قېتىم

ھېكايىنى ئايالىم ئەمەس، باشقىلار ئېيتقان، ئېيتقاندىمۇ كۆندە ئېيتقان. كۆندە نەچچە رەت، ھەتتا بىر كۆندە ئون نەچچە قېتىم تېلېفون ئۇرغان ۋاقىتمۇ بولغان... ئاھ خۇدا! بۇ كۆنلەرنى زادى قانداق ئۆتكۈزگەندىمەن؟ بۇ قەدەر سەۋر ـ تاقەت ۋە چىدام ئاتا قىلغىنىڭغا رەھمەت ئېيتىشىم كېرەكمۇ ياكى ئۆكۈنۈشۈم كېرەكمۇ؟

قانداقچە سارالڭ بولۇپ قالمىغىنىمغا، ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالمىغىنىمغا ياكى كىمنىدۇر ئۆلتۈرۈۋەتمەي، جىمجىت، ئۆلۈكتەك ياشاۋاتقىنىمغا ھەيران بولىمەن...

نەچچە ھەپتە ئۆتۈپ، قەدرىيە بىر ئاز ياخشى بولغاندىن كېيىن ئاغىنىلەرنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن مەردانىنى يوقلاپ باردىم. بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە ئۇ ئۆزە بولالايدىغاندەك، بىزنى تونۇيالايدىغاندەك قىلمايتتى... ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىشقىمۇ قادىر بولالمىدىم. ئەكسىچە، يوقلاشقا مەجبۇر بولدۇم. يۈرىكىمنى ئاچچىق پۇشايمان، خورلۇق، ھەسرەت ئوتلىرى كۆيدۈرمەكتە. تېخى ئۇ يەردىن يېنىپ مۇھەببىتىمنى دەپسەندە قىلغان، غۇرۇرۇم، ئىززەت ـ ھۆرمىتىم بىلەن ئويناشقان ئايالنى كۆرگىلى كېتىۋاتىمەن.

كەچ كىردى. ئۇنىڭسىزمۇ كۆڭلۈمگە قاراڭغۇلۇق تىقىلغىلى تۇرغاندەك. بىر ماڭدام، بىر ماڭدامدىن چامداپ كېتىۋاتىمەن. كۆزلىرىم تورلاشقان، تامىقىم قۇرۇغان، پۇت ـ قوللىرىم ئېغىرلاشقان، بوشاشقان نەپسىم قىسىلغان، باشلىرىم قېيىۋاتقان ھالەتتە ياتاققا كەلدىم. قېيىنئانام يۈگۈرگەن ھالدا ئالدىمغا كېلىپ قوللىرىمغا ئېسىلدى:

ــ ئوغلۇم، نېمە بولدى؟ چىرايىڭىز بەكلا تاتىرىپ

كېتىپتۇ. يىقىلىپ چۈشەيلا دەۋاتامسىز، نېمە؟ كۆڭلىڭىزنى ئۇنچە يېرىم قىلماڭ. نەچچە ئايلىق ھامىلىگە شۇنچىۋالا قايغۇرغان بارمۇ؟ ھەر ئىككىڭلار ياش بولغاندىكىن قايتىدىن باللىق بولساڭلار بولمىدىمۇ؟...

«ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» قىلىپ دىلمۇراتنىڭ مېيىقىدا مەسخىرىلىك كۈلكىسىنى نېمە دەي ئەمدى؟... پۇتۇنلەي خامۇش ھالدا ئىدىم. ئولتۇرۇشۇمنى، يا بىرەرىدىن ئەھۋال سورىشىمنى بىلمەي ياغاچتەك قېتىپ تۇرۇپ قالغانىدىم.

يوغان بارماقلىرى بىلەن ئاچىسىنىڭ چاچلىرىنى كەينىگە تاراپ، نازۇك بارماقلىرىنى ئوينىاپ ئولتۇرغان دىلمۇرات نېمىنىدۇر دېمەكچى بولغاندەك، ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىمغا كەلدى. ئۇنىڭ قاراشلىرىغا پەرۋا قىلماي تۇرۇۋەردىم. ئۇ ئالدىمغا كەلگىنىگە پۇشايمان قىلغاندەك، توغرىسى ماڭا گەپ قىلىشنى خالىمىغاندەك ئۆز جايىغا كېلىپ ئولتۇردى. كىچىك بالىنىڭ يۈزلىرىنى سىلىغاندەك ئاچىسىنىڭ يۈزلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ تولىمۇ ۋەزنىلىك قىلىپ:

— كۆڭلۈڭنى بۇزما، ئاچا، نېمىشقا يىغلايسەن؟ مەنلا بولىدىكەنمەن، مەنلا ھايات بولىدىكەنمەن، ھېچكىم سېنى بوزەك قىلالمايدۇ. ھەممە ئىش ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى ساڭا ھېچكىم چېقىلالمايدۇ... ئايال كىشىدە نېمە گۇناھ؟ سەندە نېمە گۇناھ؟... ھەممە گۇناھ خوتۇنىغا ئىگە بولمىغان لايغەزەل، بىلى بوش گۇيلاردا... باشقىلارنىڭ پېيىدە يۈرىدىغان نامەرد خۇمسىلاردا. قۇشقاچ جېنىدا ئۆز ئۇۋىسىنى، بالىلىرىنى قوغداپ، ئۇنىڭ پېيىدىلا

يۇردۇ... يىغلىما، بولدى قىل، ساڭا ھېچ ئىش بولمايدۇ. بىز تۇرۇپ نېمىشقا يىغلايسەن؟ سېنىڭ كۆزۈڭدىن ياش چىقسا مەن چىدىيالمايمەن. ساقايساڭلا قالغان ئىشنىڭ كارى چاغلىق... — دېدى.

ئۇ ئاچىسىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى، ئاندىن ئامراقلىق بىلەن بىلەكلىرىنى مۇجۇپ قويغاندىن كېيىن ئېغىر تىنغىنىچە ئارقىسىغىمۇ قارىماي چىقىپ كەتتى. قەدرىيە كۆزلىرىنى مەھكەم يۇمۇۋالغان، قېيىنئانام قايناق سۇ ئالغىلى چىقىپ كەتكەنىدى. يىقىلىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن چەتتىكى كارىۋاتنىڭ گىرۋىكىنى ئاستىلا تۇتۇپ ئولتۇرۇۋالدىم.

كېچىچە تاياق يەپ، پۇت ـ قوللىرىم چېقىلىپ كەتكەن، گۆشلىرىم تىتما ـ تالاڭ بولۇپ كەتكەن ھالەتتىمۇ بۇنچىۋالا ئېغىر جاراھەتلەنمىگەن، ھەربىر ھۈجەيرىلىرىم، ھەربىر تامچە قېنىمغىچە بۇنچىۋالا ئاغرىمىغان بولاتتى... بۇنداق ئەھۋالدا مەن كىمگە، قانداق گۇناھ قويالايمەن؟ پۈتۈنلەي نابۇت قىلىنغان ئەرلىك غۇرۇرۇم، ئەرلىك ئىززەت ـ ھۆرمىتىم، ۋەيران بولغان ھاياتىم ئۈچۈن كىمدىن، قايسى يوسۇندا قىساس ئالالايمەن؟ بۈگۈندىن باشلاپ ئەڭ يارامسىز، ئەڭ ئاجىز، ئەڭ گۇناھكار ئادەمگە ئايلانغانىدىم... ئۆزۈمنى بىراقلا قىرىپ كەتكەندەك، ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغاندەك ھېس قىلماقتا ئىدىم. ئەتراپىمدىكى ھەممە نەرسە، ھەممىلا ئادەم مېنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك، زاڭلىق قىلىۋاتقاندەك، مازاق قىلىپ كۈلۈۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى...

كۈنلەر بىر قېلىپتا ئۆتۈۋاتاتتى. مەن ناتوغرا يولدا ماڭغاندا خىش قېلىپىدىن چىقىپ كەتكەن، توغرا يولدا

ماڭغاندا بولسا ئەڭ ئېغىر جازا بېشىمغا كەلمەكتە ئىدى. دىلمۇرات قولغا ئېلىندى. ئەمما، نەچچە كۈن ئىچىدىلا قويۇپ بېرىلدى. ئۇنى تۇتۇپ تۇرۇشقا يېتەرلىك پاكىت تاپالمىغان، باش دەۋاگەرمۇ ئۇنى تونۇيدىغانلىقىنى ئىنكار قىلغانىدى. ئۇ بۇرۇنقىدەك، ھەممە ئىشلىرى ئوڭ كەلگەن، ئەركە بايۋەچچىلەردەك مەغرۇر ھەم خۇشال ھالدا بىزگە ياردەم قىلىپ ئۆتتۇۋاتاتتى. پۈتۈن دۇنيا ئۆزىگىلا تەئەللۇقتەك ياشاۋاتاتتى. ئۇ شۇ كېچىدە يۈز بەرگەن تىراگىدىيە ھەققىدە ھېچكىمگە قايتا ئېغىز ئاچمىدى. ئاچىسىغا بولغان مۇھەببىتىمۇ قىلچە سۇسلاشمىدى. ئۇ ھەقىقىي بىر ئەركەك ئىدى. ئۆزى ياخشى كۆرگەن نەرسە ئۈچۈن جېنىنى ئايىمايتتى، ئۆچ كۆرگەن نەرسىسىنى جەزمەن يوق قىلاتتى. ماكان، زامان، شارائىت، قانۇن... ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيتتى. ئۆزى قەدىرلىگەن، ئىخلاس قىلغان ئەقىدىسى ئۈچۈن قانچىلىك زىيان تارتىسىمۇ ئۆكۈنمەيتتى. ئۇ ھەممىمىز ئۈچۈن قىساس ئالغان، ئائىلىنىڭ شان ــ شۆھرىتىنى، نومۇسىنى قوغداپلا قالماستىن، بۇ ئارقىلىق ماڭا ــ ھاۋايى ــ ھەۋەس، شۆھرەتپەرەسلىك تۈپەيلى خارابلاشقان، ئۆلگەن روھىمغا قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەن، ئاچىسىغىمۇ ئەجەللىك ئاگاھلاندۇرۇش ئوكۇلى ئۇرغانىدى. ئۆزۈمنىڭ ئۇ ئائىلىگە مۇناسىپ كۈيئوغۇل ئەمەسلىكىمنى، مەڭگۈ ئۇلارنى دوراپمۇ قاملاشتۇرالمايدىغانلىقىمنى، ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىمنى، ئۆزۈمنىڭ ئايالىمنىڭ ئېرى بولۇشقا لايىق ئەمەسلىكىمنى ئىسپاتلاشقا بۇنىڭدىن ئارتۇق نېمە لازىم؟... رېئاللىقتىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇشقا

ئۈرۈنۈپ باقتىم. مۇمكىن بولمىدى. بىز ياشايدىغاننى بىرەر قۇر ياشاپ بولغان. ئەمدى پەرزەنتلىرىمىز ئۈچۈن ياشايدىغان، پەرزەنتلىرىمىز ئۈچۈن بەدەل تۆلەيدىغان ياشقا بېرىپ بولغانىدۇق. قەدرىيەنى ئويلاش مېنى ئازابلايتتى، لېكىن مەن بۇ ئازابلارغا كۆنۈك ئىدىم.

ئادەم بولۇش ئۈچۈن كۆپ ئۆزگەردىم. يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن قول ئۈزدۈم. ئائىلەم ئۈچۈن، ئايالىم، باللىرىم ئۈچۈن ھاياتىمنى قۇربان قىلىشقىمۇ رازى ئىدىم. بىزنىڭ سەۋەنلىكىمىزنى مۇھەببەتكە سەۋدايىلەرچە ئىنتىلىش بىلەن ياشلىق بەگباشلىق كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى.

ئايالىمنىڭ ھەسرەتكە، ئوڭۇشسىزلىققا، قايغۇ ـ ئەلەمگە تولغان يۈرىكىنى ئىللىتىش ئۈچۈن قولۇمدىن كەلگەننىڭ ھەممىسىنى قىلدىم. مەن ئۇنىڭ پاك، ساپ، ئەڭ پاكىز ھېسسىياتقا ئىگە ۋاقتىنى كۆپرەك ئويلاشقا تىرىشتىم. بەختلىك ھەم خاتىرجەم ياشاش ئىستىكىدە ئوت بولۇپ كۆيدۈم. ماڭغان يولۇم پۈشايمانغا، ھەسرەتكە تۇتاشقان يول بولسىمۇ، ئەمدىلا ئوتتۇرا ياشقا بارغىنىم ئۈچۈن ئۈمىدلىك، غەيرەتلىك ئىدىم، ئۈمىدىم زور ئىدى. جەزمەن غەلىبە قىلىمەن دەپ ئويلايتتىم. ئەمما، ئارزۇيۇمغا پۈتۈنلەي زىت ھالدا بەخت مەندىن تامامەن يىراقلاشماقتا ئىدى. تەلەي ـ ئامەت دېگەنلەر ئۈچقاندەك قاچماقتا. تولىمۇ نەس باسقان بىر كۈنى، قەدرىيە پەشتاقتىن چىقىپ كېتىۋېتىپ ئارقىسىغا ئۈچۈپ كەتتى. شۇ چاغدا ئۆيدە ئىدىم. ئۇنى دەرھال دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردىم. ئۇنىڭ جىسمىنى داۋالاتقان بىلەن روھىنى داۋالىتالمىدۇق. بۇ قېتىم مېڭىسى

ئوبدانلا زەخىم يېگەنىدى. ئۇنىڭسىزمۇ كېيىنكى ئازغۇنلۇقتا ئۆتكەن تۇرمۇش ئۇنى تېخىمۇ چارچاتقان، روھىي ئالىمىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ بىراقلا ھالسىراتقانىدى. ئۇنىڭ قان ـ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن ئېتىقاد، ئىمان، ئەخلاق، ھايا، ئار ـ نومۇس قاراشلىرىنى ئۆزگەرتەلمىدۇق. ئۇ بەرنا قامىتى، مۇلايىم لاتاپىتى ۋە جەلپكارلىقى بىلەن ھەممىنى بويسۇندۇرىدىغانىدەك كۆرۈنسىمۇ، روھى قېتىپ، قورۇلۇپ، يىگلەپ ئارانلا قالغانىدى. مېنىڭ مېھرىبانلىقلىرىم، كۆيۈنۈشلىرىمنىڭ، تىرىشچانلىقلىرىمنىڭ، سىلاپ ـ سىيپاشلىرىمنىڭ، باغرىمنى كەڭ ئېچىشلىرىمنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ گۇناھكارلىق تۇيغۇسىنى قوزغاپ كۆزلىرىنى ياشلايتتى. نۇرغۇن كۆڭۈل سىرلىرىنى تۆككۈسى كېلەتتى. ئەمما، ھېچنېمە دېمەيتتى. كەينى ـ كەينىدىن ئاھ ئۇراتتى، سوئاللىرىمنى جاۋابسىز قالدۇراتتى. بەزىدە ھەتتا تولۇق سوقۇۋەتكەندەك، ئاخشام يۈزىگە سۈرتۈۋالغان قارىنى يۇيۇۋېتىشنى ئۇنتۇپ قالغاندەك، بۇ قارىنىڭ يۈزۈمگە، لەۋلىرىمگە يۇقۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك مېنى ئىتتىرىۋېتەتتى. بەزىدە بولسا ئاجايىپ ھودۇقۇپ كېتەتتى. قوللىرىمنى تۇتۇۋېلىپ ئۇزاققىچە قويۇپ بەرمەيتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ كۆزلىرىدە چۈشىنىپ بولمايدىغان غەلىتە ئۇچقۇنلارنىڭ چاقناپ ـ ئۆچكەنلىكىنى، پەقەت تاش يۈرەك ئادەملەردىلا بولىدىغان پەرۋاسىزلىق، ھەتتا كۆچلۈك ئەسەبىيلىكنىڭ شەپقەتسىز ئالامەتلىرىنى كۆرۈپ قالاتتىم...

شەھەر ئاتلاپ تەكشۈرتۈشلەرنىڭ، ساپ ھاۋالىق

جايلاردا ئارام ئالدۇرۇشىنىڭ، ئۈچ ۋاق تاماقتىن كۆپرەك ئىچىلىدىغان دورا، ئۇرۇلىدىغان ئوكۇللارنىڭ ئۇنۇمى بارغانسېرى كۈچىدىن قالدى. دىلمۇرات مەخسۇس تەكلىپ قىلىغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ پىسخىكىلىق داۋالىشىمۇ كار قىلمىدى. ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ قالالمايدىغانلىقىمىز، ئۇنىڭ روھىنىڭ جىسمىدىن بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتقانلىقى ھەممىمىزگە ئايان بولدى. ھەركىم ھەر خىل كۈلپەتكە، ھەر خىل ھەسرەتكە مۇپتىلا بولدى. ئۇنىڭ بۇرۇنقىدىنمۇ چىرايلىق، بۇرۇنقىدىنمۇ خىيالچان بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئېيتمايلا قوياي. ئۇنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىش ئۈچۈن، پۇل ئارقىلىق كېسەللىكنى تىزگىنلەپ تۇرۇشقا ئۇرۇنۇشتىن باشقا ھېچنېمىگە قادىر بولالمىدۇق. كېسەللىك ئاسارىتى كۈندىن ـ كۈنگە ئۇنى ئۆلۈمگە سۆرەۋاتقان، ئەقىل ـ پاراسەتتىن مەھرۇم قالدۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ شۇنچىلىك نازۇك، شۇنچىلىك سۆيۈملۈك ئىدى.

ئەمدى يەنە يېزىشىمنىڭ، ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەشنىڭ ھاجىتى بارمۇ؟ بارلىق بەختسىزلىك ۋە پاجىئەلەرگە مەن سەۋەبچى، پۈتۈنلەي مەن سەۋەبچى ئىدىم. ئاھ خۇدا، ماڭا گۇناھىمنى يۇيۇش پۇرسىتى، ئۇنىڭ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ، تۇغقانلىرىنىڭ، پەرزەنتلىرىمنىڭ ئالدىدىكى پۈتمەس ـ تۈگىمەس قەرزلىرىمنى قايتۇرۇش پۇرسىتى يەنە بىر قېتىم نېسىپ بولارمۇ؟...

ئەپسۇس، تۈگىدى، ھەممە ئىش تۈگىدى. ئاشۇ مۇدھىش «يامغۇرلۇق كېچە» مەندىن ھەممە نەرسىنى تارتىپ كەتتى. ھەممە نەرسىنى بۇلاپ كەتتى. ھەممە نەرسىنى يۇتۇپ كەتتى....

ئۆلۈكتەك غايىسىز، ئارزۇ ـ ئىستەكسىز، تەمكىن ۋە ياۋاش چىراي بىر بەندە ئۆتكەن يىللارنىڭ ئەرزىمەس ھاياجانلىرى، قەدىرلەنمىگەن بىھۇدە قۇربانلىقلىرى، شاۋقۇن ـ سۈرەنلىك سۆيگۈ ئىسيانلىرىنى ئەسلىمە قىلىپ، ئۆزى تىلەپ تاپقان «خاتىرجەم، بەختلىك تۇرمۇش»نىڭ «ھۇزۇرى»نى سۈرمەكتە. ئاھ خۇدا، ئىنسانىيەت دۇنياسىدا ياشاش، ياشىغاندىمۇ ئادەمدەك ياشاش نەقەدەر قىيىن، نەقەدەر مۇشكۇل ـ ھە!

## تۆتىنچى قىسىم

# خاتىمە

بۇ يازمىلار ــ ئانام بىلەن دادامنىڭ پاجىئەلىك تىراگېدىيەسىنىڭ گۇۋاھچىلىرى قەلبىمنى شۇنچىلىك لەرزىگە سالدىكى، يۈرىكىمگە ئاۋازسىز قامچا تەگكەندەك نەچچە كۈنگىچە ئېسىمگە كېلەلمىدىم. يىغلىدىم، قاقشىدىم، يەنە يىغلىدىم، يەنە قاقشىدىم. باشلىرىم قېيىپ، پۇت ـ قوللىرىم ماغدۇرسىزلاندى. تەگسىز بۇلاقتەك تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىمنىڭ ھېسابى يوق ئىدى. ئاخىر تەقدىرگە تەن بەرمەكتىن باشقا ئامالىم يوق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم. ئاستا ـ ئاستا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. ماڭا ئوخشاش بالىلىق دەۋرى مۇرەككەپ تېپىشماقتەك سىرلىق دۇنيادا ئۆتكەن بىر بەختسىز پەرزەنت ئۈچۈن بۇنىڭدىن ئارتۇق قىممەتلىك سوۋغا بولماس. قانداقلا بولسۇن مەن تەلەيلىك ئىدىم.

ۋاقىتنى ئارقىغا قايتۇرۇش، تارىختا ئايلانغان ئۆتمۈشنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن بولغان بولسا، دادام ئانامنى ئالدىمىغان، خورلىمىغان، ئۇنىڭ ئاياللىق، ئانىلىق ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى خالىغانچە ئاياغ ئاستى قىلمىغان؛ ئانامنى ئۆزى خالىمىغان يولدا مېڭىشقا مەجبۇرلىمىغان بولسا.... ھېچبولمىغاندا دادامنىڭ

قىلغان ـ ئەتكەنلىرىگە پۇشايمان قىلىپ نومۇسقا پېتىشى، توۋا قىلىشى، ياش ئاققۇزۇشى، يوقاتقان بەختىنى، قاچۇرۇپ قويغان ئۆمۈرلۈك ھەمراھىنى تېپىۋېلىش يولىدىكى ئىزدىنىشلىرى ئانامنىڭ نازۇك قەلبىگە يېتىپ بارالىغان، تەسەللى بېرەلىگەن، ھاياتلىق ئۇرۇقىنى چاچالىغان بولسا، ئانامۇ سان ـ ساناقسىز بەختلىك ئانىلار قاتارىدا ئېرى ۋە بالىلىرى بىلەن خۇشال ـ خۇرام ياشىغان، پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆمۈرلۈك توي ئىشىنى، بالىچاقىلىرىنى كۆرگەن، ئۇلارنىڭ تاتلىق باللىق مېھرىدىن بەھرىمەن بولۇپ ھازىرغىچە ياشىماسمىدى؟ ئانام بىلەن دادام بەختتە، خاتىرجەملىكتە ئېرىشىشكە پۈتۈنلەي ھەقلىق بولسىمۇ، ئۆز بەختىنى ئۆزلىرى نابۇت قىلغانىدى.

قەلبىم چەكسىز ھەسرەتكە تولغانىدى. تەگسىز سوئاللار نەپسىمنى بوغۇپ، ئىچىمنى سىقاتتى. ئانامنىڭ مۇھەببەتكە تەشنا قەلبى، دادامنىڭ ۋىجدان ئازابى، ياشنىپ قالغان چوڭ دادا ـ چوڭ ئانامنىڭ قىزىدىن ئايرىلىش ئەلىمى، بىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىز چەككەن ھەسرىتىمىزنىڭ ھەممىسى مېنى تەگسىز خىياللارغا سۆرەپ كىردى، ئەر ـ خوتۇنلۇق تۇرمۇش توغرىسىدا قايتا ئويلاندۇردى...

مەسئۇل مۇھەررىرى: قەلبىنۇر قادىر ئارسلان
مەسئۇل كوررېكتورى: ئىبادەت ياسىن
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچىلەر: ۋاڭ ياڭ
مۇراددىل ئابىد

Uni Göttingen 7
233 612 521
2014 A 17666
61

# يامغۇرلۇق كېچە

ئاپتورى: دىلبەر ھامۇت
نەشرىيات: شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي بېيجىڭ يولى 29 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830012
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
زاۋۇت: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
فورماتى: 1230×880 م م، 1/32
باسما تاۋىقى: 9
خەت سانى: 156 مىڭ
نەشرى: 2013 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2013 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
سانى: 1−12270
باھاسى: 23.00 يۈەن

2014 A
17666

定价：23.00元